www.uyghurweb.net

# «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» خام خىيالنىڭ بەربات بولۇشى

ئاپتورلىرى: ما داجېڭ    شۈ جيەنيىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر
2007- يىل

# كىرىش سۆز

«ئىككى پان» ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشىدىن قىسقا ئۆمۈرلۈك بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىغىچە، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇدا ئۇلغىيىشىغىچە بولغان جەريان 20 – ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى بىر پاراكەندىچىلىك جەريانى بولدى.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى 19 – ئەسىردە "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" (يەنى "ئىككى پان") ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى "ئىككى پان". تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى ۋە پايدىلىنىشى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىكى" ئىدىيىسى 20 – ئەسىرنىڭ 30 – 40 – يىللىرىدا پەيدىنپەي تۈپ نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. ئۇنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى: پانئىسلامىزملىق دىن قارشى، پانتۈركىزملىق مىللەت قارشى، "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى"دىن ئىبارەت دۆلەت قارشى، ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت قارشى، ئىدېئالىزملىق تارىخ قارشى ۋە ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي نەزەرىيىسى"دىن ئىبارەت كۆرەش يولىدۇر. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بەزى يېڭى تەركىبلەرگە ئىگە بولدى. ئۇ ئاساسلىقى پانئىسلامىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى بۆلگۈنچىلىك قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، تېررورلۇقنى سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلدى.

"شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تىكلەنگەندىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى تەدرىجىي شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە نەزەر سالغاندا، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1 – باسقۇچ: شەكىللىنىش باسقۇچى (20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 40 – يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە). تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك بۇ باسقۇچتا "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىۋى سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەندى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قۇترىتىشى، قوللىشى ئاستىدا، دۆلەت ئىچى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىمسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قىسقا مەزگىللىك "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنىنى ئويناپ، ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ۋە "شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى"نى قۇردى.

2- باسقۇچ: چەت ئەللەرگە كېڭىيىش باسقۇچى (1949 – 1989 – يىللار). يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى يۆلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلدى. دۆلەت ئىچىدە، مەيلى جەمئىيەتتە يۈرگەن ياكى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بولسۇن كۆپ قېتىملىق تازىلاش ۋەزەربە بېرىشتىن كېيىن، 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاساسىي جەھەتتىن خېلى تىنچىپ قالدى. ئەمما، چەت ئەللەردە قاچقىپ يۈرگەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تۈركىيە ۋە غەربىي ئاسىيادا نۇرغۇن تەشكىلاتلارنى شەكىللەندۈردى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىغا كەلگەندە، چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر دۆلەت ئىچىدىكى پەيدىنپەي بوشاشقان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن پايدىلىنىپ ئۇدا ئىش تۇغدۇردى.

3 - باسقۇچ: جىددىي يامراش باسقۇچى (1990 – 2001 – يىللار). 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىغا كەلگەندە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىچكى – تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. چېگرا سىرتىدا تۆت بۆلگۈنچى كۈچ، يەنى غەربىي ئاسىيادا ئەيسا گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن شەكىللەنگەن كۈچى، ياۋروپا – ئامېرىكىدا ئەركىن، ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتى، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇخلىسوف، غوجامبەردىيوف باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچى كۈچ، جەنۇبىي ئاسىيادا مەخسۇم باشچىلىقىدىكى زوراۋان تېرروررچى كۈچ شەكىللىنىپ، بۇ تۆت رايوننى چۆرىدەپ 60 نەچچە بۆلگۈنچى تەشكىلات ۋە ئاپپارات بارلىققا كەلدى. دۆلەت ئىچىدە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى جىددىي كېڭىيىپ، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن 2000 – يىلىغىچە ج خ تارماقلىرى شىنجاڭ رايونىدىن جەمئىي 457 بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە شايكىسىنى بىتچىت قىلدى. بۇ مەزگىلدە چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئەدىتىپ، جەمئىي 350 نەچچە قېتىم تېرروررلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تېرروررلۇقى خەلقئارادا تېرروررىزمغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

4 – باسقۇچ: يېڭىدىن بىرىكىش باسقۇچى (2001 – يىلدىن كېيىن). "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارادىكى تېرروررىزمغا قارشى كۈچلەر ئۇلغايدى، ئافغانىستاننى بېسىپ ياتقان، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلەرگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىن لادىن خەلقئارا تېرروررلۇق گۇرۇھى ئەجەللىك زەربە يېگەندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا, رۇسىيىنىڭ تېرروررلۇققا قارشى ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشى، شۇنداقلا دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. نەتىجىدە،

www.uyghurweb.net

ھەرقايسى رايونلاردىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار يىغىدىن تەرتىپكە سېلىنىش ۋە بىرىكىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى يەنىلا كۆزىتىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشتەك ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئاددىي خۇلاسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تىكلەنگەندىن كېيىن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بارلىققا كەلگەن ھەم پەيدىنپەي شىنجاڭنىڭ مۇقىمسىزلىقىنىڭ تۈپ مەنبەسىگە ئايلانغان. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك نەزەرىيىسى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى 100 نەچچە يىللىق تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ خەۋپ، ئۇنىڭ تۈپ نېگىزى دەل "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلىرىدۇر.

بۇ كىتابتا مۇشۇ ئېقىمنىڭ تەرەققىيات يولىنى تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ مەنبەسى، باش – ئاخىرى، يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇشۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە بىر ئاساسىي ماتېرىيال تەمىنلەپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، بۇ كىتابنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى ئەمەلىيەتتە يولداش ما داجېڭ باشچىلىق قىلغان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ زور تەتقىقات تۈرى – "ھازىرقى دەۋردىكى شىنجاڭنى تۇزەش ئۇستىدە تەتقىقات" نىڭ بىر كىچىك تېمىسىدۇر.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن كىتابتا خاتالىق، سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ناۋادا بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئازراق بولسىمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بولسا بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغان بولاتتۇق.

## 1 – باب
## "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمى

"ئىككى پان" – "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھەم ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىم، ھەم دىن بىلەن زىچ باغلانغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بولۇپ، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تەسىر پەيدا قىلغان. 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا "ئىككى پان" ئىدىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ بىر مەھەل قانۇنسىز، مەخپىي تارقىلىپ، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور

سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە زور خەۋپ كەلتۈرگەن.

## 1 – پاراگراف    كېلىپ چىقىشى

"پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئايرىم – ئايرىم ھالدا 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنى ۋە تۈركلەر ئەسلىدىن ھېچقانداق يېڭى ئۇقۇم ئەمەس. مەسىلە ئۇنىڭ "پان" ۋە "ئىزم" بولۇشىدا، ئالدىنقىسى ئۇنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ھەقىقەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان، كېيىنكىسى ئۇنى مودا سىياسىي نەزەرىيىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان.

### 1. "پانئىسلامىزم"نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

"پانئىسلامىزم" يەنە بۈيۈك ئىسلامىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنداقلا ئىسلام ئەللىرىگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىسلام دىنىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى تەكىتلەيدۇ. "پانئىسلامىزم" ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىلىرىنى تۇتقا قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مەنپەئەتى، ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىسلامىيەتنى قوغدىشى ھەم گۈللەندۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ داھىيسى خەلىپە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىسلام دۇنياسى قۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى تەكىتلەيدۇ. "پانئىسلامىزم" ئىسلام دىنى ھەممىگە ئورتاق دىن، مىللەت، ئىرق، تىل ۋە دۆلەت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ دەپ قارايدۇ.

كۈچلۈك سىياسىي نىشانى بار. "پانئىسلامىزم" سىياسىي جەھەتتە ئېنىق نىشانغا ئىگە، يەنى دۆلەت، مىللەت ۋە سىنىپتىن ھالقىغان ئىسلام دىنى سىياسىي گەۋدىسىنى قۇرۇشنى، خەلىپە دەۋرىدىكى سىياسىي، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقنى ھۆكۈمرانلىق ئۆلچىمى قىلىشنى، شۇنداقلا خەلىپە رەھبەرلىكىدە كۇپپارلارغا قارشى "غازات" قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە خەلىپە رەھبەرلىكىدىكى بىر ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىدىيىۋى ئاساسىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىدىكى "كۈللى مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر" دېگەن ساددا ئىدىيە "پانئىسلامىزم"نىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىدۇر. "پانئىسلامىزم"نىڭ بەرپاچىلىرى بۇ

www.uyghurweb.net

تەسرى چوڭقۇر دىنىي ئىدىيەدىن پايدىلىنىپ ھەم ئۇنى سىياسىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى سىياسىي ئىدىيىگە، يەنى دۆلەت، مىللەت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيانى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك دەيدىغان ئىدىيىگە كۆتۈرگەن.

تارىخىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، "پانئىسلامىزم"نى يەنە يېقىنقى زاماندىكى "پانئىسلامىزم" ۋە 20 – ئەسىرنىڭ 60 – 70 – يىللىرىدىن كېيىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن يېڭى "پانئىسلامىزم" دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ، يېڭى "پانئىسلامىزم" شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئىلگىرىكىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ خەلىپە رەھبەرلىكىدە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى تەكىتلىمەي، بەلكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ھەمكارلىشىشنى، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام شەرئىتىگە ئورتاق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا "ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش"نى بايراق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى كۈچى ۋە تەسىرىنى ئۇلغايتىپ، "ئىسلامنىڭ قايتا گۈللىنىشى"نى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە ئاخىرىدا "دۇنيا مۇسۇلمانلار ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇش"تۇر. بۇ يېڭى "پانئىسلامىزم" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ نۇرغۇن تارماقلىرى بولۇپ، "ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى"دىن تەرەققىي قىلغان ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى دەل ئۇنىڭ تىپىك تارمىقىدۇر. بۇنى بىز 5 – بابتا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## 2. "پانئىسلامىزم"نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

"پانئىسلامىزم" 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى.

(1) ئارقا كۆرۈنۈشى. "پانئىسلامىزم" ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرى دەل غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلى، شۇنداقلا كاپىتالىزمدىن جاھانگىرلىككە ئۆتۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. غەرب كاپىتالىزمى چەت ئەللەرگە سىياسىي، ھەربىي، سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ،دۇنيادىكى نۇرغۇن قالاق رايونلارنى، جۈملىدىن ئاسىيانى كېڭەيمىچىلىك نىشانى قىلغانىدى. ياۋروپاغا بىرقەدەر يېقىن بولغان غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق قاتارلىق جايلار غەربنىڭ سىياسىي جەھەتتە تىزگىنلىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زەربە بېرىشىگە قاتتىق ئۇچرىغان بولۇپ، ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئىران ۋە ئافغانىستانمۇ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغانىدى.

غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلامىيەتكە كۈچلۈك زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەندى، ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندى. جامالىدىن ئافغانىنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسى دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بارلىققا كەلدى.

(2) كېلىپ چىقىشى. "پانئىسلامىزم"نىڭ بەرپاچىسى ئافغانىستانلىق سەيد جامالىدىن ئافغانى بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ئۇ ئىران، ھىندىستان قاتارلىق كۆپلىگەن ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە يولۇققاندىن كېيىن ئۇ ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، تەدرىجىي ئۆزىنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسى ۋە سىياسىي تەشەببۇسىنى شەكىللەندۈردى. 1865 – يىلى ئۇ ئافغانىستاندا ۋەزىر بولدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. 1870 – يىلى ئۇ ئافغانىستاندىن ئايرىلىپ،ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئەللەرنى كېزىپ "پانئىسلامىزم"نى تارقىتىش ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ھىندىستان، مىسىر، ئوسمانلى تۈركىيىسى، ئىران، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى كېزىپ، "مىسىر گېزىتى"، "ئىتتىپاقلىق گېزىتى"، "سودا گېزىتى" قاتارلىق نەشر ئەفكارلىرىنى بەرپا قىلىپ، "ناتۇرالىزمغا رەددىيە" ( "ماتېرىيالىزمغا رەددىيە" مۇ دېيىلىدۇ)، "ئەنگلىيە ۋە ئافغانىستان"، "شەرق ھۆكۈمەتلىرى" قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى شەرھلەپ، "پانئىسلامىزم" نەزەرىيىسىنى تارقاتتى.

ئۇ دىنىي جەھەتتە بىر خۇداچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، "قۇرئان" ۋە پەيغەمبەرلا ھەقىقىي نوپۇزلۇقتۇر، تولۇق ھالدا "(قۇرئان) غا قايتىپ"، ئەنئەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىدئەتچىلىكنى يوقاتقاندىلا ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئۈمىد بولىدۇ دەپ قارىدى. ئىدىيىۋى جەھەتتە ئىسلام دىنىدىكى "كۈللى مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر" دېگەن ساددا ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ھەم ئۇنىڭغا سىياسىي تۈس بېرىپ، مۇسۇلمانلار يېقىنقى زامان بىلىملىرىگە، سىياسىيغا ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىگە پاسسىپ مۇئامىلە تۇتماسلىقى، بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان دۆلەت، مىللەتتىن ھالقىپ،ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىتىنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆلۈنۈپ كەتمەي، ئىدىيە ۋە كاپىتال ئالماشتۇرۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا ياردەملىشىشى، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا قوللىشى كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. سىياسىي جەھەتتە ئىسلام ئىتتىپاقى ياكى سىياسىي گەۋدىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ 1875 – يىلىلا بىر بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ روشەن شەرھلەپ، دەسلىپىدە مىسىرنى ئاساس قىلغان، سۇدان، ئىران ۋە ئوسمانلى تۈركىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، خەلىپە دەۋرىدىكى قاتتىق ئىسلام شەرئىتى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، كېيىن يەنە ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، مەنىۋى

جەھەتتە "قۇرئان"نى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، بىر ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسى مۇشۇ مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب جاھانگىرلىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىن قىستىشىغا بولغان غەيرىتى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغا ناھايىتى ماس كەلگەچكە، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىر داۋاسىغا ئايلىنىپ قالدى.

(3) شەكىللىنىشى. تۈركىيە سۇلتانى 16 – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۆزىنى "خەلىپە" دەپ ئاتىغان ھەم "بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ئۇلۇغ ھىمايىچىسى" دەۋالغان بولۇپ، گەرچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يەنىلا خېلى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ھالبۇكى، 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بىر مەھەل جاھانغا پاتماي قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىنىڭ زەربىسىدە بارا – بارا زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئورنىنى قايتا كۈچەيتىش ئەينى چاغدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانى ئابدۇلھەمىد 2 نىڭ غېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

1892 – يىلى، ئابدۇلھەمىد 2 جامالىدىن ئافغانىنى ئىستانبۇلغا كېلىپ "پانئىسلامىزم"نى تارقىتىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدا ئابدۇلھەمىد 2 جامالىدىن ئافغانىنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىش تەقدىرىدىن قۇتقۇزۇرماقچى بولدى. جامالىدىن ئافغانى بولسا ئابدۇلھەمىد 2 دىن پايدىلىنىپ "پانئىسلامىزم"نىڭ تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. ئوسمانلى تۈركىيىسى ئەمەلىيەتتە سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن ھاكىمىيەت بولۇپ، پادىشاھ سۈپىتىدە ئابدۇلھەمىد 2 ھەم ھۆكۈمەت باشلىقى (سۇلتان)، ھەم دىنىي داھىي (خەلىپە) ئىدى. ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ سۇلتانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئابدۇلھەمىد 2 نىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك شېرىن خىيالى بولۇپ، جامالىدىن ئافغانىنىڭ "پانئىسلامىزم"ى دەل ئۇنىڭ قارانىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان، ئۇنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا نەزەرىيىۋى ئاساس تەمىنلەپ بەرگەنىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئابدۇلھەمىد 2 جامالىدىن ئافغانىغا "شەيخۇلئىسلام" دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى كەڭ ئىمتىيازغا ئىگە قىلدى. جامالىدىن ئافغانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ "پانئىسلامىزم"نىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىنى بازارغا سېلىشنىڭ بىر ياخشى سورۇنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ "تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان ئىتتىپاقى قۇرۇش" تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى قۇرۇش، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىيەت ۋە مائارىپ تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش، پارلامېنت كېڭىشى تۈزۈمىنى ئورنىتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇن نەچچە يىل تەرغىب قىلىش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق ئاخىر "پانئىسلامىزم" مۇسۇلمانلار

دۇنياسىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، يېقىنقى زامان ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئايلاندى.

ۋەھالەنكى، بۇ جەرياندا "پانئىسلامىزم"نىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ دەسلەپكى مەقسىتىنىڭ تەتۈرسىچە بولۇپ قالدى. جامالىدىن ئافغانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تالان – تاراجىغا قارشى تۇرۇش، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قوغداش ھەم ئۇنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ يات دىندىكىلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت تارىخىي قارشى، دۆلەت، مىللەت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي قارشى فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە جاھانگىرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە "پانئىسلامىزم" مىللىي ماجىرالارنىڭ نېگىزىغا، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار بىلەن يات دىندىكىلەرنىڭ توقۇنۇشىنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن يات دىندىكىلەر ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىندى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1894 – يىلىلا 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەرمەن ئۆلتۈرۈلگەن، 3000 دىن ئارتۇق كەنت ۋەيران قىلىنغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدا "پانئىسلامىزم" ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئازغىنە ئىجابىيلىقىنىمۇ يوقىتىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

(4) تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى. 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يېڭى "پانئىسلامىزم" تەدرىجىي شەكىللەندى. "پانئىسلامىزم" بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا بىر مەھەل خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن 2 – دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇچە پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. ۋەھالەنكى 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پاكىستاندىكى ئىسلام تەشكىلاتى – "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئاتاقلىق دىنىي نەزەرىيىچىسى ئەكبەر يەنە "پانئىسلامىزم"نى تەشەببۇس قىلىپ دۇنيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ تەكلىپ بەزى ئەرەب ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىلدى. 1965 – يىلى 3 – قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلاپ، ئەرەب دۆلەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئىسلام دىنىنىڭ 3 – مۇقەددەس جايى ئېرۇسالىم قولدىن كېتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. بۇنداق ئەھۋالدا "پانئىسلامىزم" تېزلىكتە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. 1969 – يىلى ئىسلام دۇنياسىدىكى 3 – چوڭ مەسچىت دېيىلگەن ئاقسا مەسچىتى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسى قاتتىق تەۋرەپ كەتتى. ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تەدبىر تۈزۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش تەدرىجىي ئىسلام

www.uyghurweb.net

دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس جايىنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى دىنىي – سىياسىي كۈرەشكە ئۆزگەردى، بۇ تۈپ ئۆزگىرىش ئىدى. 1971 – يىلى ئىسلام ئەللىرى رەسمىي ھالدا "ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى"نى قۇردى. ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى بۇ دۇنياۋى ئىتتىپاق يېڭى "پانئىسلامىزم"نىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. بۇ تەشكىلات ئىسلام ئەللىرىنىڭ كەڭ ئېتىبارىغا ۋە تەشكىلاتىغا ئايلاندى. "پانئىسلامىزم"نىڭ يەنە ئىككى مۇھىم خەلقئارالىق ئەل ئارا تەشكىلاتى – "دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى" ۋە "ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى" بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە خەلقنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن تەشكىلات ۋە ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە پائالىيەت قىلدى ۋە سىڭىپ كىردى. بۇمۇ يېڭى "پانئىسلامىزم" ئىدىيىۋى ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللىنىش ۋە سىستېمىلىشىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى.

بۇ ئىدىيىۋى ئېقىمدا، سەيىد قۇتبىنىڭ "رەھنەما"سى پانئىسلامىزىم تەشكىلاتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تەلۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قورالى بولۇپ قالدى. سەيىد قۇتبى مىسىردىكى "پانئىسلامىزم" تەشكىلاتى – "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"نىڭ رەھبىرى، ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق "پانئىسلامىزم" مۇتەپەككۇرى ۋە نەزەرىيىچىسى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت مىسىر ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەت قىلغانلىقى، ھەتتا مىسىر زۇڭتۇڭىنى قەستلەشكە قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان، 1966 – يىلى مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندى، ئۇنىڭ تۈرمىدە يازغان "رەھنەما" ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ تەلۋە "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇ كىتابنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى مۇنۇلاردۇر: بىرىنچى، رېئاللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش. ئۇ ھازىرقى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا، كىشىلەرنىڭ قارىشى، ئېتىقادى، ئۆرپ – ئادىتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، قانۇنى، پەلسەپىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نادان ھالەتتە، دەپ قارىغان. ئىككىنچى، ھەقىقىي ئىسلام تەرتىپى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىش. ئۇ بۇنداق نادان ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەل "بۇلغانمىغان ھەم پۈتۈنلەي ئىسلامچە شەكىل ۋە ئۆلچەم بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش" دەپ قارىغان. ئۈچىنچى، "غازات"نى تەشەببۇس قىلىش. ئۇ يېڭى ئىسلام تەرتىپى ئورنىتىشتا چوقۇم ئالدى بىلەن ھازىرقى بارلىق غەيرىي ئىسلامچە تەرتىپنى يوقىتىش كېرەك، بۇنىڭ ۋاستىسى دەل "غازات قىلىش" دەپ قارىغان. قۇتبىنىڭ "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىگە نۇرغۇن تەلۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئېتىقاد قىلىپ، "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"دىن تەدرىجىي بىر قىسىم ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەشكىلاتلىرى يېتىشىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ھەم باشقا نۇرغۇن جايلاردا كۆپلىگەن تەلۋە "پانئىسلامىزم" تەشكىلاتلىرى ۋە كۈچلىرى بارلىققا كېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلدى.

بۇ تەشكىلاتلار ۋە كۈچلەر ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ هازىرقى سىياسىي تەرتىپىگە ئېغىر خەۋپ كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تېزلىكتە كېڭىيىپ هەم تەسىر كۆرسىتىپ، هازىرقى دۇنيانىڭ هەرقايسى ساهەلىرىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى.

## 3. "پانئىسلامىزم"نىڭ ئاساسىي ئالاهىدىلىكى

"پانئىسلامىزم"نىڭ يۈز نەچچە يىللىق تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالغاندا، بىز ئۇنىڭ ئافغانىستاندا پەيدا بولۇپ، ئوسمانلى تۈركىيىسىدە غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، گەرچە ئەگرى – توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، هازىر يەنە قايتىدىن جانلىنىپ دۇنياغا كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. "پانئىسلامىزم"نىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق زور هاياتىي كۈچى بار ؟ بۇ ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇهىم ئالاهىدىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

(1) قۇدرەتلىك دىنىي مەركەزگە ئىنتىلدۇرۇش كۈچى بار. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپاغا كېڭەيگەن ئەرەب ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغۇچە بولغان جەرياندا ئىزچىل هالدا مۇسۇلمانلارنى مەركەزگە ئىنتىلدۇرۇش رولىنى ئويناپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. "پانئىسلامىزم" ئىسلام دىنىنىڭ ئەلالىقىنى تەكىتلەيدىغان بولۇپ، مەيلى خەلىپىلىك دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىششى ۋە بىرلىككە كېلىشىنى تەكىتلىسۇن، ئۆزىنىڭ دىنىي نىشانىنى ئۆزگەرتمىگەن. دۆلەت، مىللەتتىن هالقىشنى، "مىللەت، ئىرق، تىل، دۆلەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقنى"، ئىسلام دىنىنىڭ هەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى قوغلىششتەك نەزەرىيە ئۇنى قۇدرەتلىك مەركەزگە ئىنتىلدۇرۇش كۈچىگە ئىگە قىلغان.

(2) خېلى زور ئىجتىمائىي ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى بار. "پانئىسلامىزم" بىر خىل دىنىي گۇللىنىش هەرىكىتى بولۇپ، غەرب دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىغا قارشى تۇرۇش، خەلىپىلىك دەۋرىدىكى قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى سېغىنىش، دىنىي ئەمەللەرنىڭ سۇسلىششى ۋە تۇرمۇشنىڭ دىنسىزلىششىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى بارغانسېرى ئىسلام دىنى بىلەن مەنىۋى هاياتنى، ئىسلام دىنى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سىياسىي، ئىقتىساد، ئېتىكا قاتارلىق ساهەلەرنى باغلاشنى تەكىتلەيدىغان قىلغان. بۇنداق ئىسلام ئەللىرى، مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك باغلاپ، بۈيۈك مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسى شەكىللەندۈرىدىغان تەشەببۇس ئۇنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا غايەت زور ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە قىلغان.

(3) كۆچلۈك سىياسىي قۇتراتقۇلۇقى بار. "پانئىسلامىزم" نىڭ سىياسىي نىشانى ئورتاق ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىدىكى بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمانلار گەۋدىسى قۇرۇش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يەنە مۇسۇلمانلار بىلەن كۇپپارلار (يات دىندىكىلەر) پەرقلەندۈرۈلىدۇ. گەرچە بۇ ئىدىيە يېقىنقى زاماندا كۆپ قېتىم زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان، بولۇپمۇ مەلۇم ھوقۇقۇقا ئېرىشىشنى ۋە مەلۇم مەقسەتكە يېتىشنى تەمە قىلىدىغان ئەسەبىي كۈچلەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ، يات دىندىكىلەرگە ھەم تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا كەلتۈرگەن نامراتلىقى، قالاقلىقى، نادانلىقى ۋە ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىب قىلىدىغان، "مۇسۇلمان قېرىنداشلار"نى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، يات دىندىكىلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. بۇنداق ئىسلام ئېتىقادى ئارقىلىق دوست — دۈشمەننى ئايرىيدىغان، ھەق — ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئاددىي ئۇسۇل ناھايىتى زور قۇتراتقۇلۇقا ئىگە بولغان.

(4) كۆچلۈك كېڭەيمىچىلىكى بار. "پانئىسلامىزم"نىڭ دىنىي جەھەتتە ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوغلىشىشى، سىياسىي جەھەتتە ئىسلام ئارقىلىق دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قوغلىشىشى ئۇنىڭ كۈچلۈك كېڭەيمىچىلىكىنى بەلگىلىگەن. ئۇ ئىسلام دۇنياسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن يات كۈچلەرنى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن سىياسىي، ئىقتىساد، ئېتىكا تەرتىپى ۋە مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنى يوق قىلىشنىلا ئەمەس، يەنە يات دىندىكىلەرنى يوقىتىشنى، ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىستەيدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنى كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە قىلغان. ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالغاندا، نۇرغۇن قوراللىق كۆرەشلەر، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى "پانئىسلامىزم" بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئىچكى ئۇرۇشلار، مىللىي بۆلۈنمىچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى "پانئىسلامىزم" بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

## 4. "پانتۈركىزم"نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

"پانتۈركىزم" يېقىنقى زاماندىكى بىر خىل بۇرژۇئا مىللىي شوۋىنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىدۇر. ئۇ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان پايدىلانغۇچىلار نۇرغۇن ناملارنى بەرگەن. مەسىلەن: "پانئوسمانىزم"، "تۇرانىزم"، "ئوغۇزىزم" دېگەندەك. ئۇنىڭ يەنە "كامالىزم"، "تۈركىزم"، "ئاناتولىزم" بىلەن مۇناسىۋىتى بار. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) "تۈرك مىللىتى"نى تەكىتلەيدۇ. ئۇ "تۈرك مىللىتى"نى ئىككى دائىرىگە ئايرىغان بولۇپ، بىرىنچىدىن، دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوخشاش

بىر مىللەتكە، يەنى تۈرك مىللىتىگە مەنسۇپ، ئىرق، قان سىستېمىسى ۋە ئولتۇراقلاشقان رايون تۈرك مىللىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، تۈرك مىللىتىگە زور تۆھپە قوشقانلار تۈركلەر، ئۆزىنى "تۈرك" دەيدىغانلارمۇ تۈركلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

(2) شوۋىنىزملىق مىللەت سىياستىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ھەرقانداق مىللىي ئاپتونومىيىنى بىكار قىلىپ، مىللىي ئاسسىملياتسىيىنى مەجبۇرىي يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

(3) كۈچلۈك سىياسىي نىشانى بار. ئۇ پوسفور بوغۇزىدىن ئالتاي تېغىغىچە، ھەتتا ئوتتۇرا دېڭىزدىن تىنچ ئوكيانغىچە بولغان بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇپ، 16 – ئەسىردىكى گۈللەنگەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قايتىدىن بەرپا قىلىشنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى كۆزلەيدۇ.

"پانتۈركىزم" بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى يۈز نەچچە يىل جەريانىدا كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئوسمان تۈركلىرى (ياكى تۈركلەر) ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۈيۈك ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ياكى تۈركلەر باشچىلىقىدىكى "تۈرك دۆلەتلىرى" ئىتتىپاقىنى قۇرماقچى بولغان. يەنە بىرى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە تار مىللەتچىلىك قارىشىغا ئايلىنىپ، بەزى دۆلەتلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشىنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى بولغان.

## 5. "پانتۈركىزم"نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

(1) ئارقا كۆرۈنۈشى. "پانتۈركىزم"نىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئىككى خىل ئارقا كۆرۈنۈشى بار: ئۇلار تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە چارروسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي، مىللىي زىددىيەتتىن ئىبارەت. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىز ئاۋۋال "تۈرك" ۋە "تۈركولوگىيە ئىلمى" ئاتالغۇلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

تۈرك: تۈركلەر (      ) ئېلىمىزدىكى قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، كەڭ مەنىدە تېلې، تۈرك قەبىلىلىرىنى، تار مەنىدە تۈرك خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر 6 – ئەسىردە ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى)دا باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، دەسلەپتە جورجانلارغا قارام بولغان. 6 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈرك ھەم تېلې قەبىلىلىرى جورجانلارنى يوقىتىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان ھەم ھازىرقى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ئوردىسىنى تىكلىگەن. زېمىنى بىر مەھەل شەرقتە لياۋخې دەرياسىغا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىز ياكى ئارال دېڭىزىغا يەتكەن. مىلادىيە 582 – يىلى، تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىغا

www.uyghurweb.net

پارچىلانغان، ئۇلار خانلىق تەختىنى تالىشىش ئۈچۈن توختىماي نىزالاشقان. 8 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر ئارقا – ئارقىدىن ھالاك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولۇپ، ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. تۈركلەر 1 «2 – بابتىكى "تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان"غا قاراڭ.» تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تىلشۇناسلىقتا تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئايرىلغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ئەمەس.

تۈركولوگىيە: "تۈركولوگىيە"نىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىرى بار. "سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى"دە ئۇ "تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى" دېيىلگەن. گېرمانىيە ئالىمى بولسا ئۇنىڭغا "ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل، مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىغا دائىر پەن" دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ ئىككى تەبىردە گەرچە تۈركلەر بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان كاتېگورىيىدىكى ئۇقۇملار ئۆلۈك ھالدا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، يەنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ئەمەس.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈرك ۋە تۈركلەر تارىخشۇناسلىق ياكى تىلشۇناسلىقتىكى ئىلمىي ئۇقۇم، تۈركولوگىيە بولسا يېقىنقى زاماندىكى ئالىملارنىڭ ئاللىقاچان يوقالغان "تۈرك" ۋە "تۈركلەر" ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدۇر. ئەمما، دەل مۇشۇ تەتقىقات سەۋەبىدىن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ تەسىرىدە "پانتۈركىزم"نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يول ئېچىلغان.

19 – ئەسىردە، "تۈركلەر" ئۆزىنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە تارىخىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندە، ياۋروپادىكى بەزى ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىكى ئالىملار بۇ كونا تارىخنى قېزىشقا تۇتۇندى. ئۇلار ئەك ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ساقلىنىپ تۇرغان تۈركچە مەڭگۈ تاشلارغا نەزەرىنى سېلىپ، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئۇنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەتقىقات "تۈركلەر"نىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگىچە كېڭىيىپ، تەدرىجىي زور بىر تۈركولوگىيە تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا چىقىپ، خېلى كۆپ ئىجتىھاتلىق ئالىملار بارلىققا كېلىپ، "تۈركولوگىيە ئىلمى" شەكىللەندى.

"تۈركولوگىيە" ئەسلىدىن ساپ ئىلمىيلىككە ئىگە، ھېچقانداق سىياسىيۋىلىكى يوق پەن بولسىمۇ، تەتقىق قىلغۇچىلار ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن بولغانلىقى، تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى خىلمۇخىل بولغانلىقى، تەتقىقاتنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى قالايمىقانچىلىقلار شەكىللەندى. بىرىنچىدىن، بەزى ئالىملار قەدىمكى تۈرك خەلقى ۋە "تۈركلەر" ھەم ھازىرقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىر دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەتقىقاتتا پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار بىرلا خىل بولۇپ

قىلىپ، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلىپ، پارسچە ۋە ئەرەبچە ماتېرىياللارغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىلدى، ئەكسىچە خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ماتېرىياللارغا سەل قارالدى، نەتىجىدە تۈرك ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى چەكسىز، مەنىسى تۇتۇق بولۇپ قالدى. ئۇچىنچىدىن، بەزى ئالىملار بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىر مىللەت دەپ قارىدى. مەسىلەن، ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس ۋامبېرى 1868 – يىلى يازغان "ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ئومۇمىي بايان" دېگەن كىتابىدا مۇشۇنداق قارىدى. بۇنداق قالايمىقانچىلىقلاردىن ئەمەلىيەتتە غەيرىي نىيەتتىكىلەر پايدىلىنىپ كېتىپ، ئۇ "پانتۈركىزم"نىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، "پانتۈركىزم" ئەڭ ئاۋۋال چارروسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتارىستاندا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇنىڭ رېئال سەۋەبى بار. تاتارلار ئۇزۇن مۇددەت روسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇلارغا قارشى چىقىشنى زادىلا توختىتىپ قويمىغان، بولۇپمۇ قەدىمكى تاتارلار قارشىلىقى روھىغا ئەڭ باي بولغان. 18 – ئەسىردىن كېيىن، چارروسىيە جەددىي كېڭىيىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن "پانسلاۋىزم"نى تەرغىب قىلىپ، روسلارنى مەركەز قىلغان ھالدا سلاۋيانلار ۋە باشقا ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنى قۇل قىلماقچى بولدى. "پانسلاۋىزم"غا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تاتارلار ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشالايدىغان بىر ئىدىيىۋى قورالغا موھتاج بولدى. شۇنداق قىلىپ "پانتۈركىزم" تەبىئىيلا ھەرقايسى "تۈركىي مىللەتلەر"نى بىرلەشتۈرۈپ "پانسلاۋىزم"غا قارشى تۇرىدىغان بىر ئىدىيىۋى قورالغا ئايلاندى.

(2) كېلىپ چىقىشى. چارروسىيىنىڭ "پانسلاۋىزم" ئارقىلىق كېڭىيىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى بېسىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تاتارلار "پان سلاۋىزم"غا تەقلىد قىلىپ "پانتۈركىزم"نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا "پانتۈركىزم"نى "پانسلاۋىزم"نىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى كۆچۈرۈلمىسى، دېيىشكە بولىدۇ.

"پانتۈركىزم"نى ئەڭ بۇرۇن تارقاتقان ۋەكىللىك شەخسلەرنىڭ بىرى ئىسمائىل گاسپرىنسكىي (1851 – يىلىدىن 1914 – يىلىغىچە ياشىغان) بولۇپ، تۈركلەر ئۇنى گاسپرايىل دەپ ئاتىغان. ئۇ 1878 – يىللار قىرىمدا "تۈركمەن گېزىتى"نى، 1883 – يىلى يەنە "تەرجىمىلەر گېزىتى"نى چىقارغانىدى. ئەڭ دەسلەپتە ئۇ چېچىلاڭغۇ، قالاق، ساۋاتسىز تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش، يەنە چارروسىيە دائىرىلىرى بىلەن بىۋاستە قارشىلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، "پانتۈركىزم"نى شەرھلەشتە سەل ئېھتىياتچان بولۇپ، "ئۈچتە بىرلىككە كېلىش"نى، يەنى "تىل، ئىدىيە، ھەرىكەتتە بىرلىشىش"نى تەكىتلىدى. تىل جەھەتتە، ئۇ ئوسمان تۈرك تىلى بىلەن تاتار تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان تۈركلەرنىڭ بىر خىل "ئورتاق تىلى"نى ئىجاد قىلىپ، "تەرجىمىلەر

www.uyghurweb.net

گېزىتى" ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى، ئىدىيە جەھەتتە، ئۇ "جەدىد" دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى كۈچەپ ئومۇملاشتۇردى. "جەدىد" – "يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى" دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى ياۋروپاچە مائارىپ ئارقىلىق مەدرىسلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە گاسپىرنسكىي "جەدىد" ھەرىكىتىدە "پانتۈركىزم" بىلەن "پانئىسلامىزم"نىڭ باغلىنىشىنى تېپىپ، ئاخىرىدا "پانتۈركىزم"نى "پانئىسلامىزم"نىڭ "قېرىندىشى"غا ئايلاندۇرماقچى بولغانىدى. ھەرىكەت جەھەتتە، ئۇ 1905 – يىلدىن كېيىن ئورتاق تىلنى باھانە قىلىپ رۇسىيەدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە "مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى"، "مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى"نى قۇردى. بۇلار ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتە "پانئىسلامىزم" ئارقىلىق "پانتۈركىزم"نى ياپماقچى بولغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە "پانئىسلامىزم" بىلەن "پانتۈركىزم"نى بىرلەشتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئەلۋەتتە بۇ پائالىيەتلەر ئۇنىڭ "پانتۈركىزم"نى سىياسىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

ۋەھالەنكى، "پانتۈركىزم"نى ھەقىقىي ھالدا تىل، مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىن سىياسىي كاتېگورىيىگە كۆتۈرگىنى ھەم ئۇنى سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىنى ئاقچۇرا (1876 – يىلدىن 1935 – يىلغىچە ياشىغان) بولدى. ئۇ گاسپىرنسكىينىڭ تۈغقىنى بولۇپ، بارلىق تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىر مىللىي ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ 1905 – 1908 – يىللاردىكى رۇسىيەدىكى "پانتۈركىزم" سىياسىي ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى، "پانتۈركىزم"نى سىياسىيلاشتۇرۇش يولىدا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىغىنى پروفېسسور ئەخمەت ۋەلىدى توغان بولدى. ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى – كەينىدە "تۈركىستان مىللىي كومىتېتى"نى تەشكىللەپ، بۇخارادا باش شتاب قۇرغان بولۇپ، بۇخارا، خىۋە، پەرغانە، سىمىرېچ قاتارلىق جايلاردا مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرىنى قۇرۇش، ئاندىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ پانتۈرك دۆلەتلىرى بىرلەشمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى "پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم"نى تەنقىد قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"دىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاغدۇرمىچىلىق تەشۋىقاتى قىلىشىغا دەككە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" خاراكتېرىنى ئالغان "باسمىچىلىق" ھەرىكىتىگە زەربە بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى – كەينىدە، گاسپىرنسكىي، ئاقچۇرا ۋە ئەخمەت ۋەلىدى توغانلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ تۈركىيىگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن "پانتۈركىزم" تۈركىيىدە يىلتىز تارتىپ، كەڭ تارقالغان "پانتۈركىزم" ئىدىيىۋى ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى.

(3) شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى. "پانتۈركىزم" تۈركىيىگە تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىيىدە قايتىدىن تونۇلۇشقا باشلىدى. ياۋروپادىكى "تۈركولوگىيە" ئىلمىنىڭ تەسىرىدە، زىيالىيلار،

www.uyghurweb.net

نەزەرىيىچىلەر "تۈركلەر"نىڭ تارىخىنى، ئۇلارنىڭ مول ھەم ئۆزگىچە تىلىنى قايتىدىن بايقىدى. بەزى ئالىملار، شائىرلار ۋە يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە "تۈركلەر"نىڭ پارلاق تارىخىنى يورۇتتى ۋە ئىپادىلىدى. مەسىلەن، سۇلايمان پاشا ئىسىملىك بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ "دۇنيا تارىخى" دېگەن ئەسىرىدە "تۈركلەر"نى يېڭىۋاشتىن بايقىغانلىقىنى يازغان بولسا، ئىمىن يوردادىل ئىسىملىك بىر شائىر ئۆز شېئىرىدا: "ئاھ، تۈركلەر، تۆمۈر ۋە ئوتتىن تۆرەلگەنلەر، كۈللى ۋەتەننىڭ قۇرغۇچىلىرى، كۈللى تاجىنىڭ ئىگىلىرى" دەپ چۇقان سالدى.

تۈركلەرنى بىلىش ۋە "يېڭىۋاشتىن بايقاش" دولقۇنىدا، "پانتۈركىزم" نەزەرىيىسىمۇ رەسمىي شەكىللەندى. تۈركىيىدىكى "پانتۈركىزم"نىڭ پېشۋاسى زىيا گوكئالىپ دەل ئۇنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ "تۈركىزم ئاساسلىرى" دېگەن ئەسىرىنى پانتۈركچىلىكنىڭ ئۇللۇق ئەسىرى، "پانتۈركىزم"نى سىستېمىلاشتۇرغان، تەرتىپكە سالغان تۇنجى نەزەرىيىۋى دەستۇر دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ تۈركلەرنىڭ بىرلا خىل تىلى ۋە مەدەنىيىتى بار، "تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانى – تۈركىيىمۇ ئەمەس، تۈركىستانمۇ ئەمەس، بەلكى بىپايان ھەم چەكسىز تۇران" دەپ قارىدى. ئاتالمىش تۇران (     ) جۇغراپىيە ئىلمىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكنى، يەنى "تۇران تۈزلەڭلىكى"نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ شىمالدا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە سوزۇلىدۇ، تەخمىنەن ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، يەنىمۇ جەنۇبقا سۈرۈلگەندە ئىراننىڭ شىمالىدىكى سىمنان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر كىچىك شەھەرمۇ تۇران دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما، "پانتۈركىزم"چىلار ئۇنى خالىغانچە كېڭەيتىپ، تۈركىي مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بارلىق جايلارنى ۋە تارىختا تۈركلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان بارلىق رايونلارنى "تۇران" ياكى "تۇرانىيە" دەپ، ئۇنى "تۈرك ۋەتىنى"نىڭ زېمىنى دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، "پانتۈركىزم" تۈركىيىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، 1909 – يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن، ئۇ تۈركىيىنىڭ بىر سىياسەت يۆنىلىشىگە، رۇسىيە تەۋەسىدىكى تاتارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي مۇقامىغا ئايلىنىپ قالدى.

"پانتۈركىزم"نىڭ تۈركىيىدە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تارىخىي ھەم رېئال مەنبەسى بار.

تارىختىن قارىغاندا، "پانتۈركىزم" ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە بولغان سېغىنىشىغا ماسلاشقان. تۈرك مىللىتى بىر يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا غەربكە كۆچكەن سەلجۇق تۈركلىرى ۋە ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا يەرلىك مىللەتلەرنى قوشۇۋېلىشىدىن شەكىللەنگەن. كېيىن ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋرۇپاغا كېڭەيگەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بۇ ئىمپېرىيە كېيىن غەرب كاپىتالىزمىنىڭ

www.uyghurweb.net

گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم غەربلىكلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۈيۈك ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سەلتەنىتى ئىزچىل ھالدا بەزى خىيالپەرەسلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، كالللىسىدىن كەتمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا "پانتۈركىزم"نىڭ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئوتتۇرا دېڭىزدىن تىنچ ئوكيانغىچە بولغان ئېخىمۇ بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرۇشنى قۇترىتىش تەسەۋۋۇرى شۈبھىسىزكى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ سەلتەنىتىنى قايتىدىن تىكلەشنى ئويلايدىغان كونىلىققا ھېرىس قىلغۇچىلارنىڭ شېرىن خىيالىغا ئىلھام بەرگەن.

رېئاللىقتىن قارىغاندا، "پانتۈركىزم" ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمان تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان. 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا، ياۋرۇپا مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن ئوسمان تۈركلىرىمۇ ئۆزگىرىش ئىچىدە مەۋجۇتلۇقنى ۋە تەرەققىياتنى ئىستىدى. "پانتۈركىزم" نەزەرىيىسى ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىشىنى نەزەرىيە بىلەن قوللىدى. 1889 – يىلى "ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى" ("بىرلىك ۋە ئالغا پارتىيىسى"مۇ دېيىلىدۇ) قۇرۇلۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئاساسىي قانۇننى تەشەببۇس قىلدى. ئىدىيىۋى جەھەتتە "پانتۈركىزم"نى تەرغىب قىلدى، 1909 – يىلى ئۇلار ئابدۇلھەمىد 2 نى ئاغدۇرۇپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇردى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى "پانتۈركىزم"چىلاردىن بولدى. يەنە كېلىپ ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ بەزى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى، مەسىلەن، ئەنۋەر (1881 – يىلدىن 1922 – يىلغىچە ياشىغان) قاتارلىقلار "پانتۈركىزم"نى دۆلەت سىياسىتى سۈپىتىدە يولغا قويدى. ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىزدىن تىنچ ئوكيانغىچە بولغان بىر بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرۇپ، ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم يېرىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىشنى ئويلىدى.

1 – دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بۇ "پانتۈركىزم"چىلارنىڭ كۈچىيىۋاتقان قارانىيىتىگە پۇرسەت تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مالىمانچىلىقتا ئۆز "غايىسى"نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلار بىر بولسا مەخپىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، ئاتالمىش تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كەڭ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك فون خونتېرنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ "پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم"نىڭ زەھىرىنى چاچتى. بۇ تەشكىلات 1915 – 1916 – يىللاردا ئافغانىستان، رۇسىيە ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئون مىڭدىن ئارتۇق تەشۋىقات بۇيۇمىنى تارقاتتى. بىر بولسا مىللىي ماجىرالارنى قوللىدى ۋە يېتەكلىدى. مەسىلەن، بۇخارا ۋە كافكاز رايونىغا قورال سېتىپ بېرىپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى ئىش تېرىشقا قۇتراتتى. بۇ ھەرىكەتلەر جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئوسمانلى تۈركىيىسى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدە تۇرغان بولۇپ، ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى تۈركىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى ئويى رۇسىيىنى بەربات قىلىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق

تېررىتورىيە ھازىرلاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېررىتورىيە تەۋەسىدىكى بارلىق تۈركىي قوۋملارنى بىرلەشتۈرۈش، دېدى. ئاقىۋەتتە تۈركىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، "پانتۈركىزم" تۈپ يىلتىزىدىن يوقالماي، ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى يەنىلا رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى رۇسىيىدە ھەرىكەت قىلدى. 1921 – يىلى ئەنۋەر ئوتتۇرا ئاسىيادا "باسمىچىلىق" ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، بولشېۋىكلار بىلەن قارشىلىشىپ، 1922 – يىلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1923 – يىلى ئوسمانلى تۈركىيىسىدە ئىنقىلاب پارتلاپ، مۇستاپا كامال رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيە بۇرژۇئازىيىسى نۇسرەت قازىنىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. مۇستاپا كامال تۈركىيە تەۋەسىدە تۈركلەرنىڭ ئاساسىي مىللەتلىك ئورنىنى تىكلەش، تۈتامى يوق "پانتۈركىزم"غا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە "تۈركىزم"نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم 1926 – يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ "پانتۈركىزم"چىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر تۈركۈم قېرى، جاھىل "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چىلار ئارقا – ئارقىدىن ئۆلۈپ ، "پانتۈركىزم" پەسكويغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" تازىلانمىغان ۋە تەنقىد قىلىنمىغانلىقتىن، ھەرخىل "پانتۈركىزم" ئىدىيىلىرى يەنىلا تارقىلىپ يۈردى.

(4) ئۆزگىرىشى ۋە ھازىرقى ھالىتى. 20 – ئەسىرنىڭ 30 – 40 – يىللىرىدا "پانتۈركىزم" يەنە جانلىنىپ،سىياسىي جەھەتتە فاشىزم بىلەن تىلنى بىر قىلىۋالدى. بىرىنچىدىن تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن "پانتۈركىزم"لىق كىتاب – ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر – بىرىنى كۆككە كۆتۈردى، ھەتتا ئاشكارا تارقاتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە ياۋروپا ۋە تۈركىيىدە نەچچە ئون خىل كىتاب – ژۇرنال، جۈملىدىن "يېڭى تۇران"، "ياش تۈركىستان"، "مىللەتنىڭ يېڭى يولى"، "يېڭى تۈركىستان"، "ئەرگىنە دەرياسى"، "بىرلىشىش"، "كۆك بۆرە"، "تەڭرىتاغ"، "تۈركلەرنىڭ نىشانى" دېگەندەك ژۇرناللار، "تۈرك دۇنياسى ۋە تارىخىي بۇرچ"، "تۇران – تۈركىستان – تىبەت"، "تۈركىزم ۋە (پانتۈركىزم) يولى"، "تۇران خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي تارىخىنىڭ ئاساسىي يولى"، "تۈركىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى"، "تۇران ۋە (پانتۈركىزم) قوللانمىسى"، (پانتۈركىزم )نىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەيلى" دېگەندەك كىتابلار نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاب – ژۇرناللار تارىخنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن بۇرمىلاپ ۋە ئويدۇرۇپ، "پانتۈركىزم"نى تەشۋىق قىلغان. ئىككىنچىدىن، 2 – دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە "پانتۈركىزم"چىلار تۈركلەر ئەلالىقى نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇش زەھرىنى داۋاملىق چاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناتسىستلار گېرمانىيىسى ۋە ياپون مىلىتارىزمىمۇ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"دىن پايدىلىنىپ، گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرى "پانتۈركىزم"نى ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتىنىنى

قوغداش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ۋە دۇنيانىڭ فاشىسىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، "پانتۈركىزم" تۈركىيىدە يەنە يېڭىچە رول ئېلىشقا باشلىدى. تۈركىيىدىكى "پانتۈركىزم"چىلار خەلقئارادا كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، جۇڭگوغا قارشى چىقتى. 1950 – يىلى "پانتۈركىزم"چى ئەزىز "پانتۈركىزم"نى شەرھلەپ، "تۈرك بولغۇچى تۈرك ئىرقىنىڭ تولىمۇ ئەلالىقىغا ئىشىنىشى، مىللەتنىڭ تارىخىنى ھۆرمەتلىشى، تۈرك كوللېكتىپى ئۈچۈن، ئەشەددىي رەقىبى موسكۋاغا قارشى تۈرۈش ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھازىرلىنىشى كېرەك" دېدى. تۈركىيىنىڭ سىياسىي ساھەسىدە، 1965 – يىلى سىياسىي ئىدارە قىلىش بوشاشقاندىن كېيىن، "پانتۈركىزم" تۈركىيىدىكى ئاساسىي سىياسىي ئېقىمغا كۆتۈرۈلۈشكە ئۇرۇنۇپ، مىللەتچىلىك ھەرىكىتى پارتىيىسىنى تىزگىنلىدى. ھالبۇكى، "پانتۈركىزم"چىلار ئېتراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمەي، ئىنتايىن ئۇششاق قىياپەتتە مەيدانغا چىقتى. مىللەتچىلىك ھەرىكىتى پارتىيىسىمۇ ھېچقانداق ئاممىۋى ئاساسى بولمىغاچقا، 1969 – يىلى پارلامېنتتىكى 450 ئورۇننىڭ ئاران بىرىگە ئېرىشتى. 1980 – يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بارلىق سىياسىي پارتىيىلەر ۋە تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن "پانتۈركىزم"نىڭ تۈركىيىنىڭ سىياسىي ساھەسىگە كىرىش ئويى يەنە بەربات بولدى.

20 ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق بەش جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى "پانتۈركىزم"چىلارغا كۈچلۈك ئۈمىد بېغىشلاپ، تۈركىيىنى مەركەز قىلغان "پانتۈركىزم" يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئالىملاردىن تارتىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگىچە بىر تەرەپتىن "پانتۈركىزم"نى ئاشكارا رەت قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن "تۈركىستان" تىلى، ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى "بىرلىككە كەلتۈرۈش"نى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق دۆلەتلەرنىڭ پانتۈرك تىلغا بولغان قىزغىنلىقى تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ "پانتۈركىزم"غا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە يەنە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

1922 – يىلى، تۈركىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، ئەزەربەيجاننىڭ رەھبەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئەنقەرەدە تۇنجى نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن "پانتۈركىزم" يەنە ئەۋج ئالدى. "تۇرانىزم"مۇ قايتىدىن سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، ئادرىئاتىك دېڭىزىدىن جۇڭگوغىچە بولغان "تۇران ئىتتىپاقى" قۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. 1994 – يىلى 2 – نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى يەنە تۈركىيىدە ئېچىلدى. يىغىندا گەرچە "پانتۈركىزم"لىق

كەيپيات يەنىلا قويۇق بولسىمۇ، ئەمما باشتىكى ئەسەبىيلىك پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. زۆڭتۈك نەزەربايېف يېقىندا تەنتەنىلىك هالدا: "بۇ يەردە هېچقانداق (پانتۈركىزم)، (پانئىسلامىزم) يوق" دېدى. يېقىندىكى مەۋقە مائارىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق "تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر" ئوتتۇرىسىدا بىر مەدەنىيەت كۆۋرۈكى هاسىل قىلىش بولدى.

بۇ مەزگىلدە، مۇستەقىللىقنىڭ خۇشاللىقىدىن رېئاللىققا قايتىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇلار "پانتۈركىزم"نىڭ ئۆزلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققان چاغدىلا مەلۇم سىياسىي ئەهمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى، ناۋادا ئەمدى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەرەققىياتىغا تەهدىت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى، "(تۈركىستان) ئەزەلدىن تۈركلەرنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ رايوندىكى بارلىق خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن" بولۇپ، "بۇ ئەمدىلا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن، قوشنا ئەللەر بىلەن ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى ئۈزگەن هالەتتە، ئۇ (ئاكا)نىڭ قولىدىن بۇ (ئاكا)نىڭ قولىغا چۈشۈپ،ئۇنى بويۇنغا مىندۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى" 1 «نەزەربايېف: "21 – ئەسىر بوسۇغىسىدا"، ئېقىم مەسىلىلىرى نەشرىياتى، 1997 – يىل، 151 – بەت. »تۈركىيىمۇ "بۇ تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى پىلانىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ۋە تەتۈر رول ئوينايدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى، تۈركىيىلىكلەر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قۇدرىتىنىڭ چەكلىكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەك" دەپ قارىدى.

نۆۋەتتە، "پانتۈركىزم" يەنە مەدەنىيەت ساهەسىگە يېغىلىۋالغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ تۈركىيىدە يەنىلا جانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. "پانتۈركىزم"چىلار داۋاملىق گېزىت – ژۇرنال، كىتابلارنى نەشر قىلىپ، "پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ "تۈرك ۋەتىنى"، "تۈرك ئىتتىپاقى"، "تۈركىستان ئاۋازى" دېگەندەك نەچچە ئون خىل گېزىت – ژۇرنىلى، يەنە "بۈيۈك تۈرك تارىخى"، "بۈيۈك هۇن ئىمپېرىيىسى تارىخى"، "هازىرقى تۈرك دۇنياسى" نەچچە يۈز جىلدلىق "مۇقەددەس يەر" دېگەندەك نۇرغۇنلىغان كىتابلىرى بار. "پانتۈركىزم"نىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالغاندا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىش زۆرۈركى، دۇنيادا بىرەر داۋالغۇش بولغان هامان "پانتۈركىزم" سىياسىي سەھنىگە يۈگۈرۈپ، ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك هەرىكەتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قورالى بولغان، ياكى سىياسىي بىرلىششنىڭ نەزەرىيىۋى قورالىغا ئايلانغان.

## 6. "ئىككى پان"نىڭ مۇناسىۋىتى

"پانئىسلامىزم" بىلەن "پانتۈركىزم" 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن ئىككى ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ، ئالدىنقىسى دىنىي ئېتىقادنى چىقىش قىلىپ دىنىنى سىياسىيلاشتۇرماقچى، بۇ ئارقىلىق ئۇنى سىياسىيغا خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغان. كېيىنكىسى بولسا ئىلمىي ئۇقۇمنى چىقىش قىلىپ، تارىختىكى تۈرك قوۋملىرىنى ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلاندۇرماقچى ھەم ئۇنى سىياسىيلاشتۇرماقچى بولغان. گەرچە بۇ ئىككى "نەزەرىيە" ئەڭ دەسلەپتە تۈركلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيىدە يىلتىز تارتىپ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ،ھەر ۋاقىت تۈركىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە نامايەن بولغان.

"پانئىسلامىزم"نىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتى ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، ياۋروپا مۇستەملىكچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش، "پانتۈركىزم"نىڭ دەسلەپكى مۇددىئاسىمۇ ئاتالمىش "تۈرك مىللىتى"نى گۈللەندۈرۈپ، ئورتاق يېزىق، قېلىپلاشقان تىل ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىگە ۋە "پانسلاۋىزم"غا قارشى تۇرۇش بولۇپ، بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاب تەلپىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى فېئودالىزم ۋە بيۇروكراتىزمدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا ھەم چارروسىيە ۋە غەرب مۇستەملىكچىلىرى بىلەن توقۇنۇشىدىغان تەرىپى، ھەم ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلىشىدىغان ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان تەرىپى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھىمى ئوسمانلى تۈركىيىسى تارىخى ۋە رېئاللىقى، دىنىي ۋە مىللىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغاچقا، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" بۇ يەردە مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى تېپىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم ئۆزئارا بىرىككەن، ئوسمانلى تۈركىيىسى ئىچىدە ئۇلار ئورتاق ھالدا ھۆكۈمرانلارنىڭ قورالىغا ئايلانغان، تاشقى جەھەتتە بولسا ئۇلار ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قايتىدىن قۇرۇش خىيالىنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى بولۇپ قالغان.

ئوسمانلى تۈركىيىسىدىن باشقا ئەللەردە، بولۇپمۇ چارروسىيىدە، 1905 – يىلى پۈتۈن روسىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ چېچىلاڭغۇ مۇسۇلمانلار "ئىتتىپاقى"نىڭ قۇرۇلۇشى "پانئىسلامىزم" بىلەن "پانتۈركىزم"نىڭ چارروسىيە بىلەن مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولغان. 1 – دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، روسىيىدىكى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ ھىمايىچىلىرى چارپادىشاھنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مەنپەئەتلەندۇرۇشكە ئېرىشكەنلىكتىن پۈتۈنلەي چارروسىيىنىڭ سادىق پۇقرالىرىغا ئايلانغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "باسمىچىلىق" ھەرىكىتى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تەرغىب قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقان. 1921 – يىلى ئەنۋەر يوشۇرۇنچە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇشۇشنى تەشكىللىگەن. بۇنىڭ بىلەن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" پۈتۈنلەي بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىمىغا ۋە سىياسىي قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

يۇقىرىدىكى باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە "پانئىسلامىزم" بىلەن "پانتۈركىزم"نىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىققا، زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

دەل "پانئىسلامىزم" بىلەن "پانتۈركىزم"نىڭ ماھىيىتى بىردەك بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلارنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. ناۋادا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە، بۇ پەقەتلا ئۇلارنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. "پانئىسلامىزم" دىندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان، "پانتۈركىزم" بولسا ئىرق نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي قارانىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، "پانئىسلامىزم"نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى "پانتۈركىزم"دىن بۇرۇن ؛ قاپلاش دائىرىسىدىن قارىغاندا، "پانئىسلامىزم" قاپلىغان جۇغراپىيىلىك دائىرە "پانتۈركىزم"نىڭكىدىن كەڭ ؛ نەزەرىيە ۋە ئىدىيە سىستېمىسىدىن قارىغاندا، "پانئىسلامىزم"نىڭ ئاساسى، نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيە سىستېمىسى "پانتۈركىزم"نىڭكىدىن تېخىمۇ پۇختا، مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق.

## 2 – پاراگراف شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان. مۇڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىلەن قوشنا، ئومۇمىي چېگرا لىنىيىسى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان ۋە پاكىستان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان دۆلەتلەردۇر. يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستانمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەللەردۇر. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىسلام مۇھىتى بار. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، 13 ئاساسلىق مىللەت ئىچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن تارىخ، تىل، دىن جەھەتتىن باغلىنىشى بولغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مىللەتلەر يەنە دۆلەت ھالقىغان مىللەتلەردۇر. بۇنداق مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى چەمبەرچاش باغلىنىش شىنجاڭنى رايون سىياسىيسى جەھەتتە مۇرەككەپ ئەھۋالغا دۇچار قىلىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ سىڭىپ كىرىدىغان مۇھىم جايىغا ئايلاندۇرغان.

### 1. "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ جەريانى

www.uyghurweb.net

"پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ھەم تەسىر كۆرسىتىشى مۇئەييەن جەريانغا ئىگە. "پانئىسلامىزم"نى ئالغاندا، ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئاندا – ساندا تارقالغان ھەم يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەن، 19 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەدرىجىي سىستېمىلىق تارقىلىپ، ھەر تەرەپتىن گەۋدىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

"پانئىسلامىزم"نىڭ تارقىلىشى بىلەن ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. 16 – ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ سۇلتانى ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتىغان ھەم "بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ئۇلۇغ ھىمايىچىسى" دەۋالغان بولۇپ، گەرچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، بۇخارا، قوقان قاتارلىق خانلىقلارنىڭ خانلىرى ئۇنىڭ نام بېرىشىنى شەرەپ دەپ بىلگەن. جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ سۇلتانىغا چوقۇنۇشتەك ئەھۋال تېخى كۆرۈلمىگەن. براق، ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن "ئىسلامنىڭ ئازادچىسى" ۋە "ئىسلامنىڭ قوغدىغۇچىسى" دېگەن بايراق ئاستىدا ئاتالمىش "غازات"نى قانات يايدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمانلى تۈركىيىسى سۇلتانىنىڭ نام بېرىشىنى (يەنى "ئەمىر" دېگەن نامنى بېرىشىنى) ئىستىگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئوسمانلى تۈركىيىسى سۇلتانىغا (خەلىپىگە) چوقۇنۇشمۇ شىنجاڭغا كىرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئىزچىل ھالدا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمەت، خەلق سودىسى قىلىپ كەلگەن، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوسمانلى تۈركىيىسى بىلەنمۇ ھەر تۈرلۈك خەلق ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، جامالىدىن ئافغانىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى، ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىشى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدە "پانئىسلامىزم"نى تارقىتىشتا بېسىپ ئۆتكەن جايلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، "پانئىسلامىزم"نىڭ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، 19 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ جامالىدىن ئافغانىنى ئىستانبۇلغا تەكلىپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، "پانئىسلامىزم"نى كەڭ تارقىتىشى، يەنە كېلىپ "پانتۈركىزم"نىڭمۇ بۇ ۋاقىتتا تەدرىجىي شەكىللىنىشكە ئەگىشىپ، ئۇلار مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلغان. شۇنداق قىلىپ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىسى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تارقالغان.

بۈنى موللا مۇسا سايرامىنىڭ "تارىخىي ئەمنىيە" دېگەن ئەسىرىنى ئۆزگەرتىشىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. موللا مۇسا سايرامى شىنجاڭ بايدىن بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ياقۇپبەگ قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقسۇدىكى تۇنجى باج ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى بولغان، كېيىن نۇرغۇن

ئەسەرلەرنى يازغان. "تارىخىي ئەمنىيە" ۋە "تارىخىي ھەمدى" ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى ۋە تولۇقلىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى سۆزلەنگەن. ئاپتور كېيىنكى كىتابنى ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد 2 نىڭ نامى بىلەن ئاتىغا بولۇپ، بۇنىڭدىن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ ئىنتايىن زورلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتور كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد 2 نى "بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى ۋە ئۇلۇغ ھامىيسى" دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ئابدۇلھەمىد 2 نىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك "پانئىسلامىزم"لىق تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن بىردەك. بۇلار 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا "پانئىسلامىزم"نىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ۋە شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"پانتۈركىزم"مۇ 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن. جۈملىدىن 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گاسپىرنىسكىي "پانتۈركىزم"نى بەرپا قىلغاندا "تەرجىمىلەر گېزىتى"نى چىقارغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن.

## 2. "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ يولى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە يول ئارقىلىق شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەن ۋە تارقالغان.

(1) ئالاقە جەريانىدا ئاگاھسىز رەۋىشتە ئۇچراشقان ۋە قوبۇل قىلغان. رايون، دىن، مىللەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئامىللار تۈپەيلىدىن شىنجاڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى سابىق ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىزچىل ھالدا سودا، ھەج، ئوقۇش ۋە خىزمەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبلىك چەت ئەلگە چىققان شىنجاڭلىقلارنىڭ خېلى كۆپى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" بىلەن ئۇچراشقان ياكى بولمىسا چەت ئەلدىكى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتقان. ئۇلار دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندە بۇ ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب، گېزىت – ژۇرناللارنى ئالغاچ كەلگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپىدە ئىسلاھ قىلىنمىغان تۈرك يېزىقىدىكى بۇ ماتېرىياللار ناھايىتى ئاسان تارقالغان. بۇ ئەھۋال كۆرۈنۈشتە نوقۇل خەلق ئارىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، ئىزچىل

داۋاملاشقان. مەسىلەن، مىنگو دەۋرىدىكى مەسئۇد ۋە سابىت داموللا قاتارلىقلار چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقاندا "ئىككى پان" ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن ئۇنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئۇنى سىياسىي پائالىيەتلىرىدە قوللانغان.

(2) مائارىپ ئارقىلىق سىڭگەن. مىنگو دەۋرىدە، "ئىككى پان"چى ئۇنسۇرلار يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆسمۈرلەر، ياشلارنى ئاشكارا ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا "ئىككى پان" ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. بۇنداق يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچقانلار ئىككى خىلدىكى كىشىلەر بولۇپ، بىر خىلدىكىسى چەت ئەللىك مۇئەللىملەر. مەسىلەن، تۈركىيىلىك ئەخمەت كامال 1914 – يىلى ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىپ، ئاشكارا ھالدا ئوقۇغۇچىلاردىن تۈركىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ھەم تۈركىيە سۇلتانىنى مەنىۋى داھىي قىلىشنى تەلەپ قىلغان. يەنە بىر خىلدىكىسى تۈركىيىدە ئوقۇپ دۆلەتكە قايتقان زىيالىيلار. مەسىلەن، مەسئۇد 1915 – يىلى ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئېچىش نامىدا ئاشكارا ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا "ئەجدادىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز تۈركىستان" دېگەن ئىدىيىنى تارقاتقان.

ئەخمەت كامال تۈركىيىلىك بولۇپ، 1912 – يىلى ئىستانبولدىكى "ئوسمانلى ئىتتىپاقى ئۇستازى" مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا، ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن فۇئاد قەلپىنۇر، زىيا گوكئالىپ ۋە مۇھەممەد تالاتلار بىلەن تونۇشقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ "بىرلىك ۋە ئالغا" مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، "بىرلىك ۋە ئالغا كومىتېتى"دا خىزمەت قىلغان. بۇ چاغدا مۇھەممەد تالات "بىرلىك ۋە ئالغا كومىتېتى"نىڭ رەھبىرى بولۇپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى دەل تۈركىيىنىڭ سىرتىغا "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تارقىتىش ئىدى. 1913 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدىن مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان بىر قىسىم ھاجىلار قايتىشىدا ئىستانبولدىن ئۆتكەندە، مۇھەممەد تالات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن قەشقەرگە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىلىمىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆتۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت كامال ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ، 1914 – يىلى 3 – ئايدا ساياھەت پاسپورتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تۈرلۈك ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئەخمەت كامال ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن يەرلىك باي سودىگەرلەرنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ بىر دارىلمۇئەللىمىن ئېچىپ، 15 ياشتىن تۆۋەن ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە باللاردىن ئۈچ سىنىپ تەشكىللىگەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك بايلارنىڭ باللىرى بولغان. يەنە مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى ئۆگەنگەنلەردىن ئالاھىدە بىر سىنىپ تەشكىللىگەن. ئۇ ئۆزى ئاساسلىقى "قۇرئان"دىن ساۋاق بەرگەن، يەنە تارىخ، جۇغراپىيە، گىمناستىكا، رەسىم، تېبابەت ۋە ھېسابتىن دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈركىيىدىن بىر يۈرۈش مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، دەرسلىكلەرنى ۋە "ئۇلۇغ دىن" دېگەن ژۇرنالنى باستۇرغان، ئوقۇتۇشتا، ئۇ ئاشكارا ھالدا

www.uyghurweb.net

ئوقۇغۇچىلاردىن تۈركىيە سۇلتانىنى مەنۋى داھىي قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تەرغىب قىلغان.

ئەخمەت كامال مەكتەپ ئاچقانلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا كېلىپ مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى ئاسترىتتىن تارقاتقان. مەسىلەن، ئەخمەت كامالنىڭ تاپشۇرقى بىلەن تۈركىيلىك ئىسمايىل ھاجى خوتەنگە بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. 1915 – يىلى تاتار نۇشىرۋان كۇچادا مەخپىي مەكتەپ ئېچىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن. 1916 – يىلى تۈركىيلىك ياقۇپ (ياقۇپبەگمۇ دېيىلىدۇ) يەكەندە كەسپىي مەكتەپ ئېچىپ، دەرس بېرىش نامى بىلەن مەخسۇس "پانتۈركىزم"نى تارقاتقان. 1920 – يىلى تاتار ھەسەن مىرھەيدەر قاتارلىقلار تۇرپاندا مەخپىي مەكتەپ ئېچىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن.

مەسئۇد غۇلجىلىق بولۇپ، 1887 – يىلى تۇغۇلغان. 1904 – يىلى تۈركىيىگە ئوقۇشقا بارغان. گەرچە ئۇ دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى قوبۇل قىلغان. 1915 – يىلى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا ئېچىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تۈركىيلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تارقاتقان، ھەتتا "تۇران – بارلىق تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى" دېگەن ئىدىيىنى تارقىتىش غەرىزىدە ئاچقان مەكتەپىنىڭ نامىنى "تۇرانىيە" دەپ قويغان. 1917 – يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقىبىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، 1921 – يىلغا كەلگەندە يەنە تۆت يەردە رەسمىي مەكتەپ شەكلىدىكى "دەرنەك" (يەنى كۇرس)نى ئېچىپ، كېيىنكى يىلى تەقىب قىلىنغان، 1925 – يىلى يەنە "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تارقىتىش مەقسىتىدە، مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئوخشاشلا تەقىبكە ئۇچرىغان.

(3) دىنىي پائالىيەتلەر داۋامىدا تارقالغان. مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت ناماز ئۆتەپ تۇرىدىغان، بۇ جەرياندا ئىماملارنىڭ ۋەزىنى ئاڭلايدىغانلىقتىن، چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى بەزى كۈچلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تەرغىب قىلىپ، بۇ "ئىككى پان"نىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، 1 – دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە بىلەن تۈركىيە ئىتتىپاقداش بولغان، جۇڭگو بولسا گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولۇپ، گېرمانىيە، تۈركىيلەر "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"دىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق مۇسۇلمانلار رايونلىرىنى قالايمىقان قىلىش ئارقىلىق نەپكە ئېرىشمەكچى بولغان. 1917 – يىلى ياڭ زېڭشىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە تۈركىيلىكلەرنىڭ شىنجاڭدا قۇتراتقۇلۇق قىلىش مەقسىتىدە دىندىن ۋەز ئېيتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغان. 1918 – يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە تۈركىيلىكلەرنىڭ دىندىن ۋەز ئېيتىۋاتقانلىقى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى چەت ئەللىكلەر شىنجاڭدا ئۆز ئالدىغا مەدرىسە ئېچىپ،

www.uyghurweb.net

مۇسۇلمانلارنى تەپسىر ئاڭلاشقا جەلپ قىلغان. بەزىلىرى (ئەنگلىيىلىك، رۇسىيىلىك، تۈركىيىلىكلەر) ئۆزلىرى تەپسىر ئېيتىپ، كۆرۈنۈشتە قىرائەت قىلىش نامى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاسترتتىن دىنىي قۇتراتقۇلۇق قىلغان. مەسىلەن، رۇسىيىلىك تاھىرخان قەشقەر كونىشەھەردە تەپسىرخانا قۇرغان. يەنە بەزى مەسچىتلەردە چەت ئەللىكلەر ئىماملىق قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ۋەز ئېيتىش نامى بىلەن ئاستىرتتىن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى بازارغا سالغان. يەنە بەزى تۈركىيىلىكلەر شىنجاڭدا ئۆزۈن يىل پائالىيەت قىلىپلا قالماي، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ بارغان. مەسىلەن، تۈركىيىلىك ھەجەر شىنجاڭدىكى يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئۈچ يىلدەك ۋازخانلىق قىلغاندىن كېيىن، گەنسۇدىكى سالالار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا بېرىپ ۋەزخانلىق قىلىپ، ئارىلىقتا قولغا چۈشكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چىلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ئىنتايىن كەڭ بولغان.

(4 ) چېگرىدىن قانۇنسىز كىرىپ مەخپىي تارقالغان. چەت ئەللىكلەر ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، مەخپىي ھالدا "ئىككى پان"نى تارقاتقان. مەسىلەن، 1916 – يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت قىلىۋاتقان گېرمانىيىلىك فون خوندېرىس ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ ئىراندىن ئافغانىستان ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىدىيىۋى تەرغىبات بازىسى قۇرماقچى بولغان. يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن تۈركىيىلىكلەر پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقىب قىلىنغان. مەسىلەن، ئابدۇقادىر ئاقسۇدا قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ؛ تازىر چەك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يول خېتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ،ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغان ؛ مۇسلىم ھاجىم، ئابدۇللا ھاجى مۇھاجىرلىق سالاھىيىتى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەردە ئولتۇراقلىشىپ تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈركىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە يېڭىشەھەرگە قايتىپ كەلگەن. شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مالمانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياكى ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان، ياكى ئۇلارغا پائالىيەت دائىرىسى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىرى ئېنىقلانماي قالغان. بۇلار تۈرلۈك شەكىلدە پائالىيەت قىلىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن.

(5) باشقا يوللار بىلەن تارقالغان. بەزى چەت ئەل ئاپپاراتلىرى، چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى، ھەتتا بەزى شەخسلەر بىۋاسىتە ھالدا شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارغا تەشۋىقات بۇيۇمى ئەۋەتكەن ياكى بەرگەن. مەسىلەن، 1917 – يىلى قەشقەر دوتيىي چەت

www.uyghurweb.net

ئەلدىكى ئىسلام دىنى يولباشچىسىنىڭ جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنى گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇشقا ئۈندەپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان.

### 3. ياڭ زېڭشىننىڭ سىگىپ كىرىشكە قارشى يۈرگۈزگەن تەدبىرلىرى

20 – ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىنىڭ ئالدى – كەينىدە، "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارىتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنى چەكلىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1912 – يىلدىن 1918 – يىلغىچە ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي تۇتۇقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى، سىياسىي، دىنىي مۇھىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى چەكلەش، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە خېلى ياخشى رول ئوينىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ تەخەللۇسى دىڭچېن بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسى مېڭزى ناھىيىسىنىڭ موبىيې كەنتىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەشرىپدار بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇدىكى خۇيزۇلار رايونىدا ئەمەل تۇتۇپ، ھاكىم، ئايماقدار، دوتەي، نازىر بولغان. 1907 – يىلى تولۇقلىنىدىغان ۋالىي سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ، پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ نازارەتچىسى، مەشقاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ مۇشاۋىرى بولۇپ، سىشى تەيخۇ ۋە گۇاڭشۇ خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1907 – يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، 1911 – يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە تەپتىش بېگى بولغان. 1912 – يىلى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىنىپ، 1928 – يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مىلىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلىۋاتقان، ھۆكۈمەت ئۈزلۈكسىز ئالمىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا قارىتا "ئۇردىنى تونۇپ خاننى تونۇماسلىق" فاڭجېنىنى قوللىنىپ، مىلىتارىستلارنىڭ ماجىراسىغا ئارىلاشماي، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرگە قارىتا، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى چەكلەپ بىتەرەپ تۇرۇشنى ئومۇمىي سىياسەت قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيە ئارقىلىق رۇسىيىگە تاقابىل تۇردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا بىتەرەپ مەيداندا تۇردى. ئىدىيە جەھەتتە، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توستى، ئۇ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن قاراپ، خېلى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلاردىن ساقلاندى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

www.uyghurweb.net

(1) "پانئىسلامىزم"غا قارىتا قەتئىي قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇ كۆپ قېتىم "پانئىسلامىزم"نى سۆكۈپ، ئۇنى "بۈيۈك ئىسلام بىرلىكى مەسلىكى" دەپ، "ئۇ بۈيۈك ئىتتىپاقداش دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ"، "بۇنىڭدىكى غەرەز باشقا"، ناۋادا ئۇ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرسە ھەم يامراپ كەتسە، مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىنىڭ ئورنۇمغىمۇ خەۋپ يېتىدۇ، دەپ قارىدى.

(2) شىنجاڭدىكى تۈركىيىلىكلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. ئۇ ئەھۋالغا ئاساسەن شىنجاڭدىكى تۈركىيىلىكلەرنى ئايرىم – ئايرىم ھالدا جازالىدى، قوغلاپ چىقاردى ھەم جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا مۇئەللىم ۋە ئىمام بولۇشىنى چەكلىدى، تۈركىيىلىك ئەخمەت كامال ۋە ياقۇپنى بىر تەرەپ قىلىش بۇنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولدى. مەسىلەن، ئالدىدا بايان قىلغاندەك، ئەخمەت كامال ئاتۇشقا كېلىپ مەكتەپ ئېچىپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى ئاشكارا بازارغا سالغاندا، 1915 – يىلى ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ھاكىمى شياۋ چيەنجاڭنىڭ ئەخمەت كامال توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى بۇيرۇدى ھەم شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا دوكلات يوللاپ، دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇرۇشۇۋاتقۇچى تەرەپ بولغان تۈركىيىلىكلەردىن قاتتىق پەخەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنى ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشنى، "دىپلوماتىيىدە توسالغۇ پەيدا قىلماي تۇرۇپ دۆلەت ئىچىدىكى يوشۇرۇن كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش"نى 1 «ياڭ زېڭشىن: "ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار"، 2 -، 8 – توپلام.» كۆرسىتىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەخمەت كامال ئاچقان مەكتەپنى تاقاپ، ئادەملىرىنى نەزەربەند قىلىپ، ئۆزىنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ ئىككى يىل قامىدى. 1919 – يىلى شاڭخەي ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. كېيىن ئەخمەت كامال مەكتەپ ئېچىش رۇخسىتىگە ئېرىشىپ قايتىدىن مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەكتەپتە چوقۇم خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشنى، تۈركىيىگە ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان ھەرقانداق سۆز – ھەرىكەتلەردە بولماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

ياقۇپنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىدا، ئۇ 1916 – يىلى 8 – ئايدا يەكەن ھاكىمىنىڭ يەكەن ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى ياقۇپ تۈركىيىلىك ئىكەن دېگەن مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال پۈتۈن شىنجاڭغا تۈركىيىلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلماسلىق ھەم مەكتەپ ئاچقۇزماسلىق توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. جۇڭگو گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ بەك سەگەكلىشىپ، تۈركىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى مەسچىتلەردە ئىمام بولۇشىنى چوقۇم چەكلەش زۆرۈر، بولمىسا شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار دىنىي جەھەتتە تۈركىيىگە ئىنتايىن ئەقىدە قىلىدىغانلىقتىن ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدۇ. ناۋادا پەخەس بولماي تۈركىيىلىكلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىنى ئىختىيارىغا

www.uyghurweb.net

قويۇۋەتكەندە ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا تۈركىيلىكلەرنى تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ ئۇلارنى ئايرىم — ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. رەسمىي سودىگەرلەرگە قارىتا ئۇلارنى قوغداش، ئەمما سانىنى، تىجارەت تۈرىنى ۋە مال مۈلكىنى ئېنىقلاشنى بۇيرۇدى. ۋەزخانلىق قىلغۇچىلارغا قارىتا ئۇلارنى ئىمام قىلماي قاتتىق تەقىبكە ئېلىش ھەم چېگرىدىن چىقارماسلىقنى بەلگىلىدى. قانۇنسىز كىرگەن سودىگەرلەر ۋە پاسپورتسىز ساياقلارغا قارىتا ئۇلاردىن قاتتىق پەخەس بولۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى قاماپ سالاھىيىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن چېگرىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ دوكلاتى ۋە تەدبىرلىرىگە قوشۇلۇپ "يەرلىكنىڭ ئامانلىقىغا تاقىلىدىغان ئىش بولسا قاتتىق تەكشۈرۈپ چەكلەش"نى 1«ياڭ زېڭشىن: "ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار"، 2 ـ، 8 — توپلام. » تەلەپ قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ جۇڭگو گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتتى. 1917 – يىلى 3 – ئايدا ئۇ چېگرىدىن كىرگەن تۈركىيلىكلەر مەيلى نەگىلا بارسۇن ئۇلارنى دەرھال تەكشۈرۈش ھەم رىجىمغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئىگىلىگەن يەتتە تۈركىيلىك نۇرغۇن پۇلنى ئېلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىش غەرىزىدە گەنسۇ دۇنخۇاڭدىن شىنجاڭغا كىرىپتۇ، دېگەن ئاخباراتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قاراشەھەر، لوپنۇر، چاقىلىق ۋە چەرچەن ھاكىملىرىغا تېلېگرامما يوللاپ ئۇلارنىڭ چوقۇم پەخەس بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىگە كورلىدىن چاقىلىققا بېرىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. 1917 – يىلى 4 – ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەرقايسى جايلارغا تۈركىيلىكلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش ھەم ئۇلارنى رويخەتكە ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىككى ـ ئۈچ يىلدەك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق مۇناسىپ سىياسەتلەرنى قوللاندى. شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل ئولتۇراقلىشىپ، ئۆيلىنىپ بالا – چاقىلىق بولۇپ، تۇرلۇك ئىش – ئوقەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلەرنى جۇڭگو پۇقراسى دەپ قاراپ رويخەتكە ئالدى ھەم جۇڭگو دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزدى. سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان ماكانلاشقۇچىلار، كۆچمەنلەر ھەم يۇرۇش – تۇرۇشى گۇمانلىق ساياقلارنى بولسا قوغلاپ چىقاردى ياكى چەكلىدى.

(3) شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە ھەجگە بېرىشىنى چەكلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدىن مەككىگە ھەجگە بارىدىغانلار "ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭ بولۇپ "، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەججە "پانئىسلامىزم"نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھەم "تۈركىيلىكلەرنى باشلاپ كېلىپ "،

www.uyghurweb.net

"شىنجاڭنى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى"دىن ئەنسىرەپ 1 – دۇنيا ئۇرۇشىنى باھانە قىلىپ 1917 – يىلى 3 – ئاينىڭ 3 – كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ھەجگە بارىدىغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا پاسپورت بېجىرىپ بېرىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگىرامما يوللىدى ھەم 4 – ئايدا بۇنى يولغا قويدى. تاكى 1927 – يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى قويدى.

(4) سىياسىينى ياخشىلىدى. ئۇ "پانئىسلامىزم"نىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى يوقىتىشتا سىياسىينى ياخشىلاش، ھۆكۈمەت بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش مۇھىم ھالقا دەپ قاراپ، 1923 – يىلى 1 – ئاينىڭ 17 – كۈنى "تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈيۈك ئىسلام مەسلىكى بىلەن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي جەھەتتە مۇناسىۋىتى بار. يەرلىك ئەمەلدارلار مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى ئۆز بۇرچى قىلىپ، چېگرىنىڭ ئەمىنلىكىنى ئىستىشى كېرەك" 1 «ياڭ زېڭشىن: "ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى"، 2 – جىلد. »دەپ جاكارلىدى.

(5) شىنجاڭ ئىچىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى جازالاشقا ئېتىبار بەردى. ئۇ ئىچكى مۇھىتنى تۈزەش تەدبىرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن شىنجاڭ ئىچىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالىدى. مەسىلەن، 1925 – يىلى 9 – ئايدا قەشقەر دوتېيىگە ئەخمەت كامالنى ئۆز مەيلىچە تەكلىپ قىلغان باۋۇدۇن، ئىمىن ئەلى قاتارلىق يېزا بەگلىرىنى قاتتىق جازالاشنى بۇيرۇدى. 1926 – يىلى، مەسئۇد غۇلجىدا مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم چەكلىسىمۇ توختىمىغاندا، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى تۇتتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزى ئۈچ قېتىم سوراق قىلىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قامىغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكى، ھەربىر ناھىيىدە دېگۈدەك چەت ئەللىك يېزا بەگلىرىنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا كېلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى تەرغىب قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىدىن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ قوشۇن بىلەن تاشقورغاندا تۇرغۇزۇپ، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئالاقىلىرىنى تۇتۇپ قالدى ھەم ئالاقە ئەكەلگۈچىلەرنى بىۋاستە چېگرىدىن چىقىرىۋەتتى. يەنە ھەرقايسى جايلارغا ئالاقە ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىلىكلەر شىنجاڭغا تارقالغان مەككە ۋالىيسىنىڭ خىتابنامىسىنى ئامال قىلىپ يىغىۋېلىشنى ھەم كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى.

گەرچە، ياك زېڭشىن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نۇرغۇن تەدبىر قوللىنىپ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشىنى توسقان، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" يەنىلا ھەر خىل يوللار بىلەن تەدرىجىي شىنجاڭغا سىڭىپ كىردى ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ \ ئۆچۈن، بۇ باپتا بەزى مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرىمىز.

## 1 – پاراگراف تۈركىستان ۋە "شەرقىي تۈركىستان"

### 1. تۈركلەر ۋە تۈركلىشىش

تۈركلەر: بۇ تىلشۇناسلىقتىكى تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئايرىلغان ئۇقۇم. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئايرىش ئەڭ دەسلەپتە مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن. جۇملىدىن ئەرەبلەر مىلادىيە 7 – 8 – ئەسىرلەردە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تۈركلەر بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا "تۈركلەر" دەپ ئاتىغان. 8 – ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى ھەم ئەتراپتىكى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بەزى ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرىدا يەنىلا "تۈركلەر" دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ كۆچمەن چارۋىچى ياكى يېرىم دېھقان، يېرىم چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقى دەل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى بولغان.

يېقىنقى زاماندا، دۇنيا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ تىلغا ئايرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، تارىخنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۇنيادىكى تىللارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئايرىش تەتقىقاتىدا، تۈركىي تىللار ئائىلىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى نۇرغۇن تىل سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ قىلغان. مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي تەرەققىيات ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، نۆۋەتتە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەرقايسى تىللار ئاساسلىقى ئاسىيا، جۇملىدىن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ئىران، رۇسىيىنىڭ جەنۇبىي، شۇنداقلا شەرقىي ياۋرۇپانىڭ بەزى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى، سالا تىلى، يۇغۇر تىلى قاتارلىقلار ؛ چەت ئەللەردىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىللاردىن تۈرك تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى

www.uyghurweb.net

قاتارلىقلار بار. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، يۇقىرىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەرقايسى تىللاردا سۆزلىشىدىغانلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئوخشىمىغان مىللەتلەرگە (جۈملىدىن چېگرا ھالقىغان مىللەتلەرگە) ئايرىلغان بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ "تۈركىي تىللىق مىللەتلەر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ئەمەس. يەنە كېلىپ "پانتۈركىزم" ئويدۇرۇپ چىقارغان ھازىرقى زامان "تۈرك مىللىتى"مۇ ئەمەس. تارىختا ئەزەلدىن "پانتۈركىزم"چىلار ئېيتقان "تۈرك مىللىتى" شەكىللەنمىگەن، مەۋجۇتمۇ بولمىغان. تارىختىكى "تۈركلەر" مىلادىيە 10 – ئەسىردىن كېيىنلا يوقالغان بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي قوشۇلۇش ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرىدىكى ئوخشىمايدىغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئالغان. شۇڭا، ھازىر دېيىلىۋاتقان "تۈركلەر" پەقەتلا تارىخىي ئۇقۇم، خالاس. 11 – ئەسىردىن كېيىن، گەرچە بەزى ماتېرىياللاردا "تۈرك" دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى "تۈرك" ياكى "تۈركلەر" ئاللىقاچان ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتالمىسى بولغان، ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتنى كۆرسەتمىگەن.

(2) تۈركلىشىش. بۇ ئاسىيا، ياۋروپانىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى بەزى خەلقلەرنىڭ تارىختا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز تىللىرىنى يوقىتىپ، تۈركىي تىلنى قوللىنىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان "تۈركلەر"گە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختا، تەڭرىتېغىدىن ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىق بىر پاسىل ھېسابلانغان بولۇپ، بۇ پاسىلنىڭ جەنۇبى ئاساسەن دېھقانچىلىق مىللەتلىرىنىڭ، شىمالى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ماكانى بولغان. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق مىللەتلىرى تۇرمۇش شەكلى ۋە قىممەت يۈزلىنىشى جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئالدىنقىسى ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ، ھەرقانداق جايدا مۇقىم ماكانلاشمىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق مىللەتلىرى بولسا بوستانلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسەن پارچە – پارچە يېگانە بوستانلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلغان. بۇنداق نىسپىي يېگانە، بىكىنمە بوستانلىق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىز ۋە تارقاق بولۇشىنى بەلگىلەپ، ئۇلارنى جەنۇبقا يۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدىغان قىلىپ قويغان. شۇڭا، مىلادىيىنىڭ ئالدى – كەينىدىن باشلاپ نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر، مەسىلەن ئۇسۇنلار، ياۋچىلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەر، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار، مۇڭغۇللار، ئۆزبېكلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان. بۇلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، تەبىئىيلا يەرلىك مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئارقا – ئارقىدىن جەنۇبقا كۆچۈشى بىكىنمە ھالەتتىكى يەرلىك بوستانلىق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگىمۇ يېڭى

هاياتىي كۆچ قوشقان. مىلادىيە 6 – ئەسىردە تۈرك خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا هۆكۈمرانلىق قىلغان. 9 – ئەسىردە، تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلار مۇڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلار تۈركلىششكە باشلىغان.

تۈركلىشىش جەريانى ئەمەلىيەتتە بىر ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ۋە يېڭىۋاشتىن بىرىكىش جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندا بەزى ئۇلۇسلار (مەسىلەن، قارلۇقلار، تۈركەشلەر، چىگىللەر، ياغمىلار، پەچەنەكلەر، ئوغۇزلار قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ۋە قاراقىتانلار، نايمانلار) يوقالغان، بەزى يېڭى مىللەتلەر (مەسىلەن، تۈركلەر، ئەزەربەيجانلار، تاتارلار، قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار قاتارلىق نەچچە ئون يېقىنقى زامان مىللەتلىرى) شەكىللەنگەن. بۇ يېڭىدىن شەكىللەنگەن مىللەتلەر ئىچىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دەپ ئاتالغان. ئەمما، ئالدىدا ئېيتقاندەك، هازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن قەدىمكى تۈركىي ئۇلۇسلار ئوخشىمىغان ئىككى ئۇقۇم. ئالدىنقىسى تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، كېيىنكىسى بولسا تارىخشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئىككىسىنىڭ بىۋاستە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى يوق. قانداشلىق، تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەهەتتىمۇ قەدىمكى ئۇلۇس نامى بولغان "تۈركلەر" بىلەن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان "تۈركىي تىللىق مىللەتلەر"نىڭ هېچقانداق مۇقەررەر بىۋاستە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى يوق.

## 2. تۈركىستان

تۈركىستان (      ) تۈپتىن جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم. "ستان" (      ) يەر، رايون دېگەن مەنىدە. "تۈركىستان" تۈركلەرنىڭ يېرى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنى ئىزاهلاش زۆرۈركى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە "تۈركلەر"نىڭ ماكانى ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، "تۈركىستان" بىر مۇجمەل تارىخىي – جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم بولۇپ قالغان.

بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيە 6 – 7 – ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى پۈتۈكلىرىدە خاتىرىلەنگەن. كونكرېت هالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى "ماۋارا ئۇننەهىر" رايونىنىڭ بىر بۆلۈكىنى كۆرسەتكەن. 12 – ئەسىرگە كەلگەندە بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسمى جايلىرىنى كۆرسەتكەن.

13 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەيىنى چاغدىكى مۇسۇلمان ئاپتورلار مۇڭغۇللار ئىگىلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى "مۇغۇلىستان" دەپ ئاتىغان. بۇ نام شەرقتە قۇمۇلغىچە، غەربتە

www.uyghurweb.net

تاشكەنتكىچە، جەنۇبتا پەرغانە، قەشقەرغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن "تۈركىستان" دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئالغان.

15 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۈركىي تىللىق مىللەت بولغان ئۆزبېكلەر سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ماۋارا ئۇننەھىر رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن بەزىلەر يەنە "تۈركىستان" دېگەن نامنى قوللانغان. ئەمما، بۇ نام پەقەتلا ماۋارا ئۇننەھىر رايونىنى كۆرسەتكەن. يەنە شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، ئۆزبېكلەر ئافغانىستاننىڭ شىمالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن بۇ رايون يەنە "ئافغانىستان تۈركىستانى" دەپ ئاتالغان.

17 – ئەسىرنىڭ بېشىدا، مۇڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ جوڭغار خانلىقىنى قۇرغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بولسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەكەن خانلىقى ئىدارە قىلغان. شۇنداق قىلىپ غەربىي يۇرتتا تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلىپ "جەنۇبتا ئۇيغۇرلار، شىمالدا جوڭغارلار" بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېقىنقى زامان مىللەتلىرىمۇ ئارقا – ئارقىدىن شەكىللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن تۈركىستان دېگەن نام خېلىلا مۇجمەللىشىپ ئاساسىي جەھەتتىن ھېچكىم قوللانمايدىغان بولغان.

1759 – يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب – شىمالى "يېڭىدىن قوشۇلغان كونا زېمىن" دېگەن مەنىدە شىنجاڭ دەپ ئاتالغان. يەنە غەربىي يۇرت، غەربىي دىيار، غەربىي رايون دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. 1884 – يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي رەسمىي ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىستان دېگەن بۇ تارىخىي نامنى يەرلىك تۈركىي تىللىق مىللەتلەرمۇ ئۆز زېمىنىنىڭ نامى قىلمىغان. جوڭگو ھۆكۈمىتىمۇ پەقەتلا ئىشلەتمىگەن.

19 – ئەسىرنىڭ بېشىدا، تۈركىستان دېگەن نام يەنە مەيدانغا چىققان. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشقا جەھەتتىكى مەنىسىنىلا ئەمەس، جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم سۈپىتىدىكى مەنىسىنى چۈشىنىشمۇ تەس بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ بەزىدە ئىنتايىن كەڭ مەنىنى ئىپادىلەپ، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسەتسە، بەزىدە تار مەنىدە كېلىپ، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىلا كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىستان بىر تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكىلەرنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ يېرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ

www.uyghurweb.net

ئاتشىدۇر. ئۇنى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرمۇ ئۆز ماكانىنىڭ نامى قىلمىغان. تەۋەسىدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بار دۆلەتلەرمۇ پەقەتلا قوللانمىغان. ماھىيەتتە ئۇ بىر قېلىپلاشمىغان، كېڭەيتىۋېتىلگەن جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدۇر.

## 3. شەرقىي تۈركىستان

"شەرقىي تۈركىستان" يەنە "جۇڭگو تۈركىستانى"مۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ پۈتۈنلەي يېقىنقى زاماندا بارلىققا كەلگەن ساپ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، دەسلەپتە تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسەتكەن. كېيىن ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدىكىلەر ئۆلچەمسىز ئىشلەتكەنلىكتىن ئۇ يەنە پۈتكۈل شىنجاڭنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

"شەرقىي تۈركىستان" دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئەنگلىيە، رۇسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى كېڭەيمىچىلىكى ھەم ئىپلىشىشى زىچ مۇناسىۋەتلىك. سىياسىي كۆرەش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چاررۇسىيە شەرقتە تىنچ ئوكيانغىچە كېڭەيگەندىن كېيىن،ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىكتە باشلاپ، قازاق يايلىقىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خانلىقلارنى قوشۇۋېلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىغا تەھدىت سېلىشقا ئۆرۈنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيىمۇ ھىندىستاندا جەنۇبىي ئاسىيا 2 – چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىغا كېڭەيمىچىلىكنى جىددىيلەشتۈرگەن. ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي، گېئولوگىيە خادىملىرى يەر شارائىتى، مىللەت ۋە سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ئاخباراتلارنى بىلىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن بەس – بەستە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەتراپىتىكى رايونلارنى تەكشۈرگەن. جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتا غەربلىكلەر يەر شارىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى خېلىلا پىششىق ئىگىلىگەن.ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز مەلۇماتقا ئىگە بولغان. شۇڭا، بۇ رايوننى جۇغراپىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە ئەسلىدە بار ناملارغا قارىماي بەزى مۇھىم جايلارغا مەجبۇرىي نام قويۇپ، ئۇلارنى ھازىرقى جۇغراپىيە سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشمۇ ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ كۈرىشىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولغان.

مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا، 1805 – يىلى، چاررۇسىيىلىك تىمكوۋسكىي ئۆزىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ دوكلاتىدا تۈركىستان دېگەن بۇ نامنى يەنە كۆتۈرۈپ چىققان. يەنى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى تىلغا ئالغاندا "تۈركىستان" دېگەن بۇ نامنى ئىشلەتكەن. بۇ ئىككى رايوننىڭ سىياسىي تەۋەلىكى

ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مىللىتى، ئۆرپ – ئادىتى، تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى "شەرقىي تۈركىستان" ياكى "جۇڭگونىڭ تۈركىستانى" دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن باشقا غەربلىكلەرمۇ بۇ نامنى قوللانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىر ساپ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە چاررۇسىيە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋە، بۇخارا ۋە قوقان خانلىقلىرىنى قوشۇۋالغان ھەم ماۋارا ئۇننەھىر رايونىدا "تۈركىستان گوبېرناتورلۇقى"نى تەسىس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن غەرب مۇستەملىكچىلىرى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇمھۇرىيەتنى "غەربىي تۈركىستان" ياكى "رۇسىيىگە قارام تۈركىستان" دەپ ئاتىغان. ماس ھالدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى "شەرقىي تۈركىستان" ياكى "جۇڭگو تۈركىستانى" دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلار پۈتۈنلەي يېقىنقى زامان غەرب مۇستەملىكچىلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالغۇ بولۇپ، بېكىتىلىپ  كەتكەن ئۆلچەملىك ئاتالغۇمۇ ئەمەس. ئىلمىي، توغرا قوللىنىلغان ئاتالغۇمۇ ئەمەس.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە، چاررۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئاتالغۇلار قايتا پەيدا بولغاندا ياكى ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ مەنىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ،ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارانىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. چاررۇسىيە ئالللىقاچان تارىخنىڭ چاڭ – توزانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ نامنى كۆتۈرۈپ چىقىشتا، ئۇنى ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئاتالمىش "ۋارىسلىق نەزەرىيىسى"دىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېسىۋېلىشنى ئويلىغان. ئەنگلىيە بولسا بۇنىڭغا تېخىمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، پۈتكۈل جەنۇبىي ئاسىيا 2 – چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بېسىۋېلىش، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئافغانىستاننىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى "جەنۇبىي تۈركىستان" دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پامىر ئېگىزلىكىنى پاسىل قىلىپ، ئاتالمىش "غەربىي تۈركىستان" ۋە "شەرقىي تۈركىستان"نى ئايرىپ چىققان. "غەربىي تۈركىستان" سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى كۆرسەتكەن. "شەرقىي تۈركىستان" بولسا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىنى كۆرسەتكەن. كېيىنچە يەنىمۇ كېڭىيىپ پۈتكۈل شىنجاڭنى كۆرسەتكەن. ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز تاجاۋۇز قىلىش ۋە كېڭىيىش جەريانىدا سىياسىي ۋە ھەربىي ئېلىششتا پەيدا قىلغان بۇ ئاتالغۇلىرى، يەنى جەنۇبىي، شىمالىي تۈركىستان ۋە شەرقىي، غەربىي تۈركىستان ئۇقۇملىرى كېيىنچە ياۋرۇپالىقلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن، ھەتتا جۇغراپىيىلىك دائىرىسى ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىغىچە كېڭەيگەن.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" يېقىنقى زاماندىلا پەيدا بولغان ئۇقۇم بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە پەقەتلا جۇغراپىيىلىك دائىرىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسى، جۇغراپىيىلىك چارلىشىنى چىقىش قىلىپ پەرۋاسىزلارچە نام قويغانلىقىنىڭ ياكى جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىسىنى بىلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەلۋەتتە ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئۇ ئەنگلىيە، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەنگلىيە، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار پەيدا قىلغان بۇ ئاتالغۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى بارا – بارا كېڭىيىپ، سىياسىي ۋە مىللەت جەھەتتىكى مەنىسىمۇ بارا – بارا كۆپەيگەن.

## 2 – پاراگراف غەلىتە سىياسىي تۈرەلمە – "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"

ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرى "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى يۆنىلىشنى بويلاپ تەرەققىي قىلدى: بىر تەرەپتىن ئۇ "ئىككى پان"دىن ئوزۇق ئېلىپ تەدرىجىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى قىلىشىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئايلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەنگلىيە، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۈچلەندۈرۈشى ئاستىدا سىياسىي مەنە ئېلىپ، بۇ مەنىسى بارا - بارا روشەنلىشىپ، بىر "مۇستەقىل دۆلەت" ئۇقۇمىغا ئۆزگەردى. شۇنداق قىلىپ "شەرقىي تۈركىستان" تۇتۇرۇقسىز، قۇرۇق ئۇقۇم بولماي، بەلكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان سىياسىي پروگراممىغا ئايلاندى.

### 1. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيە سىستېمىسى – "ئىككى پان"دىن يۇقۇملانغان شۇمبۇيا

19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەر بۇ ئاتالغۇنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنى بارا – بارا بېيىپ، ئۇ دۆلەتنى پارچىلايدىغان نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئۆزگىرىپ، شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيە ئۆز مەقسەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ھە دەپ ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتتا، دەل "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" پەيدا بولغان ھەم

www.uyghurweb.net

شىنجاڭغا تارقىلىۋاتقان، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىمۇ شەكىللىنىۋاتقان ئىدى. بىخلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەر "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ھەم "ئىككى پان" ئىدىيىسىنى مۇجەسسەملىگەن، ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئويىنى تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان بىر نەزەرىيىگە موھتاجلىقىنى جىددىي ھېس قىلىپ تۇرغاندا، نەق "شەرقىي تۈركىستان"نى ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتتى. ئالدى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" نام جەھەتتە ھەم جۇڭگو شىنجاڭدىن پەرقلىنەتتى، ھەم "پانتۈركىزم"غا باغلانغانىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇنىڭ دەل ئوسمانلى تۈركىيىسى بىلەن "يېقىنلىق" مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇستەقىللىقتا "يۆلەك" ۋە ماكان ئىزدەش نىيىتىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئەنگلىيە، چاررۇسىيە ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەرب ئىلىم ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ھە دەپ قوللىنىلغانلىقتىن، بۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك ئېتىراپ قىلىنغانلىقى" ۋە "ئېتىراپقا ئېرىشكەنلىكى"نىڭ "پاكىتى" بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار سۆزسىز بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىپ ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ نۇرغۇن مەزمۇن قوشۇپ، تەدرىجىي مۇكەممەل بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك سىستېمىسىنى قانداق بەرپا قىلدى ؟ ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، ئەسلىدە تارقاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۇلاردىن نەزەرىيە ئاساسى تاپتى. ئالدى بىلەن، "پانئىسلامىزم"دىن "ھەقىقەت"نى تېپىپ، ئۇنى "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مەنبەۋى ئۇلى قىلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، يەنە "پانتۈركىزم"دىن "يىلتىز"نى تېپىپ، ئۇنى "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئۇلى قىلدى. ئۈچىنچىدىن، پان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى مەۋقە قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بىلەن "ئىككى پان" ئىدىيىسىنى يۇغۇرۇپ، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ سىستېمىنىڭ يادرولۇق ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى "پانئىسلامىزم" ھەم "پانتۈركىزم" بولۇپ، سىياسىي نىشانى "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ ئىدىيىۋى سىستېما تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

دىن قارىشى جەھەتتە، "پانئىسلامىزم"دا چىڭ تۇرغان. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ئەسلىدىن "ئىككى پان"نىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، "پانئىسلامىزم" بۇ سىستېمىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، پەقەتلا ئۆزگىرىش ياساپ شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەنگەن ؛ بىرىنچىدىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ

www.uyghurweb.net

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئاملىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئەكسىچە ۋەتەننى پارچىلاش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن جاھانگىرلار ۋە جۇڭگوغا قارشى باشقا كۈچلەر بىلەن ئاشكارا بىرلەشكەن. "بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام دىنى"، "ئەگەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىساق ئاسسىمىلياتسىيەلىشىپ كېتىمىز ۋە يوقىلىپ كېتىمىز" دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان. ئىككىنچىدىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش دەپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمانغا زەربە بەرگەن، "خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ خۇيزۇلارنى يوقىتايلى" دېگەن شۇئار دەل ئۇنىڭ خۇيزۇ مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش، ئۇلارنى چەتكە قېقىشتەك ئەپت — بەشىرىسىنى تېپىك ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا، "پانئىسلامىزم" گەرچە "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مەنىۋى تۈگۈنى بولغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان سىياسىي ئەسەبىيلىك ۋە شىنجاڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان.

مىللەت قارشى جەھەتتە، "پانتۈركىزم"دا چىڭ تۇرۇش "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىدىيىۋى ئۇلى بولۇپ، "پانتۈركىزم"، "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا تۈركلەر ئەلالىقى نەزەرىيىسى ۋە سىياسىيۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك تار مىللەت قارشى بولۇپ مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. تۈركلەر ئەلالىقى نەزەرىيىسىدىن ئالغاندا، ئۇ "شەرقىي تۈركىستان"دىكى تۈركلەر قەدىمىي ھەم ئەلا، "دۇنيا تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان داڭلىق مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر"، "ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئاساسلىق يەرلىك مىللەتتۇر"، "(بىزنىڭ مىللىتىمىز) ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت"، "دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان دۇنيادا 1 — ئورۇندا تۇرغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا زور تۆھپە قوشقان مىللەت" دېگەننى كۈچەپ تەرغىب قىلغان. تار مىللەت قارىشىدىن ئالغاندا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتى شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن ئەلا دەپ چوڭ ئۇيغۇرچىلىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇشقا جامائەت پىكرى ھازىرلاش غەرىزىدە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇلار ۋەكىللىكىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەرنى چەتكە قېقىپ، خەنزۇلار "ياۋۇز تاجاۋۇزچىلار ھەم مۇستەملىكىچىلەر" دەپ ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى ئورتاق قوغدىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى خەنزۇلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش ھەم خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۈزلۈكسىز بويسۇندۇرۇش تارىخى قىلىپ تەسۋىرلەپ، "تۈركلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرايلى"، "كاپىرلارنى يوقىتايلى" دەپ داۋراڭ سالغان. بۇنداق مىللەت قارشى "پانتۈركىزم"گە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تار مىللەت قارشى بولۇپ شەكىللەنگەن.

تارىخ قارىشى جەھەتتە، ئىدېئالىزملىق تارىخ قارىشىدا چىڭ تۇرغان. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى "پانتۈركىزم"نىڭ سەپسەتىلىرىگە ئەگىشىپ، تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدەك پاكىتقا قارىماي، تارىخنى خالىغانچە بۇرمىلىغان ۋە ئۆزگەرتكەن. ئۇ "شەرقىي تۈركىستان" خەلقىنىڭ تەخمىنەن ئون مىڭ يىللىق تارىخى بار دەپ تەلۋىلەرچە جۆيلەپ، ئۇيغۇرلار، ھۇنلار، تۈركلەر بىلەن "قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە"، "مەنبە جەھەتتە ئۇلار بىلەن قېرىنداش"، "ئىرق جەھەتتە بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان"، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا 11 قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان، نەچچە ئون مىڭ چاقىرىملىق تارىخىي پائالىيەت ماكانى ھازىرلىغان، "ۋەتەن"ى ياۋروپا – ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ھالقىپ، "غەربتە ئازوۋ دېڭىزى، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ھەم ياۋروپاغىچە، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىغىچە، شەرقتە تىنچ ئوكيانىغىچە، جەنۇبتا ھىندىستانغىچە يەتكەن"، "ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى"، "شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ داڭلىق، مەدەنىيىتى ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان دۆلەت" دەپ چالۋاقاپ، "بىز پەقەت قەدىمىي ۋەتىنىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرىمىز" دېگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ تارىخ قارىشى "پانتۈركىزم"نىڭ بوۋىلىرىنىمۇ خىجىللىقتا قويغان.

دۆلەت قارىشى جەھەتتە، "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى"دە چىڭ تۇرغان. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بىر تەرەپتىن ئاتالمىش "تۈرك مىللىتى"، "تۈرك مەدەنىيىتى" ۋە "تۈرك دۆلىتى"نى تەرغىب قىلىپ، قەدىمدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ۋە غەربىي يۇرتتا ياشىغان بارلىق مىللەتلەر، جۇملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشمەيدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى "تۈرك مىللىتى"، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى "تۈرك مەدەنىيىتى"، ئۇلار ياشىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى "تۈرك دۆلىتى" دەپ، بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ بىرلىككە كەلگەن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، دىن، روھ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە بىرلىككە كەلگەن "ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن" دۆلەت قۇرۇشنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام ئىمپېرىيىسىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، "پانتۈركىزم"نىڭ بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، بەلكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ياكى تۈركىي تىللىق دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان مۇستەقىل "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇشنى كۈچەپ قۇتراتقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ دۆلەت قارىشى ماھىيەتتە دەل مىللىي ئايرىمىچىلىق، جۇملىدىن مىللەتنى پارچىلاش، دۆلەتنى پارچىلاش بولغان.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق دۆلەت قارىشى "پانتۈركىزم"لىق دۆلەت قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرىدۇر. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، "پانتۈركىزم" چىڭ تۇرغان دۆلەت قارىشىنى مەيلى تارىختا

www.uyghurweb.net

بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ھېچقانداق دۆلەت ھەقىقىي ئېتراپ قىلمىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ياۋروپا، ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن مىللىي ئايرىمچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە بىرلىكىگە غايەت زور خەۋپ پەيدا قىلغان، ھەتتا تۈركىيىگە نىسبەتەنمۇ شۇنداق بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى پۈتۈنلەي تارىخنىڭ رېئاللىقى بولغانلىقى، تارىختا ئاللىقاچان يوقالغان بىر ئاتالمىش مىللەت بىلەن يەنە ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى يۇغۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى دەل "پانتۈركىزم"نىڭ دۆلەت قارشىنىڭ ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەب بولۇپ، بۇ پەقەتلا بىر خىل تەتۈر خىيالدۇر.

كۆرەش يولى جەھەتتە، "شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي نەزەرىيىسى"نى تەرغىب قىلغان. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى "جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي قىلىش كېرەك" دېگەننى تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى "شەرقىي تۈرك خەلقلىرى"نىڭ "دۆلەت قارشى، مىللەت ئېڭى، دىنىي ئەقىدىسى"نى كۈچەيتىشكە قۇترىتاتقان. بۇنداق ئىنقىلاب نەزەرىيىسى 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدىكى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئېقىمىنى ئۆرنەك قىلىپلا قالماي، ئۆزگە زامانىۋى ماركا چاپلىغان.

مەدەنىيەت قارشى جەھەتتە، "ئورتاق تۈرك مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى"دە چىڭ تۇرغان. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى "پانتۈركىزم"نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ مىللەت قارشى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، قەدىمدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ھەم غەربىي يۇرتتا ياشىغان بارلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدا بولغان ۋە تۈركىي تىل سىستېمىسىدا بولمىغان بارچە مىللەتلەر "تۈركىي مىللەتلەر"، ئۇلار ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت "تۈرك مەدەنىيىتى"، "تۈپتىن ئېيتقاندا بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت" دېگەن ھەم بۇ مەدەنىيەت قارشىغا تايىنىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭدىكى قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياراتقان مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى تۈرك مەدەنىيىتى، جۈملىدىن "شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيىتى" دەپ قارىغان. بۇنداق مەدەنىيەت قارشى مىللەت، دۆلەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى يوققا چىقىرىپلا قالماي، بەلكى يەنىلا سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى "پانتۈركىزم"ى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى "پانتۈركىزم"ى باشتىن – ئاخىر ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ھەر قېتىم سىياسىي جەھەتتىكى "پانتۈركىزم" ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتىكى "پانتۈركىزم"نىڭ شەكلىدە يوشۇرۇنۇۋالغان، مۇۋاپىق شارائىت بولغان ھامان مەدەنىيەت جەھەتتىكى "پانتۈركىزم" سىياسىي جەھەتتىكى

www.uyghurweb.net

"پانتۈركىزم"گە ئۆزگەرگەن. شۇڭا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى "پانتۈركىزم" سىياسىي جەھەتتىكى "پانتۈركىزم"نىڭ ئاساسى، ئانىسى، ماكانىدۇر.

"شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى "ئىككى پان" ئىدىيىسىنىڭ زەھرىدىن يۇقۇملىنىپ ئۆسكەن شۇمبۇيا. بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەزىل مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى مۇناسىپ ھالدا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنى ئۇنسۇرلىرى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

## 2. "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى": ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دۆلەت

"شەرقىي تۈركىستان" دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ پەيدا بولغاندىن كېيىنكى يەنە بىر تەرەققىيات يۈنىلىشى "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نى روياپقا چىقىرىش بولدى. "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا مەقسەتلىك ئويدۇرۇپ بەرگەن "ماكان" بولۇپ، ئۇ يەنە "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىلتىجاسىدۇر.

(1) تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن قارىغاندا، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" ئۇقۇمىنى سىياسىي جەھەتتە كۈچەيتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىرىنچى، ئەنگلىيە، چارروسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر "ئىككى پان" ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش "مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى كۈچەيتكەن. ئەنگلىيە، چارروسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر "شەرقىي تۈركىستان" ئۇقۇمىنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا "پانتۈركىزم" دەل شىنجاڭغا تارقىلىۋاتقان بولۇپ، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بەزى تۈركىيىلىك جاسۇسلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ مەخسۇس "پانتۈركىزم"نى تارقىتىشىنى قوللىغان. ئۇلار ياكى كىتاب – ژۇرنال تارقىتىش، ياكى ۋەزخانلىق قىلىش، مەكتەپ ئېچىشتىن پايدىلىنىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بىر مۇستەقىل دۆلەت، جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس، دەپ ئېزىتقۇلۇق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، كاپىرلارنى يوقىتىش، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەرغىب قىلغان. بۇ ماھىيەتتە ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، "تۈرك" مىللىتىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنى

www.uyghurweb.net

كۆچەيتىش، جۈملىدىن "شەرقىي تۈركىستان"نىڭ مۇستەقىللىقىغا بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈش بولغان.

ئىككىنچى، ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكى "شەرقىي تۈركىستان" ئۇقۇمىنى سىياسىيلاشتۇرغان. چارروسىيە تۈركىستان ئاتالغۇسىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىپ "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، "ۋارىسلىق نەزەرىيىسى" سەپسەتىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىنى يۇتۇۋېلىش ياكى بېسىۋېلىشنى سىياسىي مۇددىئا قىلغان، ئەنگلىيە بولسا بۇنىڭغا تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ، "جەنۇبىي، شىمالىي تۈركىستان" ۋە "شەرقىي، غەربىي تۈركىستان"نى ئايرىپ چىقىشتىمۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىگىلىۋېلىشنى مۇددىئا قىلغان. ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىنى پەيدا قىلىشتىكى مەقسىتى ئاتالمىش "تۈركىستان"نى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىكى سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، سىياسىي مەنە ئالغان بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بۇ ۋاقىتتا جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، جۇڭگونى بۆلۈش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن بىر سىياسىي ئۇقۇمغا ئايلانغان ھەم تەرەققىي قىلىپ بىر سىياسىي گەۋدە ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان" ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىگە چېگرا ئىچى — سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋارىسلىق قىلغان.

ئۈچىنچى، "شەرقىي تۈركىستان"نى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ تەشكىللىگەن ۋە قوللىغان. "ئىككى پان" ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار 19 — ئەسىرنىڭ 60 — 70 — يىللىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگنى تاجاۋۇزچى دەپ قارىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئوغرىنى ئاتا تۇتۇپ، ئۇنى يېقىنقى زاماندىكى "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقىنىڭ باشلامچىسى دەپ قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكلا ياقۇپبەگنى ئېتىراپ قىلغان ھەم ئۇنى كۆپ تەرەپتىن قوللىغان بولۇپ، كېيىنچە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئەنگلىيىنى ياردەم بېرىدىغان نىجادچى دەپ قارىغان. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بۇنداق "رىشتە"دىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە قوللىغان، ئۆز ۋاكالەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۇلارنى "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى بىلەن سۇغارغاندىن سىرت، ئۇلارغا "مۇستەقىللىق" ھەققىدە ئەقىل كۆرسەتكەن. مەسىلەن، 1918 — يىلى 5 — ئايدا خوجىلار ئەۋلادىدىن بولغان مەمتىلىخان ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ پىلانلىشى، ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ "خەنزۇلارنى تامام قىرىپ زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى" دېگەننى ئوتتۇرىغا

www.uyghurweb.net

قويۇپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى پروگرامما قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە – خەلقنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن توپىلاڭ تېزلا تىنچىتىلىپ، زور ئاپەتكە ئايلىنالمىغان.

(2) "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەلپى ۋە ئىنكاسىدۇر. 20 – ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ پەيدىنپەي تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى بەزى ئەسەبىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي ئۇنسۇرلار ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكى پەيدا قىلغان يالغان، زىيانلىق ئۇقتىئىنەزەرلەرنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان ھەم تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان"نى سىياسىي گەۋدىگە كۆتۈرگەن. ئۇلار "ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام" دەپ ئاشكارا جاكارلاپ، "شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن بۇيان بىر مۇستەقىل دۆلەت" خەلقى تەخمىنەن ئون مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ تەشۋىق قىلىپ، بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ بىر "ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن" دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تارىخىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، "تۈركىي مىللەتلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش"، "كاپىرلار"نى يوقىتىش ھەققىدە داۋاراڭ سالغان. يەنە ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمدىن بۇيان بىر مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكى"نى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن "خەنزۇلار تاجاۋۇزچىلىقى نەزەرىيىسى"نى ئىجاد قىلىپ، خەنزۇلار "شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغان" دەپ بوھتان چاپلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى "بېسىۋېلىش"، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى "يۇتۇۋېلىش" تۇر، شۇڭا "كاپىرلار"نى قوغلاپ چىقىرىپ "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" توغرىسىدا ئېنىق ھەم تەپسىلىي تونۇشقا كەلگەن. جۈملىدىن ئۇ قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر مۇستەقىل دۆلەت، ئىسلام دۆلىتى، ئۇ كاپىرلارغا قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب – شىمالىنى، يەنى پۈتكۈل شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ "تۈركلەر"نىڭ دۆلىتى بولۇپ، خەنزۇلار ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشمەيدىغان مىللەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇ كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بولۇپ، تۈركىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق چەت ئەل كۈچلىرىنى تايانچ قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ قارىغان. بۇ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى"نى تەرغىب قىلىشتىكى مەقسىتى دەل "جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇش ئۈچۈن" ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى "شەرقىي تۈركىستان خەلقى"نىڭ "دۆلەت قارشى، مىللەت ئېڭى، دىنىي ئەقىدىسى"نى كۈچەيتىشكە قۇترىتىش بولغان.

www.uyghurweb.net

### 3. "غەلتە سىياسىي تۆرەلمە" ئۈستىدە تارىخىي تەھلىل

ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ رىقابىتىدە ئاپىرىدە بولغان "غەلتە تۆرەلمە" بولۇپلا قالماي، "ئىككى پان"نىڭ زەھىرىدىن يۇقۇملانغان "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىدىن ئىبارەت شۇمبۇيىنىڭ رەزىل مېۋىسىدۇر. بىز ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئۈستىدە تارىخىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ باقايلى.

(1) ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" — تارىخىي نەزەردىكى غەلتە سىياسىي تۆرەلمىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاددىيغىنا تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى مۇنداق:

ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ بىر مۇستەقىل دۆلەت" دېگەن سەپسەتە توغرىسىدا. بۇ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاش ۋە قىپقىزىل ئويدۇرمىچىلىق قىلىشتۇر. شىنجاڭ قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا جۇڭگوغا تەۋە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي سۇلالىلەر ياكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر شىنجاڭنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇپ كەلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 — يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب — شىمالى ۋە پامىر قاتارلىق رايونلارنى ئىدارە قىلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى يەنە غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ جايلارنى باشقۇرغان ھەم بوز يەر ئاچقۇزغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ساۋۋېي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتىكى لوپنۇر ۋە ئىدىقۇتتا غەربىي يۇرت دورغاپى ۋە قورۇل چېرىكچىسى قويۇپ، ئىۇرغول ناھىيىسىنى تەسىس قىلغان. غەربىي جىن سۇلالىسى ساۋۋېي ھاكىمىيىتىنى دوراپ ئىدارە قىلغان. ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ ۋالىي قويغان. كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى تەيىنلەپ يەنە ئىدىقۇت ۋىلايىتى تەسىس قىلغان. توغبات سىيانپىلىرى قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى لوپنۇردا پىشامشان قورغىنى ۋە ئاگنى قورغىنىنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلدار قويۇپ ساقلىغان. سۈي سۇلالىسى ئىۇرغولدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئىلگىرى — كېيىن بولۇپ پىشامشان ۋىلايىتى، چۇرگان ۋىلايىتى، ئىۇرغول ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەسلىپىدە ئىدىقۇتتا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. مىلادىيە 648 — يىلى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە كۆچۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب — شىمالى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىدارە قىلغان. مىلادىيە 720 — يىلى يەنە بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىدارە

قىلغان. كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلې (قەشقەر) سۇيئاب مەشھۇر "تۆت قورغان" بولغان. تاڭ سۇلالىسى يەنە ئەنشى ھېراۋۇلى ۋە بەشبالىغ ھېراۋۇلى تەسىس قىلغان. مىلادىيە 10 – ئەسىرنىڭ ئالدى – كەينىدە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى، ئۇدۇن خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولغان، كېيىنكى جىن سۇلالىسى ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەنگە ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى دېگەن نامنى بەرگەن، قاراخانىلار خانى ئۆزىنى تابغاچ خان (جۇڭگونىڭ خانى) دەپ ئاتىغان. يۈەن سۇلالىسى ئالمالىقتا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى، بەشبالىغ (ھازىرقى جىمسار) قاتارلىق جايلاردا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، ئايغاقچى مەھكىمىسى، ئەمىر – لەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا قاراۋۇلانا تەسىس قىلغان، چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان، مىڭ سۇلالىسى ئالتاي يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئويراتلارنىڭ سەردارىغا ئوتۇغات بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1759 – يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىلىدىكى كۈرەدە ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب – شىمالىنى باشقۇرغان. شىنجاڭ دېگەن نام چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرت، غەربىي ديار، غەربىي رايون دېگەن ناملار بىلەن تەڭ ئىشلىتىلىپ، ئوخشاشلا غەربتىكى زېمىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. 1878 – يىلى زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان. 1884 – يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۆلكىسى چىڭ سۇلالىسى، مىنگو دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىنىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان بولۇپ، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان، قانداقتۇ بىر مۇستەقىل "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان" قەدىمدىن تارتىپ بىر مۇستەقىل دۆلەت دېگەن قاراش پۈتۈنلەي بىمەنە خىيالدۇر.

ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرنىڭ دۆلىتى"، ئۇ خەنزۇلار ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشمەيدىغان مىللەتلەرگە قارشى تۇردۇ، دېگەن سەپسەتە توغرىسىدا. بىرىنچىدىن، تارىخ ئىسپاتلايدۇكى، شىنجاڭ قەدىمدىن كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون بولغان، ھەرگىزمۇ بىرلا مىللەت ياشىغان رايون بولمىغان. دەسلەپتە ساكلار، ياۋچىلار، ھۇنلار، ئۇسۇنلار، دىڭلىڭلار، چياڭلار، خەنزۇلار، كرورانلىقلار، قوشلار، ئاگىنىلىقلار، كۇسەنلىكلەر، سۇلېلىقلار، ئۇدۇنلۇقلار، كېيىن سيانپىلار، جورجانلار، تۈركلەر، تۇيغۇنلار، تىبەتلەر، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار، قىتانلار، مۇڭغۇللار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ياشىغان ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق،

قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، خۇيزۇ، شىبە، مانجۇ، تاتار، ئۆزبېك، داغۇر، رۇس قاتارلىق 13 ئاساسلىق مىللەت مەۋجۇت بولغان. غەرب – شەرق قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ غەرب – شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملەپ، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىنى راۋانلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە قىلىشىدىغان ۋە جەم بولىدىغان سورۇنىغا ئايلانغان. شۇڭا ئۇ "دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ مۇزېيى" دەپ نام ئالغان. ئىككىنچىدىن، يۇقىرىقى سەپسەتە ئەمەلىيەتتە " پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنىڭ ئازدۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاتالمىش "تۈرك مىللىتى" ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈنىڭ تار مىللەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۈچىنچىدىن، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نىڭ ئويدۇرغۇچىلىرى بىر تەرەپتىن "تۈركىي خەلقلەر"نى ئاساس قىلىش ھەققىدە چۇقان سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن "ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىش"نى تەرغىب قىلغان بولۇپ، بۇ ئىنىڭ ساختىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرنىڭ دۆلىتى" دېگەن سەپسەتە تارىخنى ۋە رېئاللىقنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلغان قۇرۇق خىيالدۇر.

ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان" بىر ئىسلام دۆلىتى، ئۇ كاپىرلارغا قارشى تۇرىدۇ، دېگەن سەپسەتە توغرىسىدا. شىنجاڭنىڭ تارىخ تەرەققىياتى ۋە رېئاللىقىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن مۇجەسسەملەنگەن جاي بولۇپ، بۇددا دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، تويىن دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئۇزۇن مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇددا دىنىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى – كېيىندىلا شىنجاڭغا تارقالغان بولۇپ، شىنجاڭغا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان دىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئۇ ئىزچىل مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ھازىرمۇ شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈرلۈك نەپىس بۇددىزم يالداملىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنى مىلادىيە 9 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، 9 – ئەسىردە ۋە 14 – ئەسىردە ئىككى قېتىم ئىسلاملىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نىشانى دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن تۈزۈلمە بولسىمۇ، شىنجاڭدا بەزى تارقاق مۇسۇلمان خانلىقلىرىدىن باشقا، ئەزەلدىن مۇقىم، بىرلىككە كەلگەن، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ باقمىغان. "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئايرىمچىلىق قىلىشنى تەرغىب قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئادەم ئالدايدىغان نەيرەڭۋازلىق بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتىدا ھەرقايسى مەزھەپلەر ئۇزۇن مۇددەت توختىماي نىزا قىلغان ھەم نىزادا دىنىي مەقسەتنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي قارشى ئالمىغان. "خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ خۇيزۇلارنى يوقىتىش"نى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان"نىڭ زېمىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب – شىمالىنى، يەنى پۈتكۈل شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن سەپسەتە توغرىسىدا. بىزگە مەلۇمكى "شەرقىي تۈركىستان" ئەڭ دەسلەپتە ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسەتكەن، كېيىنمۇ كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسەتكەن. كېيىنچە ئەنگلىيە، چارروسىيە ۋە باشقا بەزى غەربلىكلەر ئۇنى كېڭەيتىپ، ئوخشىمىغان مەزگىللەردە پۈتكۈل شىنجاڭنى كۆرسىتىدىغان قىلغان. ۋەھالەنكى، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نىڭ پۈتكۈل شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدىن ئاچ كۆزلۈك ۋە ياۋۇزلۇقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ناۋادا بىز "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ دۆلەت قارىشىغا يەنىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرغىب قىلغان "ۋەتەن" زېمىنىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ئۇنداقتا، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نىڭ ئىجادچىلىرى يەنە نېمىشقا زېمىنىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب – شىمالى بىلەنلا چەكلەپ قويىدۇ ؟ بۇنىڭ بىردىنبىر شەرھىسى شۇكى، بۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇقۇملارنىڭ قۇسۇرى كۆپ، ئاساسى يوق، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مۆددىئاسى شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىۋېتىش بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىدۇر.

(2) يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىن قارىغاندا، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ئەنگلىيە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېلىشىشىدىن ئاپىرىدە بولغان غەلىتە سىياسىي تۆرەلمىدۇر.

ئەنگلىيە، چارروسىيە 19 – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانى چۆرىدەپ رىقابەتنى قانات يايدۇرغان. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە شەرقتە سالۋىن دەرياسىدىن غەربتە كىبىر تاغ ئېغىزىغىچە بولغان مۇستەملىكىنى قۇرۇپ چىقىپ، جەنۇبىي ئاسىيا 2 – چوڭ قۇرۇقلۇقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان قاراقۇرۇم تېغىنى بويلاپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن تۇتاشقان. ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ ھىندىستان ھەم خام ئەشيا بازىسى، ھەم غايەت زور بازار بولغاچقا، ئەنگلىيە ئۇنى ئاسىيادىكى جېنى دەپ قارىغان. چارروسىيە ئىزچىل ئەنگلىيىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشىدىكى رەقىبى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى مەنپەئىتىنىڭ تەھدىتچىسى ۋە رىقابەتچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ 19 – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قول تىقىپ، 19 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانغا بىۋاسىتە تەھدىت سالغان. بۇ ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئەنگلىيە، چارروسىيە تالىشىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ قالغان. ئەنگلىيىگە نىسبەتەن

www.uyghurweb.net

ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ شىمالىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئافغانىستاندىن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىغىچە بولغان ئارىلىق رايون قۇرۇپ، چاررۇسىيە بىلەن بىۋاستە تۇتۇشۇشتىن ساقلىنىشنى ئۆز ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى قىلغان، بۇ ھەم "ئىلگىرىلىگۈچى سىياسەتچىلەر"نىڭ ئاساسىي سىياستى بولغان. چاررۇسىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئۆزى بۇ جايدا ئېرىشكەن مەنپەئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ناۋادا جۇڭگو شىنجاڭنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلالمىسا، شىنجاڭدا بىر ئۆز كونتروللۇقىدىكى "ئارىلىق دۆلەت"نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

19 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1917 – يىلى چاررۇسىيە گۇمران بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى رىقابىتىنى ئاساسلىق ئىككى خىل شەكىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بۇنىڭ بىرى شىنجاڭنى بۆلۈپ ئارىلىق دۆلەت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، يەنە بىرى كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، سودا قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مۇھاجىر كۆپەيتىش ئارقىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ۋاكالەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ شىنجاڭنى تىزگىنلەش بولغان. ئالدىنقىسىدا، تەخمىنەن 1865 – يىلدىن 1879 – يىلىغىچە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە ياقۇپبەگنى قولغا كەلتۈرۈشنى تالاشقان. بۇنىڭدا ئەنگلىيە ياقۇپبەگنىڭ دۆلەت قۇرۇشىنى قوللاپ، ئۇ قۇرغان دۆلەتنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان بىلەن چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق دۆلەتكە ئايلاندۇرماقچى بولغان. چاررۇسىيە بولسا قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ياقۇپبەگنى باش ئەگدۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى قورچاققا ئايلاندۇرماقچى بولغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئويى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى بىلەن بەربات بولغان. كېيىنكىسىدە، 19 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 1918 – يىلىغىچە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ تەرەپلىمە رىقابەتنى قانات يايدۇرغان. ئۇلار قەشقەردە باش كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، سودىنى كېڭەيتىپ، مۇھاجىرلارنى قانۇنسىز كۆپەيتىپ، جۇڭگونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە تارتقان، ھەتتا قىسقان. ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇنداق رىقابىتىمۇ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىقنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينىغان.

ئەنگلىيە، چاررۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى ئاددىي باياندىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېلىشىش دولقۇنىنىڭ ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلاشقان. ئەمما، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، بۇ مەزگىل دەل "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شەكىللىنىش ھەم شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش مەزگىلى، شۇنداقلا "شەرقىي

تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭدا شەكىللىنىش مەزگىلى بولۇپ، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەلپىي بولغان "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇشنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە مەيدانغا چىقىشى ئەنگلىيە، چاررۇسىيە بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل خەلقئارا كۈرەشلەردە يارىشىپ، ياماننىشىپ تۇرغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۆز كونتروللۇقىدىكى بىر "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" پەيدا قىلغاندا، ھەم جۇڭگونىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى، ھەم ئوتتۇرىدا بىر ئارىلىق رايون شەكىللەندۈرۈپ، ئارىدىكى بېسىمنى ئازلاتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن.

"شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەلپىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلىكنىڭ بىر غەلىتە تۆرەلمىسىدۇر. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" بىر غەلىتە سىياسىي تۆرەلمە، ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان ئۇقۇم بولسىمۇ، ئۇ شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا ۋە نىشانىغا ئايلانغان.

## 3 – باب

## "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنى

"شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تەدرىجىي شەكىللەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەر ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار 20 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرى ۋە 40 – يىللىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە ئايرىم – ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋە ئىلىدا "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنىنى ئوينىدى.

### 1 – پاراگراف قىسقا ئۆمۈرلۈك "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"

#### 1. دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن مىلتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىغىچە

1928 – يىلى شىنجاڭغا 17 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن سىياسىي ئۆزگىرىشنى تىنچىتىش

www.uyghurweb.net

جەرياندا شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. جىن شۇرېننىڭ تەخەللۇسى دې ئەن، ئۆزى گەنسۇ خېجۇ (ھازىرقى لىنشيا ناھىيىسى)لۇق، خەتمەكەردىلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ياڭ زېڭشىن خېجۇدا ئەمەل تۇتقاندا ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىغانىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ھاكىملىققا ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. جىن شۇرېنمۇ ياڭ زېڭشىننى ئۇستاز تۇتۇپ ھەممە يەردە ئۇنى دورىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن: "ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشتا ئۇستازىم ياڭ ھەزرەتنىڭ يولىنى تۇتىمەن" دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە ئىستىلدىمۇ ياڭ زېڭشىننى ئۈلگە قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇ پاراسەت ۋە تەجرىبىدە ياڭ زېڭشىندىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇ سىياسىيدا چىركىنلىشىپ، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ، ئەمەلدارلىقنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ؛ قوشۇننى جىددىي كېڭەيتىپ، مالىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن يامانلاشتۇرۇۋەتتى ؛ باج – سېلىقنى كۆپەيتىپ، قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىپ، پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ؛ خىيانەتچىلىكتە چېكىگە يېتىپ، ئەلتېرە سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى ؛ نەزىرى تار بولغاچقا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى يامانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىندىن قالغان زىددىيەتكە تولغان ۋەزىيەت سىياسىي ئومۇمىيۈزلۈك يامانلاشقان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن، جەمئىيەت ھەر تەرەپتىن كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1931 – يىلى 2 – ئايدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئوفىتسېرى مىللىي ئۆرپ – ئادەتكە قارىماي پۈقرانىڭ قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ، ئاقىۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن "شۇپول ۋەقەسى"نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇپول قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى تاشۋېلىق يېزىسىدىكى بىر كىچىك بازار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ بازاردا بىر پەي قوشۇن بولۇپ، پەيجاڭ جاڭ گوخۇ جىن شۇرېن بىلەن يۇرتداش ئىكەنلىكىگە تايىنىپ، زورلۇق بىلەن يەر ئىگىلەپ، پۇقرانى بوزەك قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ مىللىي ئۆرپ – ئادەتكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە – يوسۇنلىرىغا قارىماي، بۇ بازاردىكى سالى دورغىنىڭ قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن سالى دورغا قىزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يېقىن – يورۇقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يالغاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم يىغىپ قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1931 – يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنى جاڭ گوخۇ قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى غەرق مەست قىلىۋەتتى. كەيپ بولغان جاڭ گوخۇ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە كېلىن سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئەر تەرىپىدىن

www.uyghurweb.net

ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ 32 نەپەر ئەسكىرىمۇ شۇ ھامان يوقىتىلدى. بۇ ۋەقە قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ بەس – بەستە قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولدى.

قۇمۇل قوزغىلىڭىدا خوجىنىياز ھاجى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆتۈرۈلۈپ، تەدرىجىي جىن شۇرېنغا قارشى مۇھىم بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل تاراتىلىق بولۇپ، 1912 – يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قۇمۇلدىن ئايرىلىپ ھەر تەرەپتە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، كېيىن يېقىن دوستىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن، ئۇستا مەرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەدىرلىشىگە نائىل بولۇپ ۋاڭ ئوردىسى ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. بۇ قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ئۇ ۋاڭلىقنى تىرىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ قۇمۇلدىكى جىن شۇرېنغا قارشى بىر مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ئەپيۈن ۋە قىمارغا بېرىلىپ كەتكەن، ئىنتىزامى بوش، جەڭگىۋارلىقى يوق بولغاچقا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىردە سۇلھىلىشىپ، بىردە ئۇرۇشۇپ تىركىشىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا نەنجىڭغا تەلەپ قويغىلى ماڭغان يولۋاس گەنسۇدىن ئۆتۈشىدە مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى مابۇيىڭ، لەقىمى "بالا قوماندان"، ئۆزى گەنسۇ لىنشيا (خېجۇ)لىق، ئوفىتسېرلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، گەنسۇدىكى مىلىتارىست مابۇفاڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەلەمنى مەشىق قىلغان، چىڭخەي ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپ 17 يېشىدا يىڭجاڭ بولغان، كېيىن مابۇفاڭ بىلەن كېلىشەلمەي ئىسمىنى ماجۇڭيىڭغا ئۆزگەرتىپ، چىلىيەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ گەنجۇ، لياڭجۇدا گەنسۇ – چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنى قۇرۇپ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، سۈيييۈەن ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلغان، 1931 – يىلى جىياڭ جيېشى تەرىپىدىن 36 – ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ قوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى تەبىئىيكى يېرىنى كېڭەيتىش، كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بىلەن ۋاڭلىقنى تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتتى.

ماجۇڭيىڭ 1 – قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە ئازلا قوشۇننى باشلاپ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇلار جەڭدە تولىمۇ باتۇر بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ قىلچىمۇ جەڭگىۋارلىقى بولمىغانلىقتىن، ھەممىلا جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ تېز كۈچەيدى. كېيىن ماجۇڭيىڭ يارىلانغانلىقتىن ھەم قىش كېلىپ قالغانلىقتىن قوشۇننى باشلاپ گەنسۇغا قايتىپ كەتتى. 1932

– يىلى 8 – ئايدا ئۆ يەنە شىنجاڭغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېن ئىشلەتكۈدەك سەركەردىسى ھەم كۆپەيتكۈدەك ئەسكىرى بولمىغانلىقتىن ئامالسىز شېڭ شىسەينى ئىشقا قويدى.

شېڭ شىسەينىڭ تەخەللۇسى جىن يۈڭ، ئۆزى لياۋنىڭ كەيىۋەنلىك، 1930 – يىلى شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە جىن شۇرېننىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ، ئەتىۋارلىشىغىمۇ ئېرىشەلمەي، دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئىشلەپ بىر تۈركۈم يېقىنلىرىنى يېتىشتۈرگەن، ھېچنېمىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە ھەربىي ۋەزىيىتىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن، ئىگىلىگەنىدى. 1931 – يىلى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۆ تەدرىجىي ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىدىن زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى بولدى.

ماجۇڭيىڭ 2 – قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپلا قالماي، ئۇرۇش ئوتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ تۇتاشتۇردى. 1933 – يىلى 1 – ئايدا قاراشەھەردىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاتامانى ماجەنساڭ ۋە كۇچادىكى ھارۋىكەشلەرنىڭ باشلىقى تۆمۈر ئېلى كۇچادا قوزغىلىپ، 2 – ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇنى ئىگىلەپ، ئارقىدىن قەشقەرگە قىستاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوتەندىكى دېھقانلار ۋە قارىقاشتىكى ئالتۇن كانىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ قوزغىلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن غەربكە ئىلگىرىلەپ قاغىلىق، پوسكامنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىلىپ 1933 – يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، شىمالىي شىنجاڭدا مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى نىقاب قىلغان مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋە جاڭ پېييۈەن، ۋاڭلىقنى تىرىلدۈرۈشنى مۇددىئا قىلغان خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشۇش ۋەزىيىتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا كۇچا ۋە يەكەندىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىسيان ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالدا قالدى. 1933 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ئامالسىز چۆچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپ، قولىدا زور قوشۇنى بار شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۈبەن بولۇۋالدى.

### 2. بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

شىمالىي شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقان، جاڭ پېييۈەن ئىلىنى بېسىپ ياتقان پەيتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدا بۆلگۈنچى كۈچلەر

www.uyghurweb.net

قۇتراپ، بۆلگۈنچىلىك قەدىمىنى تېزلەتتى. 1933 – يىلى 5 – ئايغا كەلگەندە، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۆت گۇرۇھ كۈچ شەكىللەندى. بۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنى شجاڭ، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى دەۋالغان تۆمۈر ئىلى بولۇپ، كۈچ ئەڭ زور ئىدى. ئىككىنچىسى، باتۇر ھەم جەڭگىۋار ماجەنساڭ ۋەكىللىكىدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ سابىق دوتىيى ماشاۋۇ بىلەن بىرلەشكەندى. ئۈچىنچىسى، ماشاۋۇ قەشقەرنى ساقلاشقا ھەمدەمگە ئەكەلگەن قىرغىز ئوسمان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بارا – بارا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، تۆمۈر ئىلى بىلەن قاتتىق زىددىيەتلىشىپ قالغانىدى. تۆتىنچىسى، سابىت داموللا بولۇپ، ئۇ خوتەننى بازا قىلىپ تەدرىجىي قەشقەرگە ئىلگىرىلەپ، جۇڭگودىن ئايرىلغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، تىپىك بۆلگۈنچىلىك يولىغا ماڭغانىدى. بۇ تۆت گۇرۇھ كۈچنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاشمىغانىنىڭ ئۈستىگە مەقسەتلىرىمۇ ئايرىم بولۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە ئاخىر بۆلگۈنچى كۈچلەر بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

تۆمۈر ئىلى ئوسمان بىلەن قاتتىق ئاداۋەتتى بولغانلىقتىن، ماجەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ ئوسماننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ماجەنساڭ بولسا كۆرۈنۈشتە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاستىرتىن يەنە تۆمۈر ئىلىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، تۆمۈر ئىلى كونىشەھەرنى، ماجەنساڭ يېڭىشەھەرنى ئىگىلىگەنىدى، ئوسمان بولسا تاغقا چېكىنىپ كەتكەنىدى. تۆمۈر ئىلى ماجەنساڭنىڭ يالغان ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، قوشۇنى باشلاپ ئوسماننى قوغلاپ تاغقا كىرىپ كەتتى. ماجەنساڭ بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ھەم تۆمۈر ئىلىنىڭ قايتىش يولىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، ئۇنى تاغدىن قايتىشىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنداقلا كونىشەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ماشاۋۇنى يۆلەپ قايتا قەشقەرنىڭ دوتىيى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللا تۆمۈر ئىلىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تېخى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ بولالمىغان ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئوسمانمۇ تاغدىن چۈشۈپ سابىت داموللا بىلەن بىرلىشىپ 8 – ئاينىڭ 16 – كۈنى بىرلىكتە كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ماجەنساڭ تاقابىل تۇرالماي يېڭىشەھەرگە چېكىنىپ كەتتى، نەتىجىدە ئوسمان ھەممىدىن كۈچىيىپ، ئۆزىنى شجاڭ، قوشۇمچە قوماندان دەپ ئاتىۋالدى.

ۋاھالەنكى، سابىت داموللا مۇستەقىللىقنىلا كۆزلەيدىغان بولۇپ، بۇ خۇسۇستا ئوسمان بىلەن كېلىشەلمەيتتى، شۇڭا پۇرسەت تېپىپ ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى. ئوسمان كونىشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ھەممە يەردە مال – مۈلۈك بۇلاپ – تالاپ، چىرايلىق قىزلارنى يىغىۋېلىپ 30 دىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىپ، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈۋەتتى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىدىن مەمتىمىن ھەزرەت قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ غەزىپىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئۇيغۇرلار ۋە ئەنجانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئوسماننى قاماپ قويدى.

www.uyghurweb.net

بۇ ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىمۇ ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇغا كەلگەنىدى. قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەم شىڭ شىسەي بىلەن مۇرەسسەلىشىدىغان تەرىپى (يەنى ئۇ شىڭ شىسەي بەرگەن جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى دېگەن ئەمەلنى قوبۇل قىلغانىدى)، ھەم سابىت داموللا بىلەن بىرلىشىدىغان تەرىپى (يەنى مۇستەقىللىقنى ئىزدەيدىغان تەرىپى) بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ماجەنساڭ، سابىت داموللا ۋە خوجىنىياز ھاجىدىن ئىبارەت ئۈچ كۈچ شەكىللەندى. بۆلگۈنچى كۈچلەر پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. جۈملىدىن سابىت داموللا بىلەن خوجىنىياز ھاجى بۆلگۈنچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر ئىدى. بولۇپمۇ سابىت داموللا گۇرۇھىنىڭ مەۋقەسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇلار ھەم خەلقئارادىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم" نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەم جاھانگىرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، بىر قىسىم "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى مەخپىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار باشتىلا خوتەندىكى قوزغىلاڭغا قول تىققان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىپ، قوزغىلاڭنى بۆلگۈنچىلىككە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇلار ئاساسلىقى ئىككى تەشكىلات ئىدى، يەنى بىرى 1932 – يىلى مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا خوتەندە قۇرۇلغان "ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى" بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئىسمايىلخان باشچىلىقىدىكى قارىقاش قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى ؛ يەنە بىرى قەشقەردىكى "قەشقەر ياشلىرى پارتىيىسى" بولۇپ، ئۇلار كۈچار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر ئېلىنى تىزگىنلەپ، ئاندىن ۋەكىل ئەۋەتىپ شىمالىي شىنجاڭدىكى قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئالاقە باغلاپ، تەسىرىنى زورايتقانىدى. ناۋادا "قەشقەر ياشلىرى پارتىيىسى"نى كۈچلۈك بۆلگۈنچىلىك خاھىشىغا ئىگە بولغان دېگەندە، خوتەندىكى "ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى"نى بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، بۇ تەشكىلاتنىڭ باش مۇددىئاسى كوممۇنىزمغا، كاپىرلارغا، تۇڭگانلارغا (خۇيزۇلارغا) ۋە خەنزۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش, شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش بولۇپ، 1 «       » خوتەندىكى قوزغىلاڭ باشتىلا مۇشۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ پىلانلىشىدا پارتلىغانىدى. ئۇلار "كاپىرلارغا قارشى غازات قىلىش" ۋە بۆلگۈنچى "ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ باش مۇددىئا قوزغىلاڭچى ئاممىغا مەجبۇرىي تېڭىپ، قوزغىلاڭ قىلىشتىن مەقسەت ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش، "ئۇنداق بولمىسا قوزغىلاڭ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق!" دەپ ئاشكارا تەرغىب قىلدى. جۈملىدىن مەمتىمىن ھەزرەت، سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلەر دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"لىق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى ھەدەپ يۈرگۈزۈپ، غازاتنى تەرغىب قىلىپ،

www.uyghurweb.net

بۆلگۈنچىلىكنى قۇتراتتى. قوزغىلاڭ كېڭەيگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلات ئاساسىدا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇردى. بۇنىڭ بىلەن خوتەندىكى فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ئۆزگىرىپ بۆلگۈنچىلەر تىزگىنلىگەن بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

مەمتىمىن ھەزرەت 1901 – يىلى خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ، 1932 – يىلى خوتەندە "خوتەن ئىسلام دۆلىتى"نى قۇرۇپ، ئۆزىنى "ئەمىر" دەپ ئاتىغانىدى. 1933 – يىلى 2 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئۇ شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېن ھىندىستاندىن سېتىۋالغان بىر تۈركۈم قورال – ياراغلارنى بۇلىۋالدى ھەم ماشاۋۋۇ تۆمۈر ئېلگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ جەنۇبقا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خوتەننى ئىگىلەپ، سابىت داموللىنى باش قىلىپ، ئاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى پىلانلىدى.

1933 – يىلى 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى "ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى" خوتەندە يىغىن ئېچىپ، مۇستەقىل "خوتەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى" (كېيىن "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"گە ئۆزگەرتىلگەن) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، مۇھەممەد نىياز ئەلەم "زۇڭتۇڭ"، سابىت داموللا "زۇڭلى" بولدى. مەمتىمىن ھەزرەت "ئەمىر" دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئايرىم – ئايرىم ھالدا "ئابلاخان ئەمىر" ۋە "ئەخمەتجان ئەمىر" دەپ ئاتىلىپ، ئەمەلىي ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن كاتتىۋاشلارغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى ماتېرىياللاردا بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت يەنە "خوتەن ئەمىرلىكى" دەپمۇ ئاتالغان. كېيىن "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" يەنە كېرىيىگە قېچىپ كېلىۋالغان سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېتقا قارشى كۈچ بولغان "باسمىچى" باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى جانىبېكنى قوبۇل قىلىپ ھەم ئۇنى قوشۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ھەيۋىسىنى تېخىمۇ زورايتىپ، چەرچەندىن يەكەنگىچە بولغان جايلارنى تىزگىنلىدى. 6 – ئايدا داۋاملىق قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. 7 – ئايدا سابىت داموللا قالغان قوشۇنلارنى باشلاپ قەشقەرگە ياردەمگە ماڭدى. ئەمما، ئۇيلىمىغان يەردىن تۆمۈر ئېلى تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، سابىت داموللا قاتارلىق كاتتىۋاشلارنى قولغا ئېلىپ، قوشۇنلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. تۆمۈر ئېلى ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قەشقەرگە قىستاپ كەلدى. كېيىن سابىت داموللا ئازادلىققا چىقىپ، خوتەندىكى "ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى" بىلەن قەشقەردىكى "قەشقەر ياشلىرى پارتىيىسى" بىرلىشىشكە يۈزلەندى.

سابىت داموللا قەشقەرلىك بولۇپ، كىچىكىدە قەشقەردە مەدرىسەدە ئوقۇغان، كېيىن مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەللەردە ساياھەتتە بولغانىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى ئاقسۆدىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردا ئەڭ تەسىرگە ھەم زور ھوقۇققا ئىگە شەخس بولۇپ قالدى.

8 ـئاينىڭ 25 – كۈنى، سابىت داموللا "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ كۈچىدىن ھەم ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ ئورگىنىنى قۇرۇپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشقا رەسمىي كىرىشتى.

## 3. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇشى

1933 – يىلى 9 – ئايدا، سابىت داموللا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ھەرقايسى كۈچلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە مۇرەسسەلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن 9 – ئاينىڭ 10 – كۈنى 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كومىتېتى"نى قۇرۇپ، ئۇنى "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ قەشقەردىكى "ئورگىنى"نىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئۆزى كومىتېتنىڭ رەئىسى بولۇپ، باش مۇددىئاسى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىدى. 11 – ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، "مۇستەقىللىق كومىتېتى" ھەرقايسى تارماقلارنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تەدرىجىي روياپقا چىقتى.

1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى كەچتە، بۆلگۈنچىلەر قەشقەردە كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىن "ھۆكۈمەت"نىڭ "تەشكىلىي پروگراممىسى"، "ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى" ۋە ئاتالمىش "ئاساسىي قانۇن" ھەم "ھۆكۈمەت" ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى.

"تەشكىلىي پروگراما" جەمئىي 30 ماددا بولۇپ، 1 – ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن قۇرۇلغان، ئۇلۇغ (قۇرئان كەرىم)دىكى ئەمرىمەرۇپلارغا ئەمەل قىلىدۇ". 2 – ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. خەلقنى ھەمكارلاشتۇرۇپ، ئورتاق تىرىشىپ، ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك مۇستەقىللىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ".

"ئاساسىي قانۇن"دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: "ئىسلام شەرىئىتى جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇن – تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، ئاي – يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق دۆلەت بايرىقى قىلىنىدۇ".

ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى مۇنۇلاردىن تەركىب تاپقان:

زۇڭتۇڭ (رەئىس جۇمھۇر): خوجىنىياز ھاجى (گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاقسۇدا بولسىمۇ، ئەڭ بۇرۇن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققان، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، شىمالىي شىنجاڭدا زور تەسىرى بولغانلىقتىن زۇڭتۇڭلۇققا كۆرسىتىلگەن).

دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى (باش ۋەكىل): سابىت داموللا

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى: يۇنۇسبەگ (بۇ كىشى تۇرپانلىق بولۇپ، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە 1 – قاراردا ئوقۇغان، كېيىن رۇسچە سىياسىي – قانۇن تېخنىكومىدا ئوقۇغان، خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن، خەنزۇچە ئىسمىنى يۇ ۋېنبىن، تەخەللۇسىنى شاڭ جۇ دەپ ئاتىغان، خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېقىنى ئىدى).

دىپلوماتىيە مىنىستىرى: قاسىمجان ھاجى (بۇ كىشى خوتەنلىك ئىدى).

ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى: ئورازبېك (بۇ كىشى ئاتۇشلۇق قىرغىز ئىدى).

مالىيە مىنىستىرى: ئەلى ئاخۇن باي (بۇ كىشى قەشقەرلىك باي سودىگەر ئىدى).

مائارىپ مىنىستىرى: ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (بۇ كىشى قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر باي سودىگەر بولۇپ، "مۇستەقىللىق"نى قوللايدىغان بارلىق دۆلەتلەرگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى).

دىن – ئەدلىيە مىنىستىرى: زىرىپ قارى ھاجى (بۇ كىشى قەشقەرلىك دىنىي ئۆلىما ئىدى).

ۋەخپە ئىشلىرى مىنىستىرى: شەمشىدىن ئاخۇن (بۇ كىشى قەشقەرلىك زېمىندار بولۇپ، ھىندىستاندائوقۇغان، خېلى يۇقىرى دىنىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى).

دېھقانچىلىق – سودا مىنىستىرى: ئۇبۇلھەسەن ھاجى (بۇ كىشى قەشقەرلىك چوڭ زېمىندار ھەم كاتتا سودىگەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى مەشھۇر باي جەمەتتىن ئىدى، "پانتۇركىزم"چىلار بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى).

سەھىيە مىنىستىرى: ئابدۇللاخان (بۇ كىشى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەنىدى ).

دۆلەت مەجلىسى باش كاتىپى: ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم (بۇ كىشى كۇچالىق دىندار ئىدى).

ئاتالمىش مەركىزى ھۆكۈمەت زۇڭتۇڭ، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنى "زۇڭتۇڭ"لۇققا سايلاشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ مىنىستىرلىرى ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ باش كاتىپىمۇ ئاساسەن "ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى"نىڭ ئەزالىرى ياكى بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلغان ۋە قوللىغان فېئودال زاتلار ئىدى. مەمتىمىن ھەزرەت بولسا يەنىلا " ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلابى كومىتېتى"نىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىككى

www.uyghurweb.net

ئىنىسى بىلەن خوتەن، يەكەن، يېڭىسارنى تىزگىنلەپ تۇرغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"دىكى ئەڭ باي، ئەڭ تەسىرى بار كىشى دەپ ئاتالغانىدى.

4. چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇشى چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچىدىن، ئۇ تۈركىيە، ئافغانىستان ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى ئۇنسۇرلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەنگلىيە ئارخىپلىرىدىكى خاتىرىلەرگەئاساسلانغاندا، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قورچاق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، قەشقەردە "قەشقەر ياشلىرى پارتىيىسى" پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ تۈركىيىدىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى تەشكىلات "ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى" (تۈرك ياشلىرى پارتىيىسى)نى دوراپ قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تۈركىيە، شۇنداقلا "ئىككى پان" ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ تەسىرى قەشقەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شەرقتە خوتەنگىچە، شىمالدا ئاقسۇغىچە كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، 1933 – يىلى تۈركىيە ئىزمىرلىق مۇستاپا ئەلى بەي دېگەن دوكتور ۋە مەخمۇد نادىم بەي دېگەن ئوفىتسېر قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۆلگۈنچىلەرگە مەسلىھەتچى بولغان. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ نۇرغۇن پىلانى ۋە تەشكىلىنى ئاشۇلار تۈزۈپ بەرگەن. ئالدىنقىسى سىياسىي جەھەتتە كۈچىگەن بولسا، كېيىنكىسى ھەربىي جەھەتتە كۈچىگەن. ئۇلار مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتىكى مەتبۇئاتلارغا قارىغاندا، يەنە ياپونىيە ئۆزى پاناھداپ تۇرۇۋاتقان ئوسمانلى تۈركىيىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئابدۇلھەمىد 2 نىڭ ئوغلىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى رەھبەر قىلماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچىلەرمۇ ھەر تەرەپتە ھەرىكەت قىلغان. مەسىلەن، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كومىتېتى"نىڭ ئىستانبولدىكى تارمىقى ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىگە خەت يېزىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

1933 – يىلى 3 – 4 – ئايلاردا، "باسمىچى" باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى جانىبېك قايتا خوتەنگە كېلىپ، مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن بىرلىشىپ، ھەربىي قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان. 6 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئۇ قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە قىستاپ كېلىپ، قەشقەردىكى "قەشقەر ياشلىرى

پارتىيىسى" بىلەن بىرلەشكەن. 1933 – يىلى 8 – ئايدا، سۇرىيىلىك تەۋپىق باي قەشقەرگە كېلىپ، ئۆزىنى "پەيغەمبەر ئەۋلادى" دەپ، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىپ تۇڭگان ماجەنساڭغا قارشى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆمۈر ئېلى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سابىت داموللىنى قەشقەرگە كەلتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى قۇرۇش خۇسۇسىدا سۆھبەتلەشمەكچى بولغان. ئۇ تۆمۈرئېلى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغاندىن باشقا، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۆزبېك مۇساپىرلاردىن تەشكىللەنگەن 300 كىشىلىك قوشۇنىنى ئۆز قولىدا تۇتقان.

"پانئىسلامىزم"نىڭ مەنبەسى بولغان ئافغانىستانمۇ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرگە كۆچىنىڭ بارىچە تەسىر كۆرسەتكەن. ئافغانىستان پادىشاھى ئامانۇللا بىر تەرەپتىن ئافغانىستان ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو شىنجاڭغا ھەدەپ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، 1933 – يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكتە، ئافغانلاردىن تەركىب تاپقان بىر مۇھاپىزەتچى قىسىم ئىزچىل مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئىنلىرىغا ئەگىشىپ ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قورچاق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئافغانىستان، تۈركىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە ھەربىي جەھەتتىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلغان. تۈركىيىدىكى گېزىتلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەدەپ كۆپتۈرۈپ تەرغىب قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"، "پارلاق ۋە داغدام يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىر زامانىۋى دۆلەت" دېگەن، شۇنداقتىمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئالدىراپ ئېتىراپ قىلمىغان ھەم قوللىمىغان. پەقەت ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى زاھىرشاھلا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"گە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرگەن. ئۇ بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە بىر تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا "بىر تۈركۈم قۇراللارنى ھەقلىق تەمىنلەپ بېرىشكە ۋە قەشقەرگە بىر سىياسىي ۋەكىل ئەۋەتىشكە" قوشۇلغان. شۇنداقتىمۇ "شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ" دېگەن سەۋەب بىلەن رەسمىي ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" چەت ئەللەردىن كۆپ مەدەت تىلىگەن بولسىمۇ، خەلقئارادىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى كۈچلەر ئانچە – مۇنچە ئاۋاز قوشقاندىن باشقا، ھېچبىر دۆلەت بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

ئەينى ۋاقىتتا، يەنە فاشىست كۈچلەرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بىلەن يوشۇرۇن بىرلەشكەن. جۈملىدىن ئافغانىستاننىڭ كابۇلغا بارغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمھۇرىيىتى" ۋەكىللىرى ناتسىست گېرمانىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا كىرىپ مەخپىي سۆھبەتلەشكەن. جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغان ياپونىيىمۇ بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغان. شۇنداقتىمۇ بىرلىششتىن نەتىجە چىقمايلا بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ھالاك بولغان.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر مۇرەككەپرەك مەسىلە.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ئالايلۇق، ئوسمان 1933 – يىلى 5 – ئايدا تۇركىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ھەرىكەت قىلغان، "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كومىتېتى"نىڭ ئىستانبول تارمىقى ئەنگلىيىنىڭ تۇركىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىگە خەت يېزىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، خوجىنىياز ھاجى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىنى، قورال – ياراغ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنگەن. بۇنىڭغا قارىتا، ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭچىلارغا قانداق سىياسەت تۇتۇش توغرىسىدا يولىيورۇق سورىغان. ئەيگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى تومسېن گرووېر قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ توپىلاڭچىلارنى قوللىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۆلگۈنچى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قورچاق ھۆكۈمەت يەنە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستانغا "ئەلچىلەر ئۆمىكى" ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىراق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىققا بىتەرەپ سىياسەت تۇتىدىغانلىقى، توپىلاڭچىلارغا قورال سېتىپ بەرمەيدىغانلىقى، قورچاق ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى رەت قىلغان.

شۇنداقتىمۇ، ئەنگلىيە بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكنىڭ ۋە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ پەقەتلا مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەمەس. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەيلى قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان. 1933 – يىلى 8 – ئايدا، ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مالىمان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە يەرلىك ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، "ئىككى پان"نى تەرغىب قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىللىقنى قۇتراتقان. ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس 510 مىڭ رۇپىيە راسخوت ئاجراتقان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ھەر دەرىجىلىك

www.uyghurweb.net

ئورگانلىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭچىلارنى قوللىماسلىقنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، 1933 – يىلى 10 – ئاينىڭ 29 – كۈنى ئەمدىلا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن تومسېن گرووېر 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ھەم ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە يازغان دوكلاتىدا: "يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەم كۈرەش قىلىۋاتقان بۇ جۇمھۇرىيەتكە ئەمەلىي ھېسداشلىق بىلدۈرۈشكە ۋە ياردەم قىلىشقا بولىدىكەن" دەپ تەكلىپ بەرگەن. يەنە كېيىنكى دوكلاتلىرىدىمۇ كۆپ قېتىم قورچاق ھاكىمىيەتكە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى توپىلاڭچىلارغا، يەنى ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"گە تۇتقان سىياستى تۇراقسىز بولغان ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا قوش ياقلىملىق بولغان. جۇملىدىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قورچاق ھاكىمىيەتنى قوللاش، ئېتىراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاپپاراتلىرى، خادىملىرى توپىلاڭچىلارنى ۋە قورچاق ھاكىمىيەتنى ئەمەلىي قوللىغان.

ئەنگلىيىنىڭ بۇنداق قوش ياقلىملىق سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئومۇمىي مەنپەئىتىنى، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىل مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ قالسا بۇنىڭ كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىدا چاتما تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشىنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەينى ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى قوللاپ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدەك ئاقىۋەتنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان، تارىخىي ساۋاق تۈپەيلىدىن ئالدىراپ ھەرىكەت قوللانمىغان، ۋەھالەنكى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ قانداق ئويلىشى بولسا باشقا بىر ئىش. ئالدى بىلەن، شىنجاڭ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىشىدىن مۇستەسنا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەينى يۆلىشى مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئۇنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشىنى ھەم تېخىمۇ يىرىم مۇستەقىل بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستانغا تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشى مۇقەررەر ھالدا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسىنى ئۈزۈپ قوياتتى. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىكى مەقسەت دەل ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش، رۇسىيىنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ) تەسىرىنى چەكلەش بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەنگلىيەپەرەس مۇسۇلمانلارنى يۆلەش بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى نەيرەڭ ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئۈچىنچىدىن، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسەبىي بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرى ۋە خەلقئارادىكى فاشىست كۈچلەر بىلەن بىرلىششى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىغان. ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئويلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كەلگۈسىدە گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە زېمىنىمىزنىڭ غەربى ۋە شەرقىگە نىسبەتەن غەيرىي نىيەتتە بولىدۇ ھەم مەلۇم تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا فاشىست مىلىتارىزم كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قول تىقىشىغا قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتى كۆرۈلگەندە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۇچۇقلا: "ناۋادا شىنجاڭنى ئىدارە قىلالىساڭلار بۇنىڭغا گېپىمىز يوق، ئەگەردە ئۇنىڭ 2 – مانجۇرىيە دۆلىتىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا قاراپ تۇرساڭلار، ئۇنداقتا بىز چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىپ ئۆزىمىزنى قوغدايمىز" دېگەن. شۇ مەزگىلدە تاشكەنتتىكى گېزىتلەر ئاشكارا ھالدا: "ناۋادا ياپونىيە شىنجاڭنى كونترول قىلىۋالىدىغان بولسا، باكۇدىكى نېفتلىك ياپونىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ" دېگەن. بۇمۇ دەل كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنى يوقىتىشىغا ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى قارار قىلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاقسۇدا سوۋېت ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ نامدىكى باشلىقى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشكەن، ھەتتا ئۇنى چەكلىك قورال – ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ سوۋېتتا قارشى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنى پارچىلاش رولىنى ئوينىغان.

## 5. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ ھالاك بولۇشى

قورچاق ھاكىمىيەت تارىخ ئېقىمىغا قارشى ئىش تۇتۇپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقنى مەجبۇرىي يۈرگۈزدى. جۇملىدىن ئىسلام شەرىئىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، مەھكىمە شەرئى تەسىس قىلىپ، دەھشەتلىك جازالارنى قالايمىقان قوللاندى. چۇمبەل تارتمىغان ئاياللار ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچار بولدى، ھەتتا ۋەھشىيلەرچە پۇت – قوللىرى كېسىلىپ مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىغا مىخلاندى. تار مىللەت قارشى سەۋەبىدىن نۇرغۇن خەنزۇلار، تۇڭگانلار "ئۇرۇقىدىن قۇرۇتۇلدى". ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باج – سېلىقنى مەجبۇرىي ئېغىرلاتتى. مەھكىمە شەرئى تۈرلۈك – تۈمەن ناملاردا ھەرخىل دىنىي سېلىقلارنى ئالدى. ھەربىي خىراجەتنى قامداش ئۈچۈن يەنە ھەر مىللەت خەلقىدىن ئاشلىق، ئۇلاغ، ئېغىر سېلىقلارنى مەجبۇرى يىغدى ھەم ئۇلارنى تۈرلۈك ھاشارلارغا سالدى. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتتىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئورا كولاش، تۈگمەس جەڭگى –

جېدەل تۆپەيلىدىن دېھقانلار تېرىقچىلىق قىلالماي، سودىگەرلەر سودا – سېتىق قىلالماي، ئېتىزلار ئاق قېلىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ، بازارلار كاساتلىشىپ، خەلق جان باقالمىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى خارابلىشىپ، خەلق يۇرت – ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، قارشىلىقلار تۈشمۈتۈشتىن كۆتۈرۈلدى. تارىخ ھەم "دېموكراتىيە"سىدىن، ھەم "ئەركىنلىك"ىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان بۇ "جۇمھۇرىيەت"نىڭ پۈتۈنلەي بىر جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم" بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەلىتە سىياسىي تۈرەلمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1934 – يىلىنىڭ بېشىدا ماجۇڭيىڭ شىڭ شىسەيدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى. 2 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماشىمىڭ يېڭىشەھەرنى مەھكەم ساقلاپ ياتقان ماجەنساڭ ۋە ماشاۋۋۇ بىلەن ئۇچرىشىپ، كونىشەھەرنى ئىگىلەپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى ھالاك قىلدى. 2 – ئاينىڭ 13 – كۈنى قەشقەرنىڭ سابىق دوتىيى ماشاۋۋۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى ياكى پىتراپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى جۇڭگو – سوۋېت چېگرىسىدىكى ئۈركەشتامغا بېرىپ، سوۋېت ۋەكىللىرى بىلەن قورچاق ھاكىمىيەتنى تارقىتىۋېتىش بەدىلىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش توغرىسىدا كېلىشتى ھەم بۇ خۇسۇستا سابىت دامولالغا خەت يازدى. ئەمما، سابىت دامولا يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ، ئاتالمىش "ئىچكى كابىنېت پەۋقۇلئاددە يىغىنى"نى ئېچىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئاسىي دەپ جاكارلىدى. 4 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنى باشلاپ يەكەنگە بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىۋالغان سابىت دامولا ۋە بىر قىسىم "مىنىستىرلار"نى قولغا ئالدى. كېيىن سابىت دامولا قاتارلىق تۇتقۇنلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەردى. 7 – ئايدا سابىت دامولا ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلدى (يەنە بىر قاراشتا شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ئۆلگەن دېيىلىدۇ). مەمتىمىن ھەزرەت بولسا تەلىيى كېلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ يەكەندىن خوتەنگە بېرىپ ئاكىسى مەنسۇر پاشا (پادىشاھ)نىڭ "ئىسلام خانلىقى"غا بېقىندى. كېيىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئەپلىشىپ، بۆلگۈنچى "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى"نى ئورتاق قوغداشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كەسكىن رەت قىلىندى. 6 – ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماخۇسەن قوشۇنىنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر بۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا قېچىپ كەتتى. بۆلگۈنچى "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" گۇمران بولدى. مەمتىمىن ھەزرەت

قاتارلىق بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچىلەر نۇرغۇن ئالتۇننى ئېلىپ، ئامىنغا تەھدىت سېلىپ، ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىغا قېچىپ كەتتى.

مەمتىمىن ھەزرەت چەت ئەلگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن داۋاملىق بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئاۋۋال كەشمىردە ئاتالمىش "يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى"نى قۇرۇپ، شىنجاڭدىن قاچقىپ چىققانلارنى توپلاپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشنىڭ كويىدا بولدى. كېيىن يەنە ئىسمىنى يوشۇرۇپ، كەشمىرنىڭ مەركىزى لېختىن چىترال ئارقىلىق كابۇلغا باردى. بۇرۇنلا "خوتەن ئەمىرلىكى" بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئافغانىستان پادىشاھى ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 500 ئافغانى (تەخمىنەن 125 رۇپىيىگە تەڭ) ياردەم بەردى. ئۇ ئافغانىستانغا كېلىشتە ياپونىيىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ كابۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بېيتيەن جېڭبىن ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ھالدا "توكيو قورال – ياراغ ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەپ شەرقىي يتۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەپسىلىي پىلانى"نى سۇنغان، ھەتتا مەمتىمىن ھەزرەت نومۇسسىزلارچە ياپونىيىنىڭ شىنجاڭغا بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىشىنى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ "پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەمدەم بولىدىغانلىقىغا" كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە تېخى ناۋادا شىنجاڭ ياپونىيىنىڭ قوللىشىدا مۇستەقىللىققا ئېرىشسە، ئۇنداقتا "مۇستەقىل بولغان شىنجاڭ"نىڭ ياپونىيىگە ئالاھىدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىمتىياز بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى ئىككىنچى "قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى"گە ئايلاندۇرۇش ئىدى. بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە "شەرقىي تۈركىستان" سەپسەتىسىنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈپ، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى چىقىش قىلىپ، كېيىنكى بۆلگۈنچىلەر "دەرسلىك" دەپ ئەتىۋارلىغان ساختا تارىخ كىتاب – "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"نى يېزىپ، كەشمىردە نەشر قىلدۇردى.

### 6. "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنىڭ تۈنجى قېتىملىق سىياسىي "ئەمەلىيىتى"

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇشى دەل "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنىڭ كەم – كۈتىسىز "ئەمەلىيىتىدۇر". تۆۋەندە بۇنى بىرقانچە تەرەپتىن ئاددىيغىنا تەھلىل قىلىمىز.

بىرىنچى، ئۇ تۈنجى قېتىم "شەرقىي تۈركىستان"نى ئاتالمىش دۆلەت نامى سۈپىتىدە قوللانغان. بۇ ئەھۋال ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇنىڭدىن ئىلگىرى

www.uyghurweb.net

جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرقانچە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلگەن. ئالايلۇق، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ باش بۇغى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مافۇشىڭ (يۈننەنلىك خۇيزۇ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جىنايەتچىدىن ئەسكەر بولغان، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ياڭ زېڭشىن بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ يېقىنىغا ئايلانغان) 1919 – يىلى 3 – ئايدا قەشقەردە "جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسلام دۆلىتى" قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان ؛ مەمتىمىن ھەزرەت 1932 – يىلى خوتەندە "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" (يەنى "خوتەن ئەمىرلىكى" دەپمۇ ئاتالغان)نى قۇرغان. ئۇلار ياكى ياڭ زېڭشىنغا قارشى تۇرۇشنىلا كۆزلىگەن، ياكى شىنجاڭدىكى ئەنئەنىۋى ئىسيانلارنى دورىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا تەدرىجىي شەكىللىنىۋاتقان ئىدىيىۋى ئېقىم بىلەن ئۇيغۇنلاشمىغان. ھالبۇكى بۇ قېتىم "شەرقىي تۈركىستان" نامىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ھەم بۆلگۈنچىلەرنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىغا ماس كەلگەن، ھەم "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا ماس كەلگەن، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش قارانىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەم باشقىچە غەرىزى بار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلەرمۇ "شەرقىي تۈركىستاندىكى، جۈملىدىن ئالتاي، تارباغاتاي (چۆچەك)، ئىلى، قۇمۇل، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش كېرەك، بۇ ئىسلام دۆلىتى (شەرقىي تۈركىستان)دىكى مۇسۇلمانلار رەھبەرلىك قىلىدىغان، بىردىنبىر نوپۇزلۇق ھۆكۈمەتتۇر" 1 «جاڭ داجۈن: "شىنجاڭنىڭ بوران – چاپقۇنلۇق 70 يىلى"، تەيۋەن لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى، 1980 – يىلى 10 – ئاي، 3389 ـ، 3392 ـ، 3395 – بەتلەر. » دەپ جاكارلىغان بولۇپ، بۇ "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىچىلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇش خىيالىنى كۈچەيتكەن ھەم باشقىچە غەرەزدىكى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا قۇلايلىق ياراتقان.

ئىككىنچى، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"گە ئاغقان. ئەمەلىيەتتە، مەمتىمىن ھەزرەت دۆلەت نامىنى "شەرقىي تۈركىستان تۈرك – ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) (           ) دەپ تېخىمۇ توغرا ئىشلەتكەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم فوربېسمۇ ئۆز تەتقىقاتىدا مۇشۇ نامنى (           ) قوللانغان 2 «           ». كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنىڭ تىپىك ئىنكاسىدۇر. ئۇ "قۇرئان كەرىم"نى قانۇن چىقىرىش مىزانى قىلىشنى تەكىتلەپ، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپلا قالماستىن، خۇيزۇلارغىمۇ ئۆچمەنلىك قىلغان بولۇپ، "تۇڭگانلار خەنزۇلاردىنمۇ بەكرەك بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر" 1 «خوڭ دىچېن: "شىنجاڭنىڭ تارىخ – جۇغراپىيىسىدىن تىزىس"، 329 – بەت. » دەپ ئاشكارا جاكارلىغان.

ئۈچىنچى، ئاتالمىش "جۇمھۇرىيەت"نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىدا "شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ" دەپ داڭلانغان بولۇپ، بۇنىڭدا

www.uyghurweb.net

روشەنكى شەكىل جەھەتتە دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن "جۇمھۇرىيەت" بەلگىسى ئېسىلغان، ئەمەلىيەتتە بولسا خۇددى غەرب ئالىملىرى كۆرسەتكەندەك "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېيتقاندا 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقۇپبەگ قۇرغان، دىن ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىنىدىغان ئەمىرلىكنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولغان" 2 « . «

2 – پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا چىققان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە – "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"

1944 – يىلى، شىڭ شىسەي ئۇزۇن مەزگىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكتىن شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭدا بىر قاتار ئىسيانلار يۈز بېرىپ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، بۇ ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم بۆلگۈنچىلىك ئويۇننى ئويناپ، ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نى قۇردى.

1. زور كرىزىسقا تولغان ئىجتىمائىي زىددىيەت

1933 – يىلى 4 – ئايدىن 1944 – يىلى 9 – ئايغىچە شىڭ شىسەي شىنجاڭغا 11 يېرىم يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 1942 – يىلدىن، بولۇپمۇ 1940 – يىلدىن ئىلگىرى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىللىشىش سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيە قاتارلىق ساھەلىرىدە خېلى تېز تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشىغا تۆھپە قوشتى. ئەمما، 1940 – يىلدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېت – گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان دوستانە پوزىتسىيىسىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. 1942 – يىلى دەل سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىست گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتتە، ئۇ ئىنچىكە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئادەتلەنگەن نەيرەڭى – سۈيىقەستلىك تويلاڭ ئەنزىرىسىنى پەيدا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە ئومۇمىيۈزلۈك قارشى چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئاغدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە خارابلىشىش گىردابىغا بېرىپ، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇشتا قېلىپ، ئىقتىساد ۋەيران بولۇپ،

ئىجتىمائىي كرىزىس ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

سىياسىي جەھەتتە، شېڭ شىسەي تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى ساقلاش، "شىنجاڭ پادىشاھى" دېگەن ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا خىلمۇخىل چوڭ – كىچىك "سۈيىقەستلىك تويىلاڭ ئەنزىسى"نى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن 100 مىڭدىن كۆپرەكىنى قاماققا ئالغان، 50 مىڭدىن كۆپرەكىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۇ نۇرغۇن كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاماپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن بىگۇناھ ئىلغار زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشى جەمئىيەتكە مۇقىمسىزلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان نۇرغۇن مەشھۇر ئەربابلارنىڭ قامىدى، ھەتتا بەزىلىرىنى ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە ئايلانغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئىسھاقبېكلەرمۇ ئۇنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىۋاستە زىيىنىغا ئۇچرىغۇچىلار ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى 1943 – يىلى 12 – ئايدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە چۈشۈپ، كېيىن "گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلىنىپ" قويۇپ بېرىلدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئاتىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىدە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا چېتىلىپ قىلىپ ئوقۇشىنىمۇ تاماملىيالمىدى. ئىسھاقبېك 1942 – يىلى ئۆزىنىڭ تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئائىلىسى ئاختۇرۇلۇپ، بىساتى مۇسادىرە قىلىنىپ، خوتۇن – باللىرى سەرسان بولۇپ ئۆلدى، ھەتتا ئىنىسىمۇ ئۇنىڭغا چېتىلىپ قىلىپ ئۇزۇنغىچە تۈرمىدە ياتتى. شېڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا پۈتكۈل شىنجاڭ بىر مەھەل ئىنتايىن تېررورلۇققا ۋە ئەنسىزچىلىككە پېتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتتى.

ئۇ شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئاۋۋال جۇشاۋلياڭنى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ، كېيىنچە ۋۇجۇڭشىننى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تىزگىنلەشنى جىددىيلەشتۈردى، ئۇلار جۇنتۇڭ ۋە جۇڭتۇڭنىڭ ئىشپىيونلىرىغا تايىنىپ سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەبىتلىككە كاپالەتلىك قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن خادىملىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ، مالىيىدىكى قىزىل رەقەم غايەت زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1944 – يىلى 10 – ئاينىڭ ئاخىرىدا مالىيىدىكى قىزىل رەقەم ئۈچ مىليارد 770 مىليون يۈەندىن ئاشتى. مالىيە كرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گومىنداڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن قالايمىقان قەغەز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، 1944 –

www.uyghurweb.net

يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى يىلىدىكى مال باھاسى ئالدىنقى يېرىمى يىلدىكى مال باھاسىدىن ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆپلەپ ئېغىر باج – سېلىق يىغدى، نەتىجىدە 1944 – يىلى خەلققە چېچىلغان تۇرلۇك باج – سېلىق 20 نەچچە خىلغا يېتىپ، دېھقانلار تاپشۇرغان يەر ئىجارىسىلا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ 15% دىن ئېشىپ كەتتى.

شېڭ شىسەينىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن شەكىللەنگەن كىرىزىسكە تولغان "ئەبجەق تەنزە"نى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، گومىنداڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىپ ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەتنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇنۇپ، بەزى دەبدەبىلىك شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھال سوراش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەن، كىشىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويغان بولسىمۇ، گومىنداڭ شىنجاڭدا شەكىلىنىلا ئۆزگەرتىپ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەكسىيەتچىل ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزگەن بولغاچقا، سىياسىيدا زۇلمەتلىشىپ، ئىقتىسادقا چىرىكلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كىرىزىسىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىدى.

## 2. "ئىككى پان" ئىدىيىسىنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشى

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ يەنىمۇ يامانلىشىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر مەھەل پەسكويغا چۈشكەن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىۋى ئېقىمى جەمئىيەتتە يەنە ئاشكارا ياماراشقا باشلىدى. ئۇلار تەشكىلات قۇرۇپ، ئەزا توپلاپ، تاشقى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈشنى پائال پىلانلاپلا قالماي، يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتىدىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى كۆرەشدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى خاتا يولغا باشلاشقا ئۇرۇندى.

"غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى" دەل مانا مۇشۇنداق تەشكىلات ئىدى. ئۇ 1944 – يىلى 4 – ئاينىڭ 9 – كۈنى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان ئوتتۇرىچىل ھەم سولچىل مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىدەك ئاز ساندىكى ئىلغار زىيالىيلار بولۇپلا قالماي، ئېلىخان تۆرە، مۇھەممەتجان مەخسۇمدەك دىنىي زاتلار ۋە رەخىمجان سابىر ھاجى، سالىجانباي باباجاندەك سودىگەر، چارۋىدار، زېمىندارلارمۇ بولۇپ، بۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ پائالىيىتى كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ كېيىنكى ئاساسلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

www.uyghurweb.net

ئېلىخان تۆرە (1885 – 1976 – يىللار) رۇسىيە توقماقلىق ئۆزبېك بولۇپ، دىندار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئەنجاننىڭ چوڭ ئاخۇنى بولغان. ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى، بۇخارادا دىن ۋە تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ، "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى بولۇپ يېتىشكەن. 1924 – يىلى قانۇنسىز هالدا "پانئىسلامىزم"چى تەشكىلات – "مۇقەددەس"نى قۇرغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى خەۋپسىزلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1927 – يىلى يوشۇرۇنچە شىنجاڭغا كېلىپ، دىن ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ غۇلجىدا ئولتۇراقلاشقان. 1937 – يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1941 – يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە غۇلجىغا كېلىپ بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان. سۆزمەن بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ "كاپىرلار"نىڭ تۈرمىسىدە يېتىپ چىققانلىقتىن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چىلارنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ تەسىر قوزغىغان.

ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار فېئودال دىندارلار ئارىسىدا مەخپىي ئالاقە ئورنىتىپ، غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتىنى پائالىيەت سورۇنى قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ هەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا تەرغىبات يۈرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە هەم شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان مەزمۇنلارمۇ، هەم "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بەيتۇللا مەسچىتى خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"نى تارقىتىدىغان مەركەزگە ئايلىنىپ، هەتتا مۇسۇلمانلارنى "غازات" قىلىشقا چاقىردى. غۇلجىدىكى باشقا مەسچىتلەرمۇ مۇشۇنداق قۇتراتقۇلۇقلارنى قىلىپ، ئىماملار بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىتتىپاقلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت فېئوداللىرى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم سېلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب – ئوقۇبەتلەرنى پۈتۈنلەي "كاپىر خەنزۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى" كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشنى، "غازات قىلىپ " تۈركىي تىللىق بولمىغانلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەرغىب قىلدى. يەنە شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، مۇستەقىللىقنى، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلدى، ئېلىخان تۆرە "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"لىق پىتنىلىرى ۋە كۈچلۈك ئۇتۇقلىرى بىلەن بۆلگۈنچىلەر ئارىسىدا بارا – بارا ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىدىكى مۇھىم رەهبەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ رۇسىيىلىك بولغانلىقتىن يەنە بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەزىرىگە چۈشتى. 1944 – يىلى 9 – ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئۇنىڭ روزا هېيتىنى تەبرىكلىدى. "غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى" تېز تەرەققىي قىلىپ، كېيىن ئۈچ ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە زور رول ئوينىدى.

www.uyghurweb.net

"غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى" سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ يوشۇرۇن تىزگىنلىشىدە تارباغاتاي، ئالتاي، دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى)، ئاقسۇ، ھەتتا تاشقورغاندا مەخپىي تارماق ئاپپاراتلارنى قۇردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەخپىي خادىملار ۋە يەرلىك ياشلار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى تىزگىنلەيتتى. ئۇ "پانتۈركىزم"نى تارقىتىش بىلەن بىللە، يەنە تېزدىن مۇسۇلمانلارنى قۇترىتىپ، غۇلجىنىڭ ئىچى – سىرتىدىكى مەخپىي تەشكىلاتلارنى ماسلاشتۇرۇپ پائالىيەتكە تەشكىللەپ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىپىنىمۇ بىۋاستە ئۈستىگە ئالغانىدى.

### 3. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېيىپ كەتكەن ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى قوللاشلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەككەپ ھەم كۆپ تەرەپلىمە مۇناسىۋىتى بار.

بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆچ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. 1942 – يىلى شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى يولدا ماڭغان، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاشنى توختىتىپ، شىنجاڭدىكى خادىملىرىنى ۋە قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئادەم تەشكىللەشكە ۋە تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە، مۇۋاپىق كۈچلەرنى تاللاشقا ۋە قوللاشقا كىرىشكەن. 1943 – يىلى 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلغان. يىغىندا شىڭ شىسەي ۋاپاسىز، نومۇسسىز ئادەم، سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ياردەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئېتىبار قىلماي قالماستىن ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيان كەلتۈرىدىغان قىلمىشلارنى قىلدى دەپ كۆرسىتىلگەن ھەم مۇشۇ ئاساستا تەدبىر قوللىنىپ شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك، دەپ قارالغان.

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن ئەنسىرەشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا سەۋەب بولغان. گومىنداڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان. بۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ كۈچىنىڭ بىۋاستە

ئوتتۇرا ئاسىياغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ خۇددى بىر پىچاقنى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ بىقىنىغا سانجىغانغا ئوخشاش ئىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ ئەتراپىدا خىرىس قىلىپ تۇرۇشىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولالمايتتى. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى يۆلەپ شىنجاڭنى ياكى ھېچبولمىغاندا ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى "ئارىلىق رايون"غا ئايلاندۇرماقچى بولغان.

ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى، تاشقى مۇڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭنى بىر تۇتاش ئويلىشىپ، كېيىن مەيلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن بولغان ياكى جۇڭگو بىلەن بولغان مەنپەئەت مۇرەسسەسىدە بولسۇن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتلارغا ئىگە بولماقچى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەتكە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوخشىمىغان ئىككى لاگېرغا بۆلۈندى. فاشىزمغا قارشى كۈرەشتە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى بىردەك بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن مەنپەئەت بۆلۈشۈشتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز چوتى بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە زەربە بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۆز تەسىرىنى ساقلاشنى ئويلايتتى، تاشقى مۇڭغۇلنى ئاللىقاچانلا ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانىدى، ئۆز بىقىنىدىكى جۇڭگو شىنجاڭدىن بولسا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەنھا مەنپەئەتلىنىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. جۇملىدىن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مىللىي زىددىيەتكە بولغان ۋەزىيەتتە، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇش بىلەن " پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"دىن قارىقويۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلەرنى خاتاھالدا "مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش"، "مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرىدىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى"، "مۇسۇلمانلارنىڭ قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان دۆلەت تەشكىلى قۇرۇش" دەپ بېكىتكەن ھەمدە مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭدا پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىپ، كۆپ تەرەپتىن قوللاشقا تۇتۇلغان.

"ئىنقىلابىي تەشكىلات"لارنى قۇرۇش ۋە شىنجاڭنىڭ "ئىنقىلاب كۈچلىرى"نى يېتىشتۈرۈشنى قارار قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ سىرتىدا پىلانلىق ھالدا بەزى "مىللەتنى گۈللەندۈرۈش گۇرۇپپىسى" نامىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلاردا ھەم ئەسلىدە شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتتىكىلەر، ھەم ئۇلار بىلەن مىللىتى ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكىلەر بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي

www.uyghurweb.net

بيۇروسى يەنە شىنجاڭغا قوشنا بولغا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا بىرقانچە مەكتەپ قۇرۇپ ، "مىللەتنى گۈللەندۈرۈش گۇرۇپپىلىرى" ئۈچۈن مەخسۇس قوماندانلارنى ۋە كەلگۈسىدە شىنجاڭدىكىلەر بىلەن بىللە خىزمەت قىلىدىغان تەرغىباتچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى قارار قىلغان. بۇ پىلاننى يولغا قويۇش جەريانىدا "مىللەتنى گۈللەندۈرۈش گۇرۇپپىسى"نىڭ نامى "مىللىي مۇستەقىللىق گۇرۇپپىسى" ياكى "مىللىي ئازادلىق گۇرۇپپىسى"غا ئۆزگەرتىلگەن، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزۈن مەزگىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇمغا قارشى كۈرىشىنى "خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى" دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولغان. جۈملىدىن 1944 – يىلى 8 – ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا يوللىغان شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا: "خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكە سىياسىتى يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان خەنزۇ بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلچە تەپتارتماي خالىغىنىنى قىلىدىغان خاراكتېرنى ئالماقتا، بۇ دەل خەنزۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىلغار مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق شارائىت ياراتتى" 1 «رۇسىيە فېدىراتسىيىسى تاشقى سىياسەت ئارخىپخانىسى، جۇڭگو مەسىلىرى مەسلىھەت باشقارمىسى ئومۇمىي توپلىمى، 299 – ساندۇق، 11 – توپلام 2 – بەت. »دېگەن.

تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتقان. سوۋېت ئىتتىپاقى "مىللىي مۇستەقىللىق گۇرۇپپىلىرى"نى قۇرغاندىن سىرت، يەنە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتادا "شىنجاڭ تۈركىي مىللەتلىرى ئازادلىق كومىتېتى"نى قۇرغان. "مىللىي مۇستەقىللىق گۇرۇپپىلىرى"نىڭ تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ۋە تەشۋىق ماتېرىياللىرىدا مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق، كەلگۈسىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى يوشۇرۇن تەرغىب قىلىنغان. سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئۇز يۇسۇپوف شىنجاڭغا ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە چىقىرىدىغان مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان "يېڭى ھايات"، "شەرق ھەقىقىتى"، "قازاق يۇرتى" قاتارلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىت – ژۇرناللارمۇ شىنجاڭغا كەڭ تارقىتىلغان. بۇلاردا بىرىنچىدىن "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقى ئىدىيىسى، ئىككىنچىدىن خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش تەشۋىق قىلىنغان.

ھەرقايسى تەرەپتىكى خادىملار يېتىشتۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخىپلىرىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى 1934 – يىلىلا "سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىنجاڭلىق ياشلارنى تەربىيىلەش" توغرىسىدىكى قارارنى مەخسۇس ماقۇللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرىدىكى كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە باشلىغان. 40 – يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە 30 مىڭ

ياش سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرلۇك تەربىيىلەرنى ئېلىپ يېتىشكەن. بۇ تەدبىر شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ كۈچ توپلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى سېسدېركوفنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن بۇ شىنجاڭلىقلار بۇ قوزغىلاڭدا زور رول ئوينايدۇ، شۇڭا كەلگۈسىدىكى قوزغىلاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەمەس، بەلكى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە بولىدۇ، دەپ قارىغان. دەل خادىم، ياردەم ۋە جۇغراپىيىلىك قۇلايلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي دائىرىلىرى كەلگۈسىدىكى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنىڭ ئورنىنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت دەپ بېكىتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گەرچە مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى – تاشقى سەۋەب ۋە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر ساقلانغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كرىزىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى يولغا قويۇشتا، گەرچە تېيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك تەرىپى بار ئىدى. ھالبۇكى، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشى بولسا بۇ ئىنقىلابنى قالاڭغۇلۇققا ۋە نىشانسىزلىققا پاتۇرۇپ قويغانىدى.

## 4. نىلقا ئىسيانى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭى

مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەتتە "نىلقا ئىسيانى" ۋە "غۇلجا قوزغىلىڭى" پاتلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 – يىلى 8 – ئايدىن 1949 – يىلى 10 – ئايغىچە شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىلىتارىست شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرىشىدۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 – يىلى 8 – ئايدىكى "نىلقا ئىسيانى"دىن باشلاندى. 1944 – يىلى 8 – ئاينىڭ 17 – كۈنى نىلقىدىكى پارتىزانلار ئاختۇرۇشقا كەلگەن ناھىيىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرىغا ئوڭۇشلۇق ھالدا بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ زەربە بېرىپ، "نىلقا ئىسيانى"نىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتتى. ئارقىدىن ئۇلار تېزلىكتە كۆپىيىپ 200 دىن كۆپرەك ئادەمگە يېتىپ، 60 تىن ئارتۇق مىلتىققا ئىگە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، فاتىخنى قوماندان قىلدى. 10 –

ئاينىڭ 7 – كۈنى ئۇلار نىلقا ناھىيىسىنى ئىگىلەپ، تېزلىكتە ئاۋۇپ 800 دىن كۆپرەك ئادەمگە يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېزدىن شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈش، نىلقا ئىسيانىنىڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىسياننى تەشكىللىگۈچىلەر شارائىتى بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن غۇلجىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

11- ئاينىڭ 7 – كۈنى، غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىدى. 11 – ئاينىڭ 8 – كۈنى قوزغىلاڭچىلار شەھەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىش بىلەن بىللە شەھەر سىرتىدىكى ئۇرۇمچىگە بارىدىغان يولنى ئۈزۈۋەتتى. 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن شەھەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمى كەسكىن توقۇنۇشتى. 11 – ئاينىڭ 10 – كۈنى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىدىكى 400 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئەسكىرى ئوفىتسېرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تەسلىم بولدى. 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى، ۋالىي مەھكىمىسىنى، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى ئايرودروم، ھەرەمباغ ۋە بۇتخانىنى گومىنداڭ قوشۇنى مەھكەم ساقلاپ تۇرغاندىن باشقا، پۈتكۈل شەھەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، غۇلجا قوزغىلىڭى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

## 5. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇشى

1944 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنى ئاساسەن كونترول قىلغاندىن كېيىن، "غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى" غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. سېرىق ئاي – يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراق دۆلەت بايرىقى قىلىندى، ئۇيغۇرچە، رۇسچە "شەرقىي تۈركىستان گېزىتى" چىقىرىلدى. قۇرۇلتايدا قايمۇققان ئامما ئۇزلۇكسىز "زۇلمەتلىك، ئىستىبدات خەنزۇلار ھاكىمىيىتىنى يوقىتايلى!"، "شەرقىي تۈركىستان ياشىسۇن!"، "ئېلىخان تۆرە ياشىسۇن!" دەپ توۋلاپ، ھەر تەرەپكە سېرىق ئاي – يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقنى ئاستى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئېلىخان تۆرە قاتارلىق 16 نەپەر ھەيئەتتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر ئىدى:

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى: ئېلىخان تۆرە

مۇئاۋىن رەئىس: ھاكىمبەگ خوجا

www.uyghurweb.net

باش كاتىپ: ئابدۇرۇپ مەخسۇم

ھەربىي قوماندانلىق شتابىدىن ئۆزگەرتىلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پارتىزانلار ئەترىتى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى: ئالېكساندىروف

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: ھەبىب يۇنچى

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: ئەنۋەر مۇسابايېف

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئۇبۇلخەيرى تۆرە

دىن نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇمۇتائالى خەلپە

ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مۇھەممەتجان مەخسۇم

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 16 نەپەر ھەيئىتى ئىچىدە، رەئىس ئېلىخان تۆرە دىندار ئەرباب، "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چى ئۇنسۇر، مۇئاۋىن رەئىس ھاكىمبەگ خوجا فېئودال زات، باش كاتىپ ئابدۇرۇپ مەخسۇم بولسا دىندار زات ھەم سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەيئەتلەردىن رەخىمجان سابىر ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئەنۋەر مۇسابايېف، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، بۇقا، سالىجانباي باباجان، ئابدۇمۇتائالى خەلپە قاتارلىق يەتتەيلەننىڭ ھەممىسى ياكى فېئودال، ياكى دىندار زات ئىدى. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مۇھاجىر پاۋىل پاۋلوۋىچ موسكالىيېۋكا، غەنى يولداشلارمۇ ھەيئەتلەردىن ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى ئىلغار زىيالىيلار بولسا ئىنتايىن ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمەلىيەتتە "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نىڭ ھوقۇقىنى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان فېئودال دىندار زاتلار ئىگىلىگەن، ھەربىي ھوقۇقنى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئوفىتسېر ئالېكساندىروف ئىگىلىگەنىدى.

1945 – يىلى 1 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئېلىخان تۆرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 4 – قېتىملىق يىغىنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ "ياردىمىدە" تەييارلانغان ھۆكۈمەت باياناتىنى ماقۇللاپ، "(شەرقىي تۈركىستان) زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل – كېسىل يوقىتىش"نى جاكارلىدى.

ئېلىخا تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىندارلار قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ئۇزلۇكسىز ھالدا ۋەتەننى پارچىلاشنى تەرغىب قىلدى ھەم "شەرقىي تۈركىستان" تارىخىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. ئېلىخان تۆرە تىزگىنلىگەن "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويۇشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى ۋە رىغبەتلەندۈردى. جۈملىدىن ئۇ: "ھۆكۈمەت دەل ئاللاھنىڭ قامچىسى" دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭدىن ئۇ قۇرماقچى بولغان ھۆكۈمەتنىڭ دەل دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1945 – يىلى 3 ئايدا "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" دىن نازارىتى جاكارنامە ئېلان قىلىپ، "بارلىق دىنىي خادىملارنى دىنىي شەكىل بىلەن خەلققە

تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، خەلقنى ئىنقىلابنى قوللاشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشقا" چاقىردى، ھەتتا مۇئەييەن دائىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويدى. مەسىلەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك دىنىي سوت قۇرۇپ، ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. دىن باشقارمىسى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش ئىشلىرىنى باشقۇردى، "ئۆشرە" ۋە "زاكات"نى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بانكىلارنىڭ شەخسلەرنىڭ ئامانىتىگە ئۆسۈم بېرىشىنى توختاتتى، دىن تەشۋىقات ئۆمىكى قۇردى. 1945 – يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تىزگىنلەپ يەنە "دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈش" سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنۇپ، "تۇرلۇك ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە چوقۇم ئىسلام دىنىدىن دەرس سۆزلەشنى (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى)نىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىنى (قۇرئان)نى پىششىق بىلىدىغانلار ئارىسىدىنلا تاللاشنى" تەشەببۇس قىلدى 1« ». "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇستىگە ئاي – يۇلتۇز ھەم ئايەت چۈشۈرۈلگەن ئىسلام بايرىقىنى ئاشكارا چىقاردى. ھەتتا قوشۇن ئىچىدە دىنىي خادىملارنى تەسىس قىلىپ، روتىلارغا ئاخۇنلارنى قويۇپ، قوشۇننى دىنىي جەھەتتىن كونترول قىلدى. قوشۇنغا شەخسەن ئۆزى "لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدەن رەسۇلىللا" دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئارمىيە بايرىقىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە "پانتۈركىزم"نى كۈچەپ قۇتراتتى. ئاممىۋى يىغىلىش دېگەندەك ئاشكارا سورۇنلاردا ۋەتەننى پارچىلايدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغان نۇتۇق سۆزلىدى. "شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى" دېگەن پاكىتنى "سەپسەتە" دەپ قارىلاپ، "شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىز" دېگەن ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچىلىك ئىبارىسىنى تارقاتتى. يەنە "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ مۇستەقىللىق قارىشىنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ بايرىقىنىڭ كەينىگە "شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا" دېگەن شوئارنى چۈشۈردى.

ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتە "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى كۈچەپ تەشۋىق قىلغانلىقتىن، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تار مىللەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، مىللىي قارشىلىشىش ۋە خەنزۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش كۈچىيىپ كەتتى. دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تار مىللەتچىلىكنىڭ تۈرتكىسىدە، پارتىزانلار ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار، جەمئىيەتتىكى ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە ئازغان ئامما ھەدەپ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش، خەنزۇ پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىش، مال – مۈلۈك بۇلاش، ئاياللارنى خورلاشتەك ۋەقەلەر داۋاملىق يۈز بەردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە خەنزۇلارغا قارىتا مىللىي ئايرىمچىلىق شەكلىدىكى مەجبۇرىي

كۆچۈرۈش، يىرىنى مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، قېپقالغان خەنزۇ ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زەربە بەردى.

ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ تىزگىنلىشىدىكى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"نى تەشەببۇس قىلغان، رىغبەتلەندۈرگەنلىكتىن، قوزغىلاڭ ئەسلىدىكى مۇددىئاسىدىن چەتلەپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئۇزلۇكسىز ئۆرلەپ، ۋەتەننى پارچىلاش خاھىشى كۈچىيىپ، ئەسلىدىن مۇرەككەپ بولغان ۋە كىرىزىسقا تولغان بۇ ئىنقىلاب تۈيۇق يولغا كىرىپ قالدى. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە قوللانغان نامىدىن قارىغاندا، ئۇ 1933 – يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان قىسقا ئۆمۈرلۈك "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى مەقسەتلىك دورىغان بولۇپ، ماھىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" نىڭ راۋاجى ئىدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ خاتا يېتەكچىلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى زور ئۆزگىرىش ياساپ، دەسلەپكى مەقسىتىدىن ئېغىر دەرىجىدە چەتلەپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىچىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ماھىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" كونا چۈشىنىڭ قايتا رېئاللىققا ئايلىنىشى، يەنە بىر قېتىملىق "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنى ئىدى.

### 6. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ پارچىلىنىشى

خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ئاممىنىڭ ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئېلىخان تۆرىنىڭ "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"لىق بۆلگۈنچىلىك ماھىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەندىن كېيىن،ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"مۇ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ياكى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچىدە "2 – قېتىملىق ئىنقىلاب"نىڭ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتمۇ يوقىلىشقا باشلىدى.

غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئارىلاشقانلىقىنى بىلىپ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى قارشىلىقنىڭ ھەرگىز شېڭ شىسەيگە قارىتىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ "ئوغرىلارنىڭ ئىسيانى"مۇ ئەمەسلىكىنى، شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن كەتكۈزۈۋېتىش بىلەنلا قوراللىق توقۇنۇشنى تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق ھۇجۇمى ئالدىدا، شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا چىققان ۋۇجۇڭشىن ئىلى قوراللىق ئىسيانىنى ئىچكى ئىش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، ئىلىغا قوشۇن ئەۋەتتى. 1945 – يىلى 1 – ئايدا گومىنداڭ قوشۇنى كەڭساي ئەتراپىغا كەلگەندە،

www.uyghurweb.net

سوۋېت قوشۇنى بىۋاستە ئارىلىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىشتىن يالتايتىپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 1945 – يىلى 9 – ئاينىڭ بېشىدا، مىللىي ئارمىيە ئۈلگە مەركىزى ئۈرۈمچىگە 150 لا كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. گومىنداڭ قوشۇنى ماناس دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، دەريانى پاسىل قىلىپ مىللىي ئارمىيە بىلەن تىركىشىپ تۇردى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا مەيلى خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە بولسۇن ياكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تۇتقان سىياسىتىنى تەڭشەشكە باشلىدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتتىن ئېيتقاندا، خەلقئارادىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو شىنجاڭغا تۇتقان سىياسىتىدە ئۆزگىرىش ياسىدى. جۇملىدىن 1945 – يىلى 2 – ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ كاتتىۋېشى يالتادا يىغىن ئېچىپ، گېرمانىيە، ياپونىيە بىلەن ئۇرۇشۇشنى تېزلىتىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر قاتار كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولۇپ، كېلىشىمدە جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىكلىرى ئاساسلىقى: سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇن چىقىرىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئىېسۋالغان ياپونىيە كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى چەكلىك مۇددەتتە چېكىنىپ چىقىپ كېتىش، بۇنىڭ بەدىلىگە جۇڭگو تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش ؛ شىنجاڭ مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قاراپ ئارىلاشماسلىق ؛ جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بالدۇرراق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار ئىدى. ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىپ، "جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى"نى ئىمزالىغان بولۇپ، شەرتنامە ئالماشتۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ: "شىنجاڭدىكى يېقىنقى ئۆزگىرىش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5 – ماددىسىدا دېيىلگىنىنى تەكىتلەيدۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ" دېگەنىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى، ئىلى تەرەپنى ھەربىي جەھەتتىن قوللاشنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

گومىنداڭ تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. جۇملىدىن شىمالىي سەپتە تارباغاتاي، ئالتايدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار بولغان، ئوتتۇرا سەپتە گومىنداڭ قوشۇنى ماناس دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

www.uyghurweb.net

ئارمىيىسى بىلەن تىرىكىشىپ  تۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاران ئالتە يىڭ ئەسكىرى قالغان، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئەسكەر يۆتكەشمۇ تەس ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە، يەنى "ئۈرۈمچى ئەتراپىنى جان تىكىپ ساقلاش" قا (شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا قاراشەھەرگىچە، غەربتە ماناسقىچە بولغان دائىرىنى ساقلاشقا) مەجبۇر بولغانىدى، ئەمەلىيەت ۋۇجۇڭشىنىڭ قورشاپ يوقىتىش تەشەببۇسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. جاڭ جىجۇڭ ۋۇجۇڭشىنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، ئىككىنچىدىن، سۆھبەتلىشىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ 9 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ جۇشاۋلياڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، "ئىلى ئۆزگىرىشى"نى ھەربىي جەھەتتىن ھەل قىلىشتا ئۈمىد يوق, پەقەت سىياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋاستىچى قىلىش لازىم، دېگەن ئىشەنچكە كەلدى 1 «"جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىلىرى"، 2 – قىسىم، 420 – 421 – بەتلەر، مەدەنىيەت – تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى, 1985 – يىل نەشرى.» ۋە 9 – ئاينىڭ 14 – كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى يېسىپېف بىلەن كۆرۈشتى. يېسىپېف ئۇنىڭغا "ئىلى ئۆزگىرىشى" جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، توقۇنۇشنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سورىغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتلىشىشكە ياردەملىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجۇڭ شۇ كۈنلا جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 10 – كۈنى جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ قايتا بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا سۆھبەتلىشىشكە باردى. 1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنىدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ رەسمىي سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ دەسلەپتە رەخىمجان سابىرى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇبۇلخەيرى تۆرىنى ۋەكىل قىلىپ، رەخىمجان سابىرىنى باش قىلدى. كېيىن بولسا ئەخمەتجان قاسىمىنى باش قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆھبەتنىڭ دەسلىپىدە "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋەكىللىرى سالاھىيىتىدە ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، جاڭ جىجۇڭ بۇنى رەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى يېسىپېفنىڭ نەسىھەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئۇلار "ئەسلىدىكى پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى".

تىنچلىق سۆھبىتى 1945 – يىلى 10 – ئايدىن تاكى 1946 – يىلى 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنىگىچە داۋاملىشىپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى. 1945 – يىلى 10 – ئايدىن 1946 – يىلى 1 – ئايغىچە

www.uyghurweb.net

بولغان 1 – باسقۇچتا، ئىككى تەرەپ "مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىمى"نى ئىمزالىدى. 1946 – يىلى 4 – ئاينىڭ 5 – كۈندىن 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنىگىچە بولغان 2 – باسقۇچتا، ئىككى تەرەپ يەنە "تىنچلىق بىتىمى"نىڭ ئىككى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشمۇ كەسكىنلىشىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۆرغۇچىلار ئاقىۋەتتە "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چى ئۈنسۈر ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلەر ئۈستىدىن غالىپ كەلدى.

ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"چى بۆلگۈنچى گۇرۇھ بۆلگۈنچىلىك يولىدا مىڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ھەرقانداق سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا قارشى چىقىپ، ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە جار سالدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف. ئىسھاقبېك مونونوپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوف قاتارلىقلار بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىششنى ياقلىدى. ئېلىخان تۆرە سۆھبەتنىڭ ئالدىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرىي قوشۇلغان بولسىمۇ، بۇ سۆھبەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى، ئەمەلىيەتتە سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭەيتىشنى ھەم مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلدى. ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" بىر مۇستەقىل دۆلەت نامىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "ئىككى دۆلەت" ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىگە ۋاستىچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 10 – ئاينىڭ 2 – كۈنى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" كومىتېتى 100 – نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ: "گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قورالسىز ۋاستىنى، يەنى سۆھبەت شەكلىنى قوللىنىپ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلمىز" 1 «"شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى"، 115 – بەت.» دېدى. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى كومىتېتى تۈزگەن سۆھبەت پروگراممىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋەكىللەر بۇيرۇققا بىنائەن "شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ؛ جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىش" 1«ئا. ئا. ھاكىمباييېف: "20 – ئەسىرنىڭ 30 – 40 – يىللىرىدىكى شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى"، "سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

www.uyghurweb.net

ژۇرنلى"، 1971 – يىللىق 4 – سان، رۇسچە، 159 – بەت. » دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن ئېلىخان تۆرىنىڭ سۆھبەتتە قۇۋۋلۇق – شۇملۇق قىلىپ، سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ ھەم سۆھبەتنىڭ دەسلىپىدە "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" ۋەكىللىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋەكىللىرى سالاھىيىتىدە ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. سۆھبەت باشلانغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نى تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا 1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 22 – كۈنى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" 114 – نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئۇنى ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى ھەم ئۇنىڭغا مارشال ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە "ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى نىزامى"نى ئېلان قىلىپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" كومىتېتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان ئىكەنلىكىنى، كومىتېت ئېلان قىلغان بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش، قارارلارنىڭ قانۇن بولىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ چوقۇم بويسۇنۇشى ھەم ئىجرا قىلىشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى. ئارقىدىن ئۇ مالىيە نازارىتى، دۆلەت بانكىسىنىمۇ "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئېلىپ، "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نى يۇقىرىقى ئاپپاراتلارغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ خام چوتى ۋە مالىيە چىقىمىنى ماقۇللاشقا ھوقۇقلۇق قىلىپ، مالىيە ھوقۇقىنىمۇ ئۆز قولىغا ئالدى. يەنە ئارمىيىنى كۈچەيتىش، قورال – ياراغ سېتىۋېلىش خام چوتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

1945 – يىلى 11 – ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مىللەتلەر قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايدا ئېلىخان تۆرە گۇرۇھى يەنە قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى چۈشەنمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابچىلارغا كۈچ كۆرسەتتى. ئېلىخان تۆرە قۇرۇلتايدا ئۈزلۈكسىز بۆلگۈنچىلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى"نى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"گە ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ 1 «"شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى"، 134 – بەت. »، ئۆزىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىنى، بۆلگۈنچىلىك لۇشيەنىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشتەك جاھىل مەيدانىنى ئاشكارىلاپ، ھەقىقىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قاراردا: "پۈتكۈل (شەرقىي تۈركىستان)نى ئازاد قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز"، "ناۋادا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەركىنلىك بەرمىسە، ئۇنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي ئىنقىلابنى (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا كېڭەيتىمىز" 2 «رۇسىيە فېدىراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى؛ ئومۇمىي توپلام ، 137 – توپلام، 208 – 211 – بەتلەر، ئى. ۋ، ستالىننىڭ مەخسۇس ساندۇقى. » دېيىلدى. ئېلىخان تۆرە گۇرۇھى خەلقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە

www.uyghurweb.net

ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشىشتەك كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىكنى ھەدەپ قۇترىتىپ ھەددىدىن ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغاندا پارتىزانلار قوراللىق ھۇجۇم قوزغاپ، 1946 – يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە تاشقورغان، قاغىلىق ۋە پوسكامنى ئىگىلەپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى يەنە تەھدىتكە ئۇچراتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" يولىدا مېڭىۋېرىپ سۆھبەتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېلىشتۈرۈشتە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلارنى قوللاشنى كۈچەيتتى. 1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نىڭ ھەيئەتلىككە تولۇقلاپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۆھبەتكە بىۋاستە ئارىلىششقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت"نىڭ يېڭى نامزاتلىرىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى.

1946 – يىلى 4 – ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرقى ھالقىلىق باسقۇچقا كىردى. سوۋېت تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىككى تەرەپ 5 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ھەربىي مەسىلىگە دائىر 2 – قوشۇمچە ھۆججەت ئۈستىدە بىر پىكىرگە كەلدى. 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنى "تىنچلىق بىتىمى"نىڭ 2 – قوشۇمچە ھۆججىتىنى رەسمىي ئىمزالاپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىر تاماملاندى. بۇ "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"نىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ ئۆزلۈكىدىن پارچىلانغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ يېڭىۋاشتىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر رايون خاراكتېرلىك يەرلىك ھاكىمىيىتىگە ئايلانغانلىقىنى، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"نىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭمۇ قانۇنلۇق ئورنىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئېلىخان تۆرە "تىنچلىق بىتىمى" ئىمزالانغاندىن كېيىن سىياسىي پائالىيىتىنى ئۆزلۈكىدىن توختىتىپ، تىنچلىق سۆھبىتىگە ۋە "تىنچلىق بىتىمى"نىڭ ئىمزالىنىشىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىشى ياكى ئىش تېرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى 1946 – يىلى 6 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇۋەتتى. 6 – ئاينىڭ 27 – كۈنى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى" ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، يىغىندا "تىنچلىق بىتىمىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ، (جۇمھۇرىيەت) ئەمەلدىن قالىدۇ" دەپ جاكارلىدى.

"تىنچلىق بىتىمى" ئومۇميۈزلۈك روياپقا چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىسلىكنى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە قالغان يەتتە ۋىلايەتنىڭ (شىنجاڭدا ئەينى چاغدا جەمئىي ئون

www.uyghurweb.net

ۋىلايەت بار ئىدى) ۋەكىلى بورھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى)نىڭ پارچىلىنىشى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىخان تارە باشچىلىقىدىكى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"چى ئۇنسۇرلارنىڭ خەلق قوزغىلىقىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇش سۈيىقەستىنىڭ ئۇزۇل – كېسىل تارمار بولغانلىقىدىن، بۆلگۈنچىلەرنىڭ "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇلۇغ تارىخىي ئېقىم ئىچىدە بەربات بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

### 7. "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ تەسىرى

"شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" گەرچە يوقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ ئىدىيە ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەسىرى بىراقلا يوقىلىپ كەتمىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى يادرو قىلغان "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىۋى سىستېمىسىمۇ يوقالماي، بەزى جايلاردا يەنىلا ئىزنالىرى ساقلاندى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 324 – نومۇرلۇق قارارىدا يەنىلا شىنجاڭنى "شەرقىي تۈركىستان" دېيىش، شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەن نامنى ئىشلەتمەسلىك، ئىلىنى "شەرقىي تۈركىستان"نىڭ ئىلى رايونى دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ بۇ مەسىلىنى ھېس قىلىپ، ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە سورۇندا ئۇنى تەنقىد قىلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا، ئەخمەتجان قاسىمى "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"لىق بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىپ، "(شەرقىي تۈركىستان) پەقەتلا بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ، ئۇنى سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر كىمكى ئۇنى سىياسىي ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيىسى قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دۈشمىنى" دېدى. ئۇ يەنە جاڭ جىجۇڭغا: "شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، ئىلى مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي، ئاتا – بوۋىلىرىمىز ياتقان ماكان، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، يۇرتىمىز، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق، ھۆرلۈك ۋە باراۋەرلىك 1 «"شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى"، 178 185 – بەتلەر. » دېدى. 1947 – يىلى 2 – ئاينىڭ 17 – كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋى يىغىنىدا ئۇ يەنە بۆلگۈنچىلىك مەيدانىنى ئاشكارا تەنقىدلەپ: "خەلقىمىز ھازىر قانداقتۇر (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى)نى قۇرمايدۇ. . . خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەككى، ھازىر

بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرمايمىز, ئەگەر كىمكى خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرسا، ئۇنداقتا (تىنچلىق بىتىمى) ۋە (ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى)غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇنداقلار بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس، شۇڭا (تىنچلىق بىتىمى)دىن تاشقىرى ھەرقانداق ھەرىكەتنى بىز قەتئىي قوللىمايمىز" 2 «"شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى"، 215 – بەت.» دېدى. ئۇ يەنە بەزى ئاممىنىڭ "ھۆرلۈك" ۋە "ئازادلىق"نى "مۇستەقىللىق" بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋالىدىغان خاتا خاھىشىنى تەنقىدلەپ: "تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن ئېتىبارەن ئىنقىلابىمىزنىڭ نىشانى ۋە يۆنىلىشىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، ئەمما ياشلىرىمىز، ھەتتا خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ھەمىشە (ھۆرلۈك )، (ئازادلىق) بىلەن (مۇستەقىللىق)نى باغلىۋېلىپ، مۇستەقىللىق بار جايدىلا ھۆرلۈك بولىدۇ، مۇستەقىللىق يوق جايدا ھۆرلۈك بولمايدۇ دەپ قارىۋېلىۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، چوقۇم بۇنداق ئىدىيىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ئۆلكە خەلقىنىڭ كۈرىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك" 1 «"ئىتتىپاق" ژۇرنىلى، 1949 – يىلى 4 سان. "شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى" دىن ئېلىندى.» دېدى.

جۇشەندۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، گەرچە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە سورۇندا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىيسىنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبلىك "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسى ھەر ۋاقىت باش كۆتۈرۈپ، مەلۇم ئورۇندا ياكى مەلۇم ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، دەل ئوخمەتجان قاسىمى كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا خۇلاسىلىگەندەك، بۆلگۈنچىلىك نەزەرىيىسىنى "ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىككى ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايتتى. يەنى بىرىنچىدىن، يېرىم ئەسىردىن بۇيان جايلاردىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى (پانتۈركىزم) ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئىككىنچىدىن، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، جاھاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىپ بىر دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئاسانلا دۈشمەن دەپ قارايتتى. ئېرىلگۈچى مىللەتلەر بولسا ئۆلارغا تېخىمۇ ئاسايلا ئۆچمەنلىك قىلاتتى" 2 «"شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى"، 313 – بەت.». بۇ ئەمەلىيەتتە "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەتتى. بولۇپمۇ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نىڭ شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تازىلاش ئۇزۇن ۋاقىتقا موھتاج.

www.uyghurweb.net

يەنە شۇنى چۈشەندۇرۇش ھاجەتكى، "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق "ئەمەلىيىتى" بولۇش سۈپىتىدە "شەرق تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"دىن ئىبارەت "دۆلەت قۇرۇش" ئويۇنى بەربات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. 1933 – يىلدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"گە سېلىشتۇرغاندا، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" مەيلى ۋاقتى، كۆلىمى، تاشقى كۈچلەرنىڭ قوللاش دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە تەسىر دائىرىسى غايەت زور. ئۇنىڭدىن باشقا،ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبلىك، ئۇنىڭغا بولغان تونۇش ئۇزۇندىن بۇيان ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىنمىدى ۋە تەھلىل قىلىنمىدى، ئۇنى تەنقىد خاراكتېرلىك تەتقىق قىلىش تېخىمۇ كەم بولدى، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا بولسۇن ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۈجمەل قاراش ساقلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى زورايدى، ئۇزاققىچە ساقلاندى.

## 4 – باب

## ئەرۋاھنىڭ يوقالماسلىقى

1949 يىلى 10 – ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، 12 – ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. ئەمما، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش توختىماي، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ بەزىدە پەسىيىپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ھالەت شەكىللەندى.

### 1 – پاراگراف "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" كونا جۇشىنى بەربات قىلىش

1933 – يىلى 11 – ئايدا "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق "ئەمەلىيىتى" سۈپىتىدە قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قىسقىغىنا ئۈچ ئايلا مەۋجۇت بولغاندىن كېيىن يوقالدى. ئەمما، يوشۇرۇنۇۋالغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولمىغان سىياسىي ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، 20 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ قېتىم بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" كونا چۈشىنى قايتا چۈشەشكە ئۇرۇندى. 1940 – يىلى قارىقاش ناھىيىسىدە 3000 كىشىلىك بۆلگۈنچىلىك ئىسيانى سۈيىقەستى تارمار قىلىندى ؛ 1944 – يىلى

www.uyghurweb.net

خوتەندە "ئىسلام" توپىلىڭى پىلانى ئوتتۇرىغا چىقتى ؛ 1946 – يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى مەمتىمىن ھەزرەتنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقاردى. بۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋەتتى. قارىقاش ناھىيىسىدىكى ئاممىۋى يىغىندا بەزىلەر "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنى قايتا قۇرۇشنى ئاشكارا جاكارلاپ، قوراللىق ئىسيان ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار چەت ئەلگە قېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆتۈشىدە بۆلگۈنچىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلدى. بۇلار بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نى يەنىلا چۈشەۋاتقانلىقىنى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشنىڭ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ھەم جىددىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

## 1. مەنبە ھەم ئاپەت يىلتىزى – يەكەن خاڭدى مەدرىسەسى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن ناھىيىسىدىكى خاڭدى مەدرىسەسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنىڭ مەنبىئى ھەم ئۇۋىسىدۇر. ئۇنى ئايۇپ قارى 1945 – يىلى قۇرغان.

ئايۇپ قارىنىڭ يەنە بىر نامى ئايۇپ ھەزرەت بولۇپ، يەكەن خاڭدىلىق دىندار، 1913 – يىلى تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان. تۆت يېشىدا مۇسا خەلىپىنى ئۇستاز تۇتۇپ "قۇرئان"دىن ساۋاق ئالغان. 13 يېشىدا "قۇرئان"نى يادلاپ بولغان. كېيىن، ئابدۇلئەزىز ھاجىنى ئۇستاز تۇتقان. ئابدۇلئەزىز ھاجى بۇرۇن ھىندىستاندا 15 يىل دىن ئۆگەنگەن بولۇپ، 1934 – يىلى ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتىگە چېتىلىپ قالغانلىقتىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئايۇپ قارى كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئىشانلار كاتتىۋېشى قەمەردىن ئىشاننى ئۇستاز تۇتۇپ، "پانئىسلامىزم"نى قوبۇل قىلغان. 1939 – يىلى ئۇ يەنە ھىندىستاننىڭ دىبان مەدرىسىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇرېشىت موللىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دىبان مەدرىسەسىگە تەقلىد قىلىپ يەكەندە مەدرىسە قۇرماقچى بولغان. 1941 – يىلى شىڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭدا جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلىرىغا زەربە بەرگەندە، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان. 1942 – يىلى يەنە پەيدا بولۇپ، داۋاملىق ۋەز ئېيتىپ "خەلىپە"لەرنى (مەدرىسە – خانىقالاردىكى تالىپلار) يېتەكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدرىسە سېلىشقا تەييارلىق قىلىپ، خەلقتىن ئىئانە توپلىغان. 1943 – يىلى ئۇ يەكەن خاڭدىدىكى

يۇلغۇنبۇلاقتىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ، مەدرىسە سېلىشقا تۇتۇش قىلىپ، 1945 – يىلى ھىندىستاندىكى دىبان مەدرىسەسىگە تەقلىد قىلىنغان مەدرىسەنى پۈتتۈرگەن. بۇ مەدرىسە خاڭدى مەدرىسەسى دېيىلگەن. ئۇمۇ بارا – بارا شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق چوڭ ئىشانغا ئايلانغان. 1947 – يىلى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ئۇ قاتارلىق سەككىز كىشىنى قولغا ئېلىپ، 16 كۈن قامىغاندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ داۋاملىق مۇرت توپلاپ، ئىشان، "خەلىپە"لەرنى يېتىشتۈرگەن.

ئايۇپ قارىنىڭ باشچىلىقىدا 1945 يىلى پۈتكەن خاڭدى مەدرىسەسى ئەڭ دەسلەپتە يېتىپ – قوپۇپ ئوقۇيدىغان 100 دىن ئارتۇق تالىپنى سىغدۇرالايتتى. كېيىن ئۇ تەدرىجىي كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىشانلارنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 4000 تالىپنى سىغدۇرالايدىغان بولدى. ئايۇپ قارى يېتىشتۈرگەن تالىپلار ۋە ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھەرقايسى جايلاردا پائالىيەت قىلىدىغان خەلىپىلەر پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىگە ئەۋەتىلگەن ئىشان ئابدۇلھېمىت داموللا ئىدى. ئايۇپ قارى كۆپلىگەن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدىكى ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ ئەڭ ئالاقە تورى قۇردى. شۇ مەزگىلدە قاغىلىقتىكى ئابلىكىم مەخسۇم داموللا گەرچە ئايۇپ قارىنىڭ خەلىپىسى بولمىسىمۇ، ئەمما "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى"نى ۋە ئىسلام پادىشاھلىقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۆلگۈنچى ئىدى. 1945 – يىلى يەكەن خاڭدى مەدرىسەسى پۈتكەندە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئابرۇيلۇقراق دىندارلار بەس – بەستە تەبرىكلىگىلى بارغان بولۇپ، ئابلىكىم مەخسۇم داموللا ئايۇپ قارىغا: "سىزگە بىر جۈملە سۆزنىلا ھەدىيە قىلاي، يەنى (غازات) قىلىش كېرەك" دېگەن، ئايۇپ قارىمۇ بۇ سۆزنى ئىنتايىن ئالقىشلاپ، خەلىپىلىرىگە: "ھېچقايسىڭلار ئابلىكىم مەخسۇمغا يەتمەيدىكەنسىلەر" دېگەندى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايۇپ قارىنىڭ "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"لىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە خاڭدى مەدرىسەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ باش مەنبىئىگە ھەم بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنىڭ ئايەت يىلتىزىغا ئايلانغان.

ئايۇپ قارى يەنە سىياسىي ساھەدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. 1940 – يىلى چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بۆلگۈنچىلەر كاتتىۋېشى مەمتىمىن ھەزرەت گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، 1946 – يىلى يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قانۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئۆزى بۇرۇن پائالىيەت قىلغان خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلدى ۋە قۇتراتتى. ئۇ ئايۇپ قارى بىلەن بىرلىشىپ 1947 – يىلدىن كېيىن كۆپ قېتىم يەكەن خاڭدى مەدرىسەسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئاتالمىش "شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش" ئىشلىرىنى

مەسلىھەتلەشتى، يەنە ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭدا "ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ قەدەم – باسقۇچلىرى"نى مۇزاكىرە قىلدى. 1949 – يىلى 9 – ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئۇ ۋە ئەيسا قاتارلىقلار ھەققەتكە قايتىشنى رەت قىلغان گومىنداڭنىڭ مۇھىم ھەربىي، مۇلكى خادىملىرىغا ئەگىشىپ چەت ئەلگە قېچىپ قەشقەر، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈشىدە كۆپ قېتىم يەرلىك بۆلگۈنچىلەرنى ۋە فېئودال دىندارلارنى يىغىپ، بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىب قىلىپ، يۈز تۇرانە يولىيورۇق بېرىپ، يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ئايۇپ قارى ئابدۇلھېمىت داموللا قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىشنى مەخپىي پىلانلىدى. مەمتىمىن ھەزرەت ئۇلارغا: "سىلەر دېگەن موللىلار، كومپارتىيە سىلەرنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، مەن كۆپ بولسا 3 – 5 يىلدا، بولمىسا 2 – 3 يىلدا قايتىپ كېلىمەن. سىلەر بۇ يەردە سۈپىلارنى كۆپەيتىپ تۇرۇڭلار، مەن قايتىپ كەلگەندە كومپارتىيىنى بىر يوللا يوقىتىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمىز، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر تۆھپىكارلار بولىسىلەر"ك دېدى. يەنە قاغىلىقتىكى مەسچىتتە 2000 دىن ئارتۇق كىشىگە: "بىز چەت ئەلگە چىقماقچى بولۇۋاتىمىز، ئۇ يەردە ھەرگىز بىكار يۈرمەيمىز. سىلەرنىمۇ كومپارتىيىگە تاشلاپ بەرمەيمىز، ئۈچ يىلدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىمىز. سىلەر قورال – ياراغ تەييارلاپ، ئادەم كۆپەيتىپ تۇرۇڭلار، ۋاقتى كەلگەندە كومپارتىيىنىڭ قولىدىن شىنجاڭنى تارتىۋالىمىز" دېدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشنىڭ ئالدى – كەينىدە، ئايۇپ قارى كۆپ قېتىم خاڭدى مەدرىسەسىدە يىغىن ئېچىپ، بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى پىلانلىدى. ئۇ باشتا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خوتەنگە كېلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ، مابۇفاڭدىن شىنجاڭدا "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇشنى ئۆتۈندى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. 1950 – يىلى يېقىنلىرى بىلەن خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ، بىلىنىپ قالغاندىن كېيىن يوشۇرۇنۇۋېلىپ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قاتار ئىسيانلارنى ئۇنىڭ يېقىنى ئابدۇلھېمىت داموللا پىلانلاپ، غوللۇق ئادەملىرى روياپقا چىقاردى. خاڭدى مەدرىسەسى ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 30 نەچچە خەلىپىنى خوتەن، قارىقاش، لوپ، كېرىيىگە، يەنە 227 ئادەمنى باشقا جايلارغا ئەۋەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن خوتەندىكى بەزى ئىسيانلارنى ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ پىلانلىشىدا مۇشۇ ئادەملەر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاڭدى مەدرىسەسى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 11 ناھىيە – شەھەرگە 169 خەلىپە، 62 غوللۇق ئادەمنى، يەنە توقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا 98 خەلىپىنى ئەۋەتتى. بۇ خەلىپىلەر ۋە غوللۇق ئۇنسۇرلار پۈتۈنلەي مۇشۇ مەزگىلدىكى بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرىنى تەشكىللىدى ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلدى.

www.uyghurweb.net

2. ئابدۇلھېمىت داموللا پىلانلىغان بىر قاتار توپىلاڭلار

(1) 1950 – يىلىدىكى ئەمەلگە ئاشمىغان توپىلاڭ. مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، خوتەن قارىقاشتىكى ئابدۇلھېمىت داموللا باشچىلىقىدىكى دۈشمەن كۈچلەر خوتەننىڭ چەت، يىراقلىقى، قاتنىشىنىڭ قۇلايسىزلىقى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئالدىنئالا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، خوتەننىڭ ئازاد قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 – جۇننىڭ 15 – تۈنى ئاقسۇدىن چىقىپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ پىيادە تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 17 كۈن ئىچىدىلا خوتەنگە يېتىپ كېلىپ بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن ئابدۇلھېمىت داموللا داۋاملىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. 1950 – يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندا، مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار ئەمدى 3 – دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدىغان بولدى، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى كەلدى دەپ قاراپ، جىددىي ھالدا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەت ئارقىلىق يوليورۇق بېرىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تېزلىكتە بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بۆلگۈنچىلەر كۆپ قېتىم يىغىلىپ توپىلاڭ لايىھىسىنى مەخپىي تۈزدى. يەكەن خاڭدى مەدرىسەسىدىكى مەخپىي يىغىلىشتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەسئۇل كىشىلەر بەلگىلىنىپ، ئاۋۋال ئابدۇلھېمىت داموللا خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈش، باشقا جايدىكىلەر ماسلىشىش بېكىتىلىپ، ھەرقايسى جايدىكىلەردىن تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىشنى كۈتۈش تەلەپ قىلىندى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقى ئېشىپ، ۋەزىيەت توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە پايدىسىز بولدى. 1950 – يىلى 5 – ئايدا، ئايۇپ قارى يېقىنلىرىدىن 40 نەچچە ئادەمنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسى جايدىكىلەردىن تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ كونكرېت ئۇقتۇرۇش قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئايۇپ قارىنىڭ يەكەن خاڭدى مەدرىسەسىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ، مۇناسىپ ھەرىكەت قوللىنىشقا تەييارلىق قىلدى. ئايۇپ قارى بۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈش پىلانى بەربات بولدى.

(2) 1954 – يىلىدىكى خوتەن توپىلىڭى. 1952 – يىلى 5 – ئايدا ئايۇپ قارى ئۆلۈپ، ئابدۇلھېمىت داموللا ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈردى. بۇ مەزگىلدە

www.uyghurweb.net

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشانلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ خوتەن، لوپ، قارىقاش، گۇما قاتارلىق جايلاردا 28 خەلىپىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تۇرغۇزۇپ، 15 مىڭدىن كۆپرەك مۇخلىس كۆپەيتتى. يەنە گۇما، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە يەتتە توپىلاڭ تەشكىلاتى قۇرۇپ، ئۇلارغا ئايرىم – ئايرىم ھالدا مەسئۇل كىشىلەرنى تەيىنلىدى. ئۇ مۇخلىسلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشانلار يىغىلىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگىشىپ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا "قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىش"قا مەجبۇرلىدى. 1954 – يىلى 5 – ئايدا ئۇ غوللۇق ئۇنسۇرلارنى يىغىپ "ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقى كومىتېتى"نى قۇردى. 6 – ئايدا يەنە ھەرقايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ توپىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. 12 – ئاينىڭ 22 – كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ سورباغ يېزىسىدا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ يوشۇرۇن ھالدا ئۈچ كۈنگە سوزۇلغان "ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقى كومىتېتى"نىڭ 3 – قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇش قارارى ماقۇللىنىپ، "غازات" ئارقىلىق "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇش پروگراممىسى بېكىتىلىپ، ئاۋۋال ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى، رايونلۇق ساقچىخانا، يېزا ئىگىلىك 3 – تۈەنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورال – ياراغ بۇلاپ قوشۇننى كۆپەيتىش، ئاندىن قارىقاش ناھىيە بازىرىغا ھەم خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، توپىلاڭنى بارا – بارا يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېڭەيتىش كونكرېت ھەرىكەت پىلانى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابدۇلھېمىت داموللا ئۆزى "ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقى كومىتېتى"نىڭ رەئىسلىكىنى، قوشۇمچە ھەربىي نازارەتنىڭ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئابدۇللا قارى داموللىنى (بۇ ۋاقىتتا قاماقتا ئىدى) مۇئاۋىن رەئىسلىككە، پەتىھدىننى ھەربىي نازارەتنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، قوشۇمچە باش كاتىپلىققا، 11 كىشىنى تاشقى ئىشلار نازارىتى قاتارلىق 11 نازارەتنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. يەنە ئېلان ۋە تەشۋىق ۋەرەقىسى بېسىپ، 1955 – يىلى 1 – ئاينىڭ 1 – كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى بېكىتتى.

ئابدۇلھېمىت داموللا باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى جەنۇبىي شىنجاڭ تارىخىدىكى 1 – قېتىملىق تەشكىلى، پروگراممىسى، پىلانى بار بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئىدى. يەكەن خاڭدى مەدرىسەسىدىكى مۇسا خەلىپە ئۇنىڭ خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال يىغىن ئېچىپ، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ، خوتەندىكى ھەرىكەتكە ماسلاشماقچى بولدى. 1954 – يىلى 12 – ئاينىڭ 27 – كۈنى ۋە 28 – كۈنى پەتىھدىن باشچىلىقىدىكى توپىلاڭ كاتتىۋاشلىرى دىندىن پايدىلىنىپ 200 دىن كۆپرەك مۇخلىسقا "غازات" قوزغاش توغرىسىدا قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلغۇزدى ھەم قورال – سايمان تارقىتىپ بەردى.

31 – كۈنى، قارىقاش ناھىيىسىدىكى بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئابدۇلھېمىت داموللا مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىشنى قارار قىلدى.

1954 – يىلى 12 – ئاينىڭ 31 – كۈنى كەچتە، ئابدۇلھېمىت داموللا ۋە پەتىھىدىن قارىقاش، خوتەن، لوپ ئۈچ ناھىيىدىكى 300 دىن كۆپرەك قايمۇققان مۇخلىسنى توپلاپ، قوللىرىغا كالتەك، پالتا، پىچاق قاتارلىق ھەرخىل قوراللارنى ئېلىپ قارىقاش ناھىيىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ھەم بىر يېتەكچى، بىر بەنجاڭ، يەتتە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قىسمەن قورال – ياراغ ۋە بىر ماشىنىنى بۇلاپ، تۈرمە دەرۋازىسىنى چېقىپ ئېچىپ، جىنايەتچىلەرنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا ياكى قېچىشقا قۇتراتتى، شۇنداقلا خوتەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نىيە، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھەم قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىدى. 1955 – يىلى 1 ئاينىڭ 1 – كۈنى ئەتىگەندە قوللىرىغا قورال ئالغان، ئۇستىۋېشى قانغا بويالغان بىر قىسىم توپىلاڭچىلار خوتەن ناھىيە بازىرىدا ئاشكارا يۈرگەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن شۇئان قولغا ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا توپىلاڭچىلار "خۇدا بىزنى دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇدى"، "خىتايلارغا (خەنزۇلارغا) قارشى تۇرۇپ كاپىرلارنى يوقىتايلى"، "كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرايلى" دېگەننى ئاساسىي شۇئار قىلدى. توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش ۋە قورallıق قورشاپ يوقىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، كەڭ قايمۇققان مۇسۇلمانلارنى قانۇن – تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ يۇرتلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىشقا قايىل قىلىش بىلەن بىللە ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئىككى كۈندىن كۆپرەك تەربىيە بېرىش ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق توپىلاڭ ئاخىر تىنچىتىلدى. توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا، ئىككى توپىلاڭچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 42 غوللۇق ئۇنسۇر قولغا چۈشۈرۈلدى، باش جىنايەتچى ئابدۇلھېمىت داموللا يوشۇرۇن قېچىپ كەتتى.

(3) 1956 – يىلدىكى قارىقاش توپىلىڭى. گەرچە قارىقاش، خوتەن، لوپ ئۈچ ناھىيىگە چېتىلغان خوتەن توپىلىڭى تىنچىتىلىپ، بىر تۈركۈم باش توپىلاڭچىلار ۋە غوللۇق ئۇنسۇرلار قولغا ئېلىنىپ قامالغان بولسىمۇ، ئەمما توپىلاڭچىلار بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ھەم تۈرمىلەرنى ئېچىپ جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىپ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىدى. يەنە كېلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى باش جىنايەتچى ئابدۇلھېمىت داموللىنى ئىزچىل قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكتىن ئۇ "سىرلىقلىشىپ" كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن توپىلىڭىنى پىلانلاشقا ۋە تەشكىللەشكە قاتناشقان، تېخى ئاشكارىلانمىغان بىر تۈركۈم غوللۇق ئۇنسۇرلار يەنە يوشۇرۇنچە قانات – قۇيرۇقىنى رۇسلاشقا

www.uyghurweb.net

كىرىشتى. توردىن چۈشۈپ قالغان ئابدۇلھېمىت داموللىمۇ مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتۈپ، داۋاملىق دىنىنىڭ ھىمايىسىدە بىر قاتار يېڭى توپىلاڭلارنى پىلانلىدى. ئۇ ئاۋۋال خوتەن، قارىقاشتىكى يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ، ئۆز يېقىنلىرىدىن باقى داموللا، سەمەت (ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ ئىنىسى، خوتەن توپىلىڭىدا توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر)، مەمەت پاختەك قاتارلىقلارنى توپلاپ، قارىقاش ناھىيىسى 5 — رايوننىي مەركەز قىلىپ ناماز پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئايرىم — ئايرىم ئۆزىگە تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1956 — يىلى 3 — ئايغىچە باقى داموللا قاتارلىقلار قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ئالتە رايونىدا ئايرىم — ئايرىم ھالدا 158 ئەزا توپلىدى. 9 — رايوندىكى غوللۇق ئۇنسۇر جاپپار تېخى يەنە خوتەن، لوپتىكى توپىلاڭچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشنى پىلانلىدى. ئۇلار "ئاۋۋال 9 — رايوندىكى يېزا ئىگىلىك 3 — تۇەنگە ھۇجۇم قىلىپ قورال — ياراغ بۇلاش، ئاندىن قارىقاش، خوتەن ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش"تىن ئىبارەت ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ، توپىلاڭ ۋاقتىنى بېكىتىپ، قورال — سايمان تەييارلاش، پۇل — پۇچەك ۋە ئاشلىق غەملەش قاتارلىق تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلدى.

توپىلاڭ پىلانلىغاندا، باقى داموللا "بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ئابدۇلھېمىت داموللا ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدۇ"، "پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام ئىنقىلابى بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە ئىسلام ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۇنيادا قۇرۇلىدۇ" دەپ جارسالدى. ئۇلار ئەسلىي 1956 — يىلى 2 — ئاينىڭ 19 — كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى بېكىتكەن بولسىمۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەقىبنى كۈچەيتكەنلىكتىن، ئامالسىز توپىلاڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتتى. 3 — ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە، 200 دىن ئارتۇق توپىلاڭچى 9 — رايونغا يىغىلىپ، قوللىرىغا پىچاق — پالتىلارنى ئېلىپ يېزا ئىگىلىك 3 — تۇەنگە ھۇجۇم قىلدى ھەم ئامممىنى ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزلىرى كەينىدە ماڭدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە ھەربىي قىسىم ئامالسىز ئوق چىقىرىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. توپىلاڭچىلار شەپىنى ئاڭلاپلا ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ دەرھال تىنچىتىلدى. بۇ جەرياندا 29 غوللۇق ئۇنسۇر قولغا چۈشۈرۈلدى، بىر قىسىم قورالللار غەنىيمەت ئېلىندى.

مۇشۇنداق بولسىمۇ، باقى داموللا يەنىلا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي 3 — ئاينىڭ 11 — كۈنى ئەتىگەندە يەنە يېقىنلىرىنى توپلاپ ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئۆتەۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ 500 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغدى. ئۇلار "كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى"، "كاپىرلارنى ئۆلتۈرەيلى"، "ئىسلام ھۆكۈمىتى ياشىسۇن" دېگەندەك شۇئارلارنى تووۋلاپ 5 — رايونلۇق كومىتېتقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 5 — رايونلۇق كومىتېت، ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئامبار ۋە تەمىنات — سودا كوپىراتىپىنى بۇلىماقچى بولدى. يولدا ئۇلارنىڭ ئۈچ كاتتىۋېشى خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى تەرىپىدىن ئېتىپ

www.uyghurweb.net

ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا، 5 – رايوننىڭ باشلىقى قاتارلىقلار دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى دۈشمەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىككە چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە كىشى قورالىرىنى تاشلاپ توپىلاڭچىلارغا قارشى چىقتى. نەتىجىدە باقى داموللا قاتارلىق 12 غوللۇق ئۇنسۇر قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 2 – قېتىملىق توپىلاڭ تىنچىتىلدى. بۇ جەرياندا ئۈچ مىلتىق، 27 پاي ئوق ۋە بىر قىسىم قوراللار غەنىيمەت ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا دۈشمەنلەر ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ھەربىي قىسىم ۋە ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، توپىلاڭ قارىقاش، خوتەن، لوپ قاتارلىق ئۈچ ناھىيىگە چېتىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنى سۆرەپ كىرىپ، سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر زىيان سالدى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىمدا قولغا چۈشكەن 41 غوللۇق ئۇنسۇردىن باشقا، داۋاملىق تەكشۈرۈش ھەم ئامما پاش قىلىش ئارقىلىق يەنە 18 ئۇنسۇر قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن 34 ىگە قانۇن بويىچە جازا بېرىلدى.

(4) 1956 – يىلدىكى لوپ توپىلىڭى. ئابدۇلھېمىت داموللا قارىقاشتا توپىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە لوپتىمۇ توپىلاڭ پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى. ئۇنىڭ باشچىلىرى لوپلۇق ئابدۇقادىر قارى ۋە چىرىلىق ئەبەيدۇللا قارى (ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ شاگىرتى) ئىدى. ئۇلار 1956 – يىلى 4 – ئاينىڭ 13 – كۈنى تۇنجى قېتىم توپىلاڭ پىلانلاش يىغىنى ئېچىپ، ئابدۇقادىر قارى "باش قوماندان" بولۇش، ئەبەيدۇللا قارى تەشكىللەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى بېكىتتى. يەنە 4 – ئاينىڭ 16 – كۈنى ۋە 18 – كۈنى ئايرىم – ئايرىم يىغىن ئېچىپ، تەشكىلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ 4 ـ، 7 – رايونلىرىدىكى ھەرىكەتكە مەسئۇل بولىدىغانلارنى بېكىتىپ، 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى. 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ۋە 3 – كۈنى ئابدۇقادىر قارى، ئەبەيدۇللا قارىلار 50 نەچچە كىشى قاتناشقان توپىلاڭ يىغىنىنى ئېچىپ، رەسمىي "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئابدۇقادىر قارى "جۇمھۇرىيەت" رەئىسى، قوشۇمچە ۋاقىتلىق "باش قوماندان" بولۇش، ئەبەيدۇللا قارى مۇئاۋىن رەئىس ھەم مۇئاۋىن قوماندان بولۇش ، ئىككى كىشىسىياسىي كومىسسار، سىياسىي رەھبەر بولۇش، تۆت كىشى يىگىتباشى بولۇشنى بېكىتىپ، 21 ماددىلىق تەشكىلىي پروگراممىنى ئېلان قىلىپ، 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى ئەتىگەندە لوپ ناھىيىسىنىڭ 4 – رايوندىكى چوڭ كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ، توك سىملىرىنى ئۈزۈپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلىدى.

5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى ئەتىگەندە، ئابدۇقادىر قارى، ئەبەيدۇللا قارى 260 تىن كۆپرەك ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇر ۋە توپىلاڭچىنى يىغىپ، 1300 دىن كۆپرەك ئادەمنى قۇترىتىپ ھەم قورقۇتۇپ توپلاپ، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن"، "ئابدۇلھېمىت داموللا ياشىسۇن" دەپ

www.uyghurweb.net

شۇئار توۋلاپ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ لوپ ناھىيىسى 4 – رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئاشلىق پونكىتى ۋە ماددىي ئەشيالار ئامبىرىنى بۇلىدى، شۇنداقلا ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىنى ئەھۋال ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كادىرلار، قوراللىق ساقچىلار ۋە بىر پەي ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ لوپقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار لوپ ناھىيىسىگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا توپىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قاتتىق ئېتىشىپ، ئۇلاردىن 19 ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 12 ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ، باش جىنايەتچى ئابدۇقادىر قارىنى قولغا چۈشۈرۈپ، 20 ياش ئۇنسۇرنى قولغا ئېلىپ، توپىلاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتتى.

مۇشۇ ۋاقىتتا، لوپ ناھىيىسىنىڭ 3 – رايونى 1 – يېزىسىدىكى ئابدۇغېنىمۇ 4 – رايوندا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلارنى يىغىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى قوزغىتىپ ھەم ئالداپ توپلاپ، 3 – رايوندا خىزمەت قىلىۋاتقان مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچ خەنزۇ كادىرنى تۇتقۇن قىلىپ،ئۇلارنى 4 – رايوندىكى ئابدۇقادىر قارىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ھەربىيلىكتىن قايتقان ھەسەن غوجىئەخمەت قاتارلىقلار ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇلارنى توسۇۋېلىپ، ئابدۇغېنىنىڭ توپىلاڭچىلىق قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاما ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئارقا – ئارقىدىن تارقىلىپ كېتىپ، ئىش تېزلا بېسىقتى. 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنىگىچە، مەجبۇرىي توپىلاڭغا قاتناشقان 100 دىن ئارتۇق ئادەم ھۆكۈمەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، بىر ئاپتومات، بىر تاپانچا، بىر يەرلىك مىلتىق ۋە ئون نەچچە قاتىللىق قورالىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

(5) 1957 – يىلىدىكى خوتەن توپىلىڭى. ئابدۇلھېمىت داموللا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەزگىلدە يەنە خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پائال پىلانلىدى. ئۇنىڭ خوتەندە دەسلەپتە يېتىشتۈرگەن شاگىرتى خەلچىخان بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ باشچىسى بولدى.

توپىلاڭ تەشكىللەشتە، ئابدۇلھېمىت داموللا خەلچىخاننى ئىزدەپ بېرىپ، بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇشنى بېكىتتى. خەلچىخان بۇيرۇققا شەرتسىز ئىتائەت قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى تەرغىب قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، "بىز ئابدۇلھېمىت دامولللىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى، چوقۇم ئىسلام يولىنى ئېچىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىشىمىز كېرەك" دەپ جار سالدى. 1957 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۇ ئون غوللۇق ئۇنسۇرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۆزى ھەم ھەسەن "ئىسلام ھۆكۈمىتى"نىڭ رەئىسى بولۇش، مەمەتتۇرسۇن، تۇرسۇن نىياز مۇئاۋىن رەئىس بولۇش، مەمەت

www.uyghurweb.net

نىياز باش قوماندان بولۇش، ئابدۇۋەلى سىياسىي كومىسسار بولۇش، ئابدۇللا ۋە سايىت تۆەنجاڭ ھەم مۇئاۋىن تۆەنجاڭ بولۇش، ئابدۇمجىت ستاب باشلىقى بولۇشنى بېكىتىپ، ئاۋۋال 6 – رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ بانكا، ئاشلىق ئامبىرى، تەمىنات – سودا كوپېراتىپىنى بۇلاپ، خوتەن يېپەك زاۋۇتىغا تۇيۇقسىز تېگىش، ئاندىن خوتەن ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەت لايىھىسىنى بەلگىلەپ، 4 – ئاينىڭ 17 – كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۇ قېتىمقى توپىلاڭ سۇيىقەستىنى ئالدىنئالا بىلىپ قالغانلىقتىن، دىنىي زاتلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت ئەترىتىنى ھەققىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى قايىل قىلىشقا ئەۋەتتى. خەلقچىخان بولسا "ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلايلى" دەپ شۇئار توۋلاپ، 70 تىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى باشلاپ خىزمەت ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىر ھاجى ۋە تۆت ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، دىنىي زات مەمەت مۇيىتىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، خوتەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ توپىلاڭنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى 11 ساقچىنى ئېلىپ نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىمۇ قىسىمنى ياردەمگە ئەۋەتىپ، ئاممىغا ۋە توپىلاڭچىلارغا سىياسەت تەشۋىق قىلىپ، سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى. ئاقىۋەتتە ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ئامالسىز ئوق چىقىرىپ باش جىنايەتچى ھەسەن ۋە تۆردى باقىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئالتە توپىلاڭچىنى يارىلاندۇرۇپ، 37 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى.

(6) 1956 – يىلدىكى يېڭىسار توپىلىڭى. ئابدۇلھېمىت داموللا 1954 – يىلى 11 – ئايدىلا ئۆز يېقىنلىرىنى مەخسۇس يەكەن خاڭدى مەدرىسەسىگە ئەۋەتىپ، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى توپىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، يەكەن قاتارلىق جايلاردىمۇ توپىلاڭ تەشكىللەپ خوتەندىكى توپىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن يەكەن خاڭدى مەدرىسەسى ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يېڭىسارغا ئەۋەتىلگەن خەلپە جېلىل قارىغا توپىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ، "قىرائەت قىلىش نامى بىلەن تەييارلىقنى پىشۇرۇش، تاغلىق رايونلاردىكى خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈش، ئاشلىق، قورال – ياراغ ھەل قىلىش"نى ئۇقتۇرغانىدى. جېلىل قارىمۇ دىندىن پايدىلىنىپ "ئىسلام دىنىنى دەخلى – تەرۇزغا ئۇچراشتىن ساقلاش" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ يېڭىسار ناھىيىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايوندا پائال كۆچ تەشكىللەپ،

ئاشلىق ۋە قورال ـ ياراغ غەملەپ، خوتەندىكىلەر بىلەن تەك ھەرىكەتلىنىشنى كۆتۈپ تۇرغاندى. 1954 – يىلى 12 – ئايدا خوتەن توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا يەكەن خاگدى مەدرىسەسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن يېڭىساردا بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈشكە پائال تەييارلىق قىلدى. جۈملىدىن ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ 30 نەچچە غوللۇق ئۇنسۇرنى توپلاپ، ئالتە قېتىم يىغىن ئېچىپ مۇسا خەلپىنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدى. كېيىن يەنە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توققۇز يېزىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونىدا بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى قىلدى. 1956 – يىلى 4 – ئاينىڭ 19 – كۈندىكى بۆلگۈنچىلىككە تەييارلىق قىلىش يىغىنىدا، ئۇ 5 – ئاينىڭ 24 – كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يېڭىسارنىڭ بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىپ، ئاۋۋال يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن يەكەن ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ، يېڭىسار بىلەن كونىشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى تاشيولغا قويۇۋېتىپ ھۆكۈمەتنىڭ قىسىم ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش، ئاندىن بازاردا شۇئار توۋلاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىش تېرىپ بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىپ قورال – ياراغ بۇلاپ، ئاخىردا ناھىيىلىك پارتكومغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇچىنچى قەدەمدە تاشقورغان چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى ئېلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ پاكىستان، ئافغانىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت توپىلاڭ پىلاننى بېكىتتى. 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئۇ يەنە 27 غوللۇق ئۇنسۇرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۆزى، تالىپ خەلپە، ماموت، ئەمەت قارى، ئابلىز مەخسۇمدىن تەشكىللەنگەن "ئىشانلار ئىنقىلابى باش قوماندانلىق كومىتېتى"نى قۇرۇپ، ھەربىي قوماندان ۋە مۇئاۋىن قوماندان، مالىيە مەسئۇلى ھەم "پىدائىيلار رەھبىرى"نى بېكىتتى. تالىپ خەلپە يىغىندا "مىللىي ئىنقىلابىمىز غەلىبە قىلغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرىمىز" دەپ جار سېلىپ، "شەرقىي تۈركىستان دۆلەت شېئىرى"نى ئوقۇدى، يەنە "مىللىي مۇستەقىللىق، دىنىي ئەركىنلىك ئۈچۈن دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قەتئىي يوقىتايلى" دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 5 – ئاينىڭ 24 – كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ كۆزەتكەندە، ئۇلار ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھودۇقۇپ، جېلىل قارى باشچىلىقىدىكى سەككىز توپىلاڭچى قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە ئاممىدە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ توپىلاڭنى تېزلا تىنچىتتى.

بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشانلار بولۇپ، 20 غوللۇق ئۇنسۇر ئىچىدە بىر چوڭ ئىشان، ئۈچ موللا ۋە خەلپە، ئىككى ئىمام ۋە خاتىپ، سەككىز قارى بار ئىدى. ئىش بېسىققاندىن كېيىن جېلىل قارى ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، باش جىنايەتچى تالىپ خەلپە ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقتىن جىنايى جازادىن خالاس قىلىندى.

### 3. ۋاستە – ئېزىقتۇرۇش، قۇترىتىش ۋە مەجبۇرلاش

20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرى شىنجاڭدا كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئۇنداقتا بۇ توپىلاڭلار نېمە سەۋەبتىن كۆتۈرۈلدى ؟ يەنە كېلىپ توپىلاڭنى تەشكىللىگۈچىلەر قانداق ۋاستىنى قوللىنىپ شۇنچە كۆپ ئادەمنى تەشكىللىيەلىدى ؟ ئەلۋەتتە يەكەن خاڭدى مەدرىسەسى ھەم ئۇنى يادرو قىلىپ تەربىيىلىنىپ چىققان غوللۇق ئۇنسۇرلار بۇنىڭ مەنبەسى ھەم يىلتىزى. ئەمما بىز سەللا ئىزدەنسەك شۇنى بايقايمىزكى، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" كونا چۈشىنى قايتا چۈشەش توپىلاڭنىڭ چوڭقۇر سەۋەبى، ئېزىقتۇرۇش، قۇترىتىش ۋە مەجبۇرلاش توپىلاڭچىلارنىڭ ئاممىنى ئالداشتىكى ۋاستىسى بولغان.

توپىلاڭلارنىڭ چوڭقۇر سەۋەبىدىن قارىغاندا، توپىلاڭچىلار ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" كونا چۈشىنى قايتا چۈشەشنى ئويلىغان. ماھىيەتتە، بۇ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى ۋە توپىلاڭلىرىنى مەمتىمىن ھەزرەت باش بولۇپ پىلانلىغان. ئالدىدا ئېيتقاندەك، مەمتىمىن ھەزرەت شىنجاڭغا قايتىپ ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ۋەزىپىسىدىكى قۇلايلىقتىن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىزچىل جەنۇبىي شىنجاڭدا مەقسەتلىك ھالدا ئۆز يېقىنلىرىنى يېتىشتۈرگەن. چەت ئەلگە قاچقان ۋاقىتتا يەنە ئۆز يېقىنلىرىدىن ئىشەنچنى چىڭىتىپ، كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ، مەخپىي ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان ھەم مۇناسىۋەتلىك لايىھە بېكىتكەن. چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى يېقىنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرغان. تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە قارىغاندا، 1949 – يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1956 – يىلىغىچە 131 ھاجى چەت ئەلدىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 11 ى جاسۇسلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ يېقىنلىرىدىن ئالغاندا، ئايۇپ قارى مۇرەككەپ ئىچكى – تاشقى پائالىيەتلەرنى قىلىپلا قالماي، يەنە مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان ھەم "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش قارا نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئابدۇلھېمىت داموللا بولسا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، دىنىي جەھەتتە ئايۇپ قارىنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، سىياسىي جەھەتتە 1933 – يىللا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم توپىلاڭ تەشكىللەپ، توپىلاڭنىڭ مەقسىتى – كومپارتىيە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ "ئىسلام دۆلىتى" ياكى "ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇپ شىنجاڭنى بۆلۈش، دەپ تەلۋىلەرچە جاكارلىغان. يەنە "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى كومىتېتى"نىڭ

رەئىسلىكىنى ئۆزى ۋاقتىنچە ئۆتەپ تۇردىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە "ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان"دىن كېيىن مەمتىمىن ھەزرەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتقان. تېخى يەنە ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پروگراممىسى ۋە بايرىقىنى بېكىتكەن. 1957 – يىلى خەلچىخان خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرگەندىمۇ "مەمتىمىن ھەزرەت 7000 كىشىنى باشلاپ تەۋەككۈلنى (خوتەن ناھىيىسىنىڭ 8 – رايونى) ئىگىلىدى. ئامىنەممۇ (مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ خوتۇنى) 8000 كىشىنى باشلاپ سانجۇنى (گۇما ناھىيىسىنىڭ جىگرىغا يېقىن 4 – رايونى) ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ئايروپىلان، ماشىنىلىرى بار" دەپ پىتنە – ئىغۋا تارقاتقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەمتىمىن ھەزرەت خۇددى "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى"نىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالغان. ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" كونا چۈشى بۇ توپىلاڭلارنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان.

توپىلاڭلارنىڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋاستىسىدىن قارىغاندا، توپىلاڭچىلار ئاساسلىقى ئېزىقتۇرۇش، قۇترىتىش ۋە مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقتىن، نۇرغۇن جايلاردا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ ھەم چوڭقۇر سەپەرۋەرلىك ۋە تەربىيە ئاساسىي جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلمىغان، بۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئاممىنىڭ كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان تونۇشى كەم بولغان، نەتىجىدە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بەزىلىرى دىننى نىقاب قىلىپ كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ھەدەپ قارىلىغان ؛ بەزىلەر كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغاندا ئىسلام دىنىنى قوغدىغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان ياكى كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش دەل "مىللىي ئىنقىلاب" ۋە "ئىسلام ئىنقىلابى" قىلىش ئۈچۈندۇر، دەپ جار سالغان. يەنە بەزىلەر دىنىي خۇراپاتلىقنى نىقاب قىلىپ ئاممىنى ئازدۇرغان. مەسىلەن، 1957 ـ يىلىدىكى خوتەن توپىلىڭىدا خەلچىخان "پەرى"لىك تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئاممىغا: "مەن چۈشۈمدە خۇدانى كۆردۈم، خۇدا ماڭا 700 پەرىنى ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى، ناۋادا ھۆكۈمەت 1000 ئادەم ئەۋەتسە، بىر پەرىلا ئۇلارنى تۇسالايدۇ. پەرىلەر ئالدىدا مېڭىپ ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرسە، بىز كەينىدە تۇرۇپ كادىرلارنى ئۆلتۈرىمىز" دېگەن، يەنە "بىز خۇدا دەپ توۋلىساقلا ھۆكۈمەت ئەۋەتكەنلەرنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ ئوقى چىقمايدۇ، كاپىرلار بىزگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىمىز غەلىبە قىلىدۇ" دەپ ۋالاقشىغان ؟ تېخى يەنە پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئاممىنى ئېزىقتۇرماقچى بولغان. جۈملىدىن كادىرلارنىڭ ئاممىنى قايىل قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئاممىنىڭ ئالدىدىلا ئىشتىنىنى سېلىپ، ئىنتايىن بىزەپ گەپلەرنى قىلىپ، توپىلاڭچىلار ۋە ئاممىنى قۇتراتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، بۆلگۈنچىلەر سىياسەت ئىجرا قىلىشتىكى بەزى خاتالىقلار ھەم ئاممىنىڭ سىياسەتنى چۈشەنمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتىدا بولۇشىدىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان. مەسىلەن، 1956 – يىلىدىكى لوپ توپىلىڭىدا، توپىلاڭچىلار "كوپېراتسىيىلىشىشكە قارشى تۇرۇش"، "سودا – سانائەتنى سوتسىيالىستىك

www.uyghurweb.net

ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش" دېگەندەك شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاممىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي توپىلاڭغا قاتناشتۇرغان.

توپىلاڭچىلار ئاممىنى ئازدۇرۇشتا يەنە ناھايىتى مۇھىم ۋاستىلەرنى قوللانغان، يەنى ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان" تارىخىنى، دىنىنى تەشۋىق قىلىش، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىش ئارقىلىق ئاممىغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتقان. مەسىلەن، يېڭىساردىكى جېلىل قارىنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى "ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي ئاساسى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ساداسى" (يەنە بىر ئىسمى "يەتتە ھايات") دېگەن بىر قولىيازما كىتابچىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ كىتابچىدا "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"لىق مەيداندا تۇرۇپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى يەتتە تەرەپتىن "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى كۆرسىتىش تەشۋىق قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى 1940 – يىللىدىكى مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"دىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەن. ئۇ ناھايىتى بىر قولىيازما بولسىمۇ كۈچلۈك قۇتراتقۇلۇقتا، ئازدۇرۇشچانلىقتا ۋە سىرلىقلىقتا ئىگە بولغان. بۇ كىتابچە قەشقەر, خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خانىقا، مەدرىسەلەردە تالىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا يوشۇرۇن تارقالغان. ئەينى ۋاقىتتا، قولغا چۈشكەن توپىلاڭچىلار "يەتتە ھايات"نى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى زور كۈچكە تولغاندەك بولدۇق ھەم بۆلگۈنچىلىك قوزغاش ئارقىلىق "ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇپ دىنىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىدۇق، دەپ ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا خېلى بىر قىسىم نەشر بۇيۇملىرى ۋە قولىيازمىلار، مەسىلەن، "ئۆتكەن كۈنلەر"، "شەرقىي تۈركىستان تارىخى"، "ئۇيغۇر تارىخى"، "ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز" دېگەندەك ئەسەرلەر، "ئاتا ۋە بالا"، " ئاچلىق ۋە تەبىئىي نېمەت"، "تۇرمىدىكى خاتىرىلەر"، "دىنىي قەسەم" دېگەندەك قولىيازمىلار ۋە نۇرغۇن شېئىرلار جەمئىيەتتە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن تارقالغان. بۇلار تارىخنى بۇرمىلاپ، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىپ كۈچلۈك قۇتراتقۇلۇقتا ئىگە بولغان.

بۆلگۈنچىلەر يەنە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خۇراپاتلىق ياكى ئەكسىيەتچىل كىتاب ۋە نۇتۇق ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ ئاممىنى ئازدۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. ئۇلار قايمۇقتۇرۇش ۋە مەجبۇرلاش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ئاممىنى "قوزغىغان" بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىشەنچىسى ناھايىتى ئاجىز بولغان. مەسىلەن، ئابدۇلھېمىت داموللا ھۆكۈمەتكە قارشى 15 مىڭدىن ئارتۇق كۈچ تەشكىللىدىم دېگەن بولسىمۇ، ئەمما بەش قېتىملىق توپىلاڭنىڭ ھەممىسى نەچچە سائەت ئىچىدىلا تېزلىكتە بېسىقتۇرۇلغان. يەنە 1954 – يىلى 12 – ئايدا ئابدۇلھېمىت داموللا خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرگەندە دەسلەپتە قاراقاش، خوتەن، لوپ قاتارلىق جايلاردىكى ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قايمۇقۇپ ۋە ئېزىپ، نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىگە يىغىلغان بولسىمۇ، تەربىيە بېرىپ قايىل

قىلىش ۋە سىياسەت چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بەس – بەستە تارقىلىپ كەتكەن. ئاخىردا تەخمىنەن 300 ئادەملا تويىلاڭغا قاتناشقان. يەنە كېلىپ بۇ 300 ئادەمنىڭ كۆپىنچىسىمۇ قايمۇقتۇرۇلغان ۋە ئازدۇرۇلغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان.

2 – پاراگراف "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نى تارمار قىلىش

20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ نىسبەتەن تىنچىدى. ئەمما، شىمالىي شىنجاڭدا ئەسلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن قالغان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە بۆلگۈنچىلەر ۋاقتىدا تازىلانمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزئۆن مەزگىل خەلق ھۆكۈمىتى، ئارمىيە ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى ھەم بۇ مەزگىلدە جۇڭگو – سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇترىتىشى ۋە ئېزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى قىلىدىغان ئاۋانگارتلارغا ئايلاندى.

1. جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىشقا ئۇرۇنۇشى

20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھەم دۆلەتنىڭ زور مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بەردى. 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىغا كەلگەندە بۇ ئىختىلاپ تەدرىجىي توقۇنۇشقا ئۆزگىرىپ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىششقا يۈزلەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن چېگرىدىن پايدىلىنىپ ئىش تېرىشقا باشلىدى. شىنجاڭ دەل تىپىك مىسال سۈپىتىدە جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئارقا ھويلىسىدىن بىر كېچىدىلا جۇڭگو – سوۋېت كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو – سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىشىنىڭ دەسلىپىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قول تىقىشقا باشلىغانىدى. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا "مىللىي كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش"تەك ئاساسىي فاڭجېنىغا ئاساسەن نۇرغۇن مىللىي كادىرلار يېتىشتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم رەھبىرىي كۈچىگە ئايلانغان، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىلىرى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى يوقاتمىغان ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىچ

www.uyghurweb.net

مۇناسىۋەتنى ساقلىغانىدى. 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو – سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلىششقا باشلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇ كىشىلەردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى بۆلۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يەنىمۇ يامانلاشقاندا، بولۇپمۇ 1961 – يىلدىن كېيىن جۇڭگو ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە دۇچار بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1962 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈندىكى جېگرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسىنى بىۋاستە پىلانلىدى ھەم تەشكىللىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى، "سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى" ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋە تارباغاتاي رايونلىرىدا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قىلدى. سوۋېت كونسۇلى نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئاممىنى قوبۇل قىلىپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئىچىدە سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى ئاشكارا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەھدىت سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق جۇڭگو پۇقرالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى. خەت، تېلېگرامما ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىگە "چاقىرىقنامە"، "تەكلىپنامە" ۋە "گۇۋاھنامە" يوللاپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا قۇتراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يەنە 1962 – يىلى 4 – ئاينىڭ 8 – كۈنىدىن باشلاپ چۆچەك، چاغانتوقاي، قورغاس، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەرگە تۇتىشىدىغان چېگرا ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىپ، چېگرىدىن ئۆتىدىغان جۇڭگولۇقلارنى قوبۇل قىلدى ۋە توشىدى. 4 – ئاينىڭ 8 – كۈنىدىن 30 – كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا بۇ ناھىيىلەردىن 56 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ، 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال – چارۋىنى ھەيدەپ كېتىپ، 400 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى ئاق تاشلاپ قويۇپ، بۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن 5 – ئاينىڭ 14 – كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى "شىنجاڭدىن چەت ئەلگە قاچقان ۋە چەت ئەلگە قېچىپ قايتىپ كەلگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق"نى چىقاردى. شىنجاڭ دائىرىلىرى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چېگرا رايونلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چېگرادىكى ئاممىغا تەربىيە ئىشلەشنى قانات يايدۇردى.

شۇنداقتىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۈشكۈرتكەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى. 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن "سىياسىي پاراكەندىچىلىك" بۇنىڭ تىپىك مىسالى. 5 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى يەرلىك ئاھالىلەرنى چەتكە قېچىشقا داۋاملىق قۇترىتىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئىنتايىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى تەرتىپنى تۈزەشنى قارار قىلىپ ئاممىغا تەربىيە ئىشلىدى. ھالبۇكى، بەزى

www.uyghurweb.net

توپىلاڭچىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، چاتاق چىقىرىپ، ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى توپلىدى. بەزىلىرى پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىپ، باشقۇرغۇچى كادىرلارنى ئۇرۇپ، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى بۇزۇپ، ماشىنىلارنى پاچاقلىدى. تېخى يەنە خەلق ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى دۇمبالاپ، قورال – ياراغلارنى بۇلىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە توپىلاڭچىلار ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقىنى ئارىغا ئېلىپ، "خەنزۇلارنى يوقىتايلى"، "كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى" دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى بىناسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىڭ پارچىغا يېقىن مۇھىم ھۆججەتنى بۇلاپ كەتتى. بەزىلىرى يەنە قولىغا قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بىناسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاقىۋەتتە ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ساقچى تەرەپ قاتتىق زەربە بەردى. نەتىجىدە توپىلاڭچىلار تەرەپ – تەرەپكە پىتىراپ توپىلاڭ تىنچىدى.

ئىشتىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ئىلى ئوبلاستى چېگرىنى تاقاپ، "سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى"نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى تاقاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىنى يېغىۋاشتىن تىزىمغا ئالدى.

ھۆكۈمەتنىڭ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىشىغا ئەگىشىپ بۆلگۈنچىلەر ئاخىر يوشۇرۇن پائالىيەتكە ئۆتتى ھەم ئىلگىرىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ "ناھايىتى ئاز غەلىبە قىلىشىدىكى بىر تۈپ سەۋەب دەل بىر (ئىنقىلاب)نى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي پارتىيىنىڭ قۇرۇلمىغانلىقىدا، بىر روشەن سىياسىي پروگراممىنىڭ بارلىقا كەلمىگەنلىكىدە" دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچ توپلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە ۋە كۆلەمدىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى پىلانلاش ئۈچۈن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، تەشكىلى مۇستەھكەم بىر بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى قۇرۇشنى مەخپىي پىلانلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر قەشقەردە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى دۆلەت قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى" دېگەندەك شىنجاڭنى بۆلۈشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى.

## 2. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى

"شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" 1968 – يىلى 2 – ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان. ئەمما، ئۇنىڭ تەكتى 1967 – يىللا شەكىللەنگەن. 1967 – يىلى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە ئايرىم – ئايرىم ھالدا تارماق ئاپپارات قۇرۇپ، ئۇنى "ئۇيغۇرىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" دەپ ئاتىغان، كېيىن شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ، كۆز بوياش، ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش قويماقچى بولغان ھەم تارىختىكى ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت (يەنى 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" ۋە 1944 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" )كە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئۇنى 1960 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى قۇرماقچى بولغان. كۆپ قېتىم مەخپىي پىلانلىغاندىن كېيىن، 1968 – يىلى 2 – ئايدا رەسمىي ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇپ، نامىنى "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"دەپ ئاتىغان. توختى قۇربان "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى"نىڭ رەئىسى بولغان. بىرنەچچە ئەزا ۋە كاندىدات ئەزالاردىن "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي ھەيئەت رىياستىي" تەشكىللەنگەن.

شىنجاڭنى بۆلۈش ۋە "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش بۇ پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىشانى بولغان. توختى قۇربان: "(شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى)نىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى پروگراممىسى ۋە ۋەزىپىسى دەل سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى) قۇرۇش" دەپ جار سالغان. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ "مەركىزىي كومىتېتى" ياكى "شۆبە بيۇرو"سى، "تارماق ئورگان"لىرى ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى"، "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ باش پروگراممىسى" دېگەندەك تەشكىلىي پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىققان، ئۇلاردا "شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت، پەقەت يېقىنقى دەۋردىلا خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان"، "خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ (شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتى)نى قۇرۇش (شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى)نىڭ ئاخىرقى نىشانى" دەپ جاكارلانغان. بۇ پارتىيە يەنە ئۆزىنىڭ "پارتىيە گېربى"، "پارتىيە بايرىقى" ۋە "ئۇيغۇرىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى"نى بېكىتكەن.

"شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" قۇرۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ تەشكىلىي سىستېمىسىنى تېز تەرەققىي

www.uyghurweb.net

قىلدۇرغان. 1969 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ پارتىيە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان "تەڭرىتاغ قىساسچىلىرى"، "تەڭرىتاغ ئۈلارى"، "ياشلار تەشكىلاتى" قاتارلىق ئۈچ بۆلگۈچى تەشكىلاتتىن باشقا، يەنە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ "ئۇرۇمچى تارماق ئورگىنى"، "ئالتاي شۆبە بيۇروسى"، "ئىلى كومىتېتى"، "بۆرتالا شۆبە بيۇروسى"، "قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى" قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە ۋىلايەتلىك كومىتېت، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) كومىتېت، رايونلۇق كومىتېت، ياچېيكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 22 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنغا كېڭەيگەن. ئۇلار كۈچىنى تېز كېڭەيتىش ئۈچۈن ئالداش ۋە مەجبۇرلاش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان. جۈملىدىن "(شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى) 23 يىللىق تارىخقا ئىگە" دەپ جار سېلىپ، ئاممىنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرمەكچى بولغان. ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە تەشكىلىي مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان، ھەتتا "تەشكىلاتىمىزغا قاتناشمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، ئۆيى ئاختۇرۇلىدۇ" دەپ زورلۇق بىلەن تەھدىت سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتكە نارازىلىقى بار ھەم تۈرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارنى سىياسىي جەھەتتىن ئازدۇرۇپ ياكى پۇل بىلەن قىزىقتۇرۇپ تەشكىلاتقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىغان. 1969 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ پارتىيىگە كىرگەنلەر 1552 كىشىگە يەتكەن. بۇ پارتىيە يەنە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش، ھەرقايسى جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلارنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئىدىيىۋى بىرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلاردىن ئۆز پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باش نىشانىنى چۆرىدەپ، تېخىمۇ كونكرېت بولغان ھەم ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

"شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" تەشكىلات تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بار كۈچى بىلەن بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. بۇ پارتىيە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 50 نەچچە خىل تەشۋىق ۋەرەقىسىنى, "مەشئەل گېزىتى"، "ئويغىنىش گېزىتى"، "مۇستەقىللىق گېزىتى" دېگەندەك گېزىت – ژۇرناللارنى بېسىپ، يوشۇرۇنچە ھەر تەرەپكە تارقاتقان. بۇلار ئاساسەن مىللىي ئۆچمەنلىكنى تەرغىب قىلىش، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاش، "پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم" ئىدىيىسىنى تارقىتىشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئىدىيىۋى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، كۈچ زورايتىش ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇلايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلغان.

توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە پائال تەييارلىق قىلغان. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"، "مەركىزىي كومىتېتى" قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى

www.uyghurweb.net

ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى شۆبە بيۇرولىرىغا "قورالىق كۈرەش بازىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش"، "ئوق – دورا، قورال – ياراغ، ئاشلىق، كىيىم – كېچەك قاتارلىق جەڭ لازىمەتلىكلىرىنى پائال تەييارلاش" ھەققىدە يولىيورۇق بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ راسخوتىنى تەييارلاش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلار ئۇزلۇكسىز بانكا، ئامبار، ماگىزىن، ئاشلىق دۇكانلىرىنى بۇلىغان. جۇملىدىن ئۇرۇمچى، ئىلى، قاراماي قاتارلىق جايلاردىلا 22 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى بۇلىغان. چېگرىغا يېقىن جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلار بولسا قورالىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پائال پىلانلاپ، چەت ئەلنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش كونا چۈشىنى قايتا چۈشەشكە ئۇرۇنغان. جۇملىدىن "ئالتاي شۆبە بيۇروسى" كۆپ تەرەپتىن قورال – ياراغ توپلاپ، كىيىم – كېچەك، ئوزۇق – تۈلۈك تەييارلاپ، ھەرىكەت خەرىتىسى سىزىپ، قورالىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. "بورتالا شۆبە بيۇروسى" ھەربىي قىسىم ۋە ساقچىخانىنىڭ قورال – ياراغلىرىنى بۇلاپ، قاراتۇرۇق تاغ ئېغىزىدا قورالىق بازا قۇرۇپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش پىلانىنى تۈزگەن . "ئىلى كومىتېتى" غۇلجا ناھىيىسى نوغايتۇ كۆمۈر كېنىدىكى قورال – ياراغ، ئوق – دورىلارنى بۇلاپ، ھەر ۋاقىت توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان. "تارباغاتاي شۆبە بيۇروسى" شىنخۇ ياچېيكىسى ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئون توننىدىن ئارتۇق بۇغدىيىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇن قىلىپ ساقلاپ، توپىلاڭنىڭ ئوزۇق – تۈلۈكى قىلماقچى بولغان. شۇنداقتىمۇ بۇ قورالىق توپىلاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن ۋاقتىدا بىتچىت قىلىنىپ، سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان.

كۈچىنىڭ بارىچە چەت ئەل بىلەن بىرلىشىپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىششكە ئۇرۇنغان. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"، "ئىلى كومىتېتى"، "ئۈرۈمچى تارماق ئورگىنى"، "ئالتاي شۆبە بيۇروسى" ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 12 قېتىمدا 26 ئادەمنى (جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئە تارماقلىرى 12 سىنى قولغا چۈشۈرگەن) يوشۇرۇنچە سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى مۇڭغۇلىيىگە ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قورال – ياراغ، ئالاقىلىشىش ئۇسكۇنىلىرىگە ئېرىشمەكچى بولغان، ھەتتا سوۋېتنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاسۇسلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ توققۇز تۈركۈمدە 14 ئادەمنى (جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئە تارماقلىرى توققۇزنى قولغا چۈشۈرگەن) تېلېگراف ئاپپاراتى، قورال – ياراغ، پائالىيەت راسخوتى بىلەن يوشۇرۇنچە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ مۇھىم غوللۇق خادىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ پىلانلىشىغا ھەمدەم بولماقچى بولغان.

www.uyghurweb.net

3. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نى بىتچىت قىلىش

"شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرى تېزلىكتە پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەددەپ چەت ئەل بىلەن ئالاقە باغلاپ بۆلگۈنچىلىك قۇتراتقۇلۇقى قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۇنى ناھايىتى تېزلا بايقاپ، دەرھال بىتچىت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

1968 – يىلى 6 – ئايدا "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ رەئىسى توختى قۇربان بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى قىلغانلىقتىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن قامالدى. بۇنىڭ بىلەن نىياز ئۆمەر ۋە ئىسمايىل ئىبراھىم (ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن) ۋاقتىنچە "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"، "مەركىزىي كومىتېتى"نىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1969 – يىلى 1 – ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئامانلىق قوغداش تارماقلىرى "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نى رەسمىي دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى. 2 – ئايدا ئىسمايىل ئىبراھىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. 3 – ئايدا نىياز ئۆمەر قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ بىلەن "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"، "مەركىزىي كومىتېتى" پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇتەللىپ (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئىدرىس (شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى) قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭى رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىللىدى. بۇۋاقىتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ شىمالىي شىنجاڭنىڭ چېگرىغا يېقىن جايلىرىدىكى "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ ھەرقايسى تارماق ئاپپاراتلىرىنى بىتچىت قىلىپ ئۇلارنىڭ تويلاڭ سۈيىقەستىنى مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا مۇتەللىپ ۋە ئىدرىس ئامالسىز 8 – ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىش تېرىشنى ئۇمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن "جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى"غا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ "ھازىر جەڭ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى" دەپ، دەرھال جەنۇبىي شىنجاڭدا قوراللىق تويلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلاردىن "قورالىق كۈرەشنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلىنىپ قوراللىق كۈرەش يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش"، "بىر مۇستەھكەم بازا قۇرۇش"نى تەلەپ قىلىپ، "قوماندان"، "سىياسىي كومىسسار"لارنى بەلگىلىدى.

يوليورۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى "جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى"نىڭ شۇجىسى ئاخۇنوف (قەشقەر تراكتور پونكىتىنىڭ باشلىقى) دەرھال قەشقەر، مەكىت قاتارلىق جايلاردىكى غوللۇق ئۇنسۇرلار، ھەيئەتلەرنى يىغىپ جىددىي يىغىن ئاچتى ھەم يىغىندا: "ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردا يېقىندا نۇرغۇن يولداشلىرىمىزنى تۇتۇپتۇ، قەشقەردە تېخى بىزگە قول سالمىدى. بىز دەرھال چېگرىدىكى جايلارغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، يەر ئىگىلەپ، (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ، چەت ئەلدىكى قوراللىق كۈچلەرنى جەلپ قىلىپ دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك" دەپ جاكارلىدى. شۇنداقلا "توپىلاڭ (چەتكە قېچىش) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى" قۇرۇپ، 1969 – يىلى 8 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ھەرىكەتلىنىشنى قارار قىلىپ، قەشقەر، مەكىتتىن چىقىپ ئاتۇشنىڭ سۇغۇن قازى دېگەن يېرىدە ئۇچرىشىپ جۇڭگو – سوۋېت چېگرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى بېكىتتى. 8 – ئاينىڭ 20 – كۈنى مەكىتتىكى 70 تىن ئارتۇق توپىلاڭچى ئاۋۋال ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى قورال – ياراغ ئامبىرىنى بۇلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئارقىدىن ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چېگرىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە ھەربىي قىسىم سۇغۇن قازىدا ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۇرۇنغان بەش ئۇنسۇرنى ئېتىپ تاشلاپ، 69 ئادەمنى تىرىك تۇتۇپ، 48 دانە تۇرلۇك پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق، 940 پايدىن ئارتۇق ئوق ھەم بىر تۈركۈم قاتىللىق قوراللىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى قولغا چۈشۈردى. يەنە "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ "نىزامنامىسى"، "پارتىيە پروگراممىسى" ۋە "مۇستەقىللىق گېزىتى" قاتارلىق جىنايەت پاكىتلىرىنى قولغا چۈشۈردى. قەشقەردىكى توپىلاڭچىلار ئاخۇنوفنىڭ باشچىلىقىدا سۇغۇن قازىغا قاراپ مەخپىي ئىلگىرىلەۋاتقاندا، 8 – ئاينىڭ 22 – كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى يەرلىك ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تېزلىكتە ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، ئاخۇنوفنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش توپىلاڭچىنى ئېتىپ تاشلاپ، قالغانلىرىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

1969 – يىلى 8 – ئايدا "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" ئىلى كومىتېتى غۇلجا ناھىيىسى نوغايتۇ كۆمۈر كېنىدىكى قورال – ياراغ، ئوق – دورىلارنى بۇلاپ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۇنى ۋاقتىدا تارمار قىلىپ بۆلگۈنچىلىكنى ئىشقا ئاشۇرمىدى.

قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى ئەتراپلىق مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1970 – يىلى ئاخىرى پۈتكۈل بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى تارمار قىلدى. "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ تەشكىلىي ۋە پائالىيىتى توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكەن ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى بۇنى ئازادلىقتىن كېيىن

www.uyghurweb.net

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ كەڭ، تەشكىلى، پروگراممىسى پىلانى بار بولغان بۆلگۈنچىلىك ۋەقەسى دەپ بېكىتىپ، ئەھۋالنى جەرھال مەركەزگە بىۋاستە دوكلات قىلدى. مەركەز دوكلاتنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال – ئىسپاتلارغا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ؛ سىياسەتنى ئىگىلەپ، جىنايىتى قەبىھ، دەلىل – ئىسپاتلىرى تولۇق كاتتىۋاشلار، تايانچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىش ؛ بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، قايمۇققان، قورقۇپ ئەگەشكەن، ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش ؛ ئىشنى كېڭەيتىۋېتىشنىڭ،دۈشمەننىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ دىققەت – نەزەرنى بۇراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە قانۇن بويىچە تازىلاپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، 1970 يىلى 3 – ئايغا كەلگەندە پۈتۈنلەي بىتچىت قىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا, پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 5000 دىن ئارتۇق ئادەم بۇنىڭغا چېتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1165 ئادەم "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ ئەزاسى دەپ بېكىتىلگەن، 230 ئادەم قانۇن بويىچە جازالانغان، 135 ئادەم باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغان. كېيىن بۇ ۋەقەنىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بولۇۋاتقان ئالاھىدە شارائىتتا يۈز بەرگەنلىكى، قولغا چۈشۈرۈلگەن "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپ بولغانلىقى، يەنە كېلىپ كۆپىنچىلىرىنىڭ ئىقرار قىلىپ، جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىش، تەربىيە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ 1975 – يىلى 8 – ئايدا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ۋەقەنى يېڭىۋاشتىن بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدى. جۈملىدىن تويلاڭدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، قانۇن بويىچە جازالانغان ۋە باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغان 387 باش جىنايەتچىدىن باشقا، قالغان 1165 ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى مەزكۇر پارتىيىنىڭ ئەزاسى دەپ بېكىتىلمەي، خاتالىق ئۆتكۈزۈلگەن دېيىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. جازا ئۆتەۋاتقان ۋە بىر تەرەپ قىلىنماي قاماقتا تۇرۇۋاتقان 108 ئادەم ئىچىدە قىلمىشى قەبىھ بولغان، جىنايىتىنى تونۇمىغان، جازا ئۆتەۋاتقان مەزگىلدىمۇ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن باشقا، قىلمىشى يېنىك بولغان، جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنغانلار يېنىك جازاغا ئۈچرىدى ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى.

20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدا يۈز بەرگەن بۇ "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى" ۋەقەسى كۆلىمى ئەڭ كەڭ، چېتىلغانلار ئەڭ كۆپ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر قېتىملىق ۋەقە بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارىلىشى

www.uyghurweb.net

بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ مەيلى پروگراممىسى ياكى پايدىلانغان ۋاستىسى جەھەتتىن بولسۇن يەنىلا "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم" نى يادرو قىلغان "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلغان بولۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇھىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى يەنىلا تارىختىكى ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئوخشاش. يەنى ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. ناۋادا پەرق ۋە "يېڭىلىق" بار دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نى قۇرۇپ، سىياسىي پارتىيە ئارقىلىق "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك نەزەرىيىسىنى "ئەمەلدە كۆرسەتمەكچى" بولغان.

3 – پاراگراف پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى

1. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىكى پاراكەندىچىلىك

ئېلىمىز 1978 – يىلىدىن باشلاپ ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن بۇ سىياسەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىساد، مىللەت ۋە دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى بارا – بارا گەۋدىلەندى. كىشىلەر سىنىپىي كۆرەشنى ئاساس قىلىش قارىشىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. يېزىلاردىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ھۆددىگە بېرىش، يېزا – بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىقتىسادقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئورۇن بوشاتتى. چېگرىدىكى، دېڭىز بويىدىكى ئېغىزلارنىڭ ئېچىۋېتىلىشى تاشقى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئىنتايىن سولچىل ئىدىيە تەدرىجىي يوقاپ، بىر خىل ئازادە، دېموكراتىك سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت بارا – بارا شەكىللەندى. ئەمما، مۇشۇنداق جىددىي ئۆزگىرىشتە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ قايتىدىن بىرىكىشى جەريانىدا بەزىدە سوقۇلۇش، ھەتتا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئىلگىرى كىرەلمىگەن تۈرلۈك ئىدىيىلەر دۆلەت ئىچىگە كىرىپ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە يەنە يېڭى مەزمۇن قوشتى. بۇنداق كۆز قاراش زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن، مەنپەئەت قايتا تەشكىللەنگەن زور ئېقىمدا يوشۇرۇن ئېقىملارنىڭ ئوخچۇشى

www.uyghurweb.net

ئەسلىدىن نورمال ئىش بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدا بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەدەپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، تەدرىجىي تىنچىۋاتقان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يەنە دولقۇن كۆتۈردى.

(1) خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. دىن سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشىشىگە ئەگىشىپ ئىسلام دىنى شىنجاڭدا جانلىنىشقا باشلاپ، ئاۋۋال مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر، ئارقىدىن خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. دىنىي مەكتەپ ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدە ئوقۇتۇش شەكلى، تارىختىن قېپقالغان فېئوداللىق دىنىي تەلىم — تەربىيە تۈزۈلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسچىتتىكى دىنىي تەربىيە بىلەن مەكتەپتىكى بىلىم تەربىيىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئىدى. 1957 — يىلىدىكى دىن ئىسلاھاتىدا ئۇ ھازىرقى زامان مىللىي مائارىپىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر مەسچىتلەر ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ ھالدا قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپ (سىنىپ )لەرنى، مەخپىي مەدرىسلەر بولسا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ تەقىب قىلىشى ئاستىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللانغان ياكى تەقىب قىلىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نامدا تارقىلىپ ئەمەلىيەتتە تارقالمىغان يوشۇرۇن دىنىي كۇرس (نۇقتا)لارنى كۆرسىتەتتى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" مەزگىلىدە، دىنىي مەكتەپلەر ئاساسەن دېگۈدەك تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئاساسىي جەھەتتىن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئۆلچەملىك ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسى ئالغانىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، دىنىي ئاڭ كۈچەيگەنلىكتىن ۋە سىياسەت قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، دەسلەپتە ھەرقايسى جايلاردا ھۆكۈمەتنىڭ "خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ قۇرۇشقا بولمايدۇ" دېگەن بەلگىلىمىسىگە قارىماي ئارقا — ئارقىدىن مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئارقىدىن جايلاردىكى شەخسلەر بەس — بەستە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ قۇردى.

20 — ئەسىرنىڭ 80 — يىللىرىنىڭ دەسلىپى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر (كۇرسلار)نىڭ بىخلانغان باسقۇچى بولدى. بۇ مەزگىلدە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئاچقانلار مۇرەككەپلىشىپ، رەسمىي دىندارلارمۇ، سەييارە ئاخۇنلارمۇ، باخشى — پېرىخونلارمۇ، ئادەتتىكى دېھقانلارمۇ، ھەتتا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاتناشتى، ئورۇننى دىنىي مەكتەپ ئاچقانلار ئۆزى تاللاپ، كۆپىنچە ئۆيسمۇرلەر، ياشلارنى ئوقۇتتى. 20 — ئەسىرنىڭ 80 — يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، بەزى جايلاردا پەقەتلا تىزگىنلەنمىدى، بۇ مەزگىلدە مەسچىتلەر، شەخسلەر خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىپلا قالماي، دىنىي زاتلارمۇ ئۆز نامى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوقۇتتى. مەسىلەن، خېلى نۇرغۇن ئاخۇنلار ئۆزى شەخسەن 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ساۋاق بەردى. بەزى جايلاردا خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئاچقانلار ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە پەرۋا قىلمايلا قالماي، تېخى قارشىلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، پىچان ناھىيە بازىرى تۆۋەن قوۋۇق كەنتىدىكى نىزامىدىن داموللا

خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، ھەرقايسى جايلاردىن 40 تىن ئارتۇق قىز – ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلغان. ساقچىخانا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ۋاقىتلىق نوپۇسلارنى تىزىملىماقچى بولغاندا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ قولىغا "قۇرئان" ئېلىپ ساقچىخانىغا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىپ ھەيۋە كۆرسەتكەن. بۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ بەزى نىزاملارنى تۈزۈپ، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ 1988 – 1989 – يىللاردا، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار تازىلاندى ھەم تەرتىپكە سېلىندى. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەت كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، قىسمەن رايونلاردا دىنىي قىزغىنلىق ۋە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش تۈپتىن يوقىتىلمىدى. 1989 – يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر (كۇرسلار) 938 كە يېتىپ ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئون مىڭدىن ئاشقان.

خۇسۇسىي ياكى مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ بالايىئاپىتى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان مەزگىلدە قۇرۇلغانلىقتىن دەسلەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا تەشنا بولۇشتەك رېئال ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. ئەمما، مەسىلىنىڭ چاتاق يېرى، بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خۇسۇسىي ياكى مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر (كۇرس)نى ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يېتىشتۈرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا "غازات" قىلىش ۋە شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاش ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېررورلۇق پائالىيىتى قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۇرگەن. قاغىلىقتىكى دىنىي مەكتەپلەر دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

قاغىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان بولۇپ، پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر بىلەن تۇتىشىدۇ، تارىختا ئىزچىل دىنىي كۈچلەر كۈچلۈك جاي بولۇپ كەلگەن، دىنىي مائارىپ ئۈزۈلمىگەن. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن بۇ يەردە دىنىي مائارىپ ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، ئۇنىڭ كۆلىمى، تەسىرىمۇ كېڭەيگەن. 1989 – يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە 33 خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ 17 سى ناھىيە بازىرىدا، 16 سى يېزا – كەنتلەردە قۇرۇلغان. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 732 گە، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىرى نەچچە مىڭغا يەتكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنبەسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنى دېگۈدەك قاپلىغان. ئەڭ چوڭى 28 ياش، ئەڭ كىچىكى بەش ياش بولغان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ناھىيىدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىنى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئابلىكىم مەخسۇم دېيىلىدۇ) يادرو قىلغان دىنىي مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ كونا جۇڭگودىن قالغان دىنىي زات بولۇپ، شىنجاڭنىڭ دىنىي ساھەسىدە

خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان. ئەمما، ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئازادلىقتىن كېيىن 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى زور ئىشەنچىسى ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇزۇن مەزگىل قاغىلىق چوڭ جامەئەسىنىڭ خاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى باش بولۇپ، شاگىرتلىرىنى ھەمدەملەشتۈرۈپ تەدرىجىي دىنىي مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ دىنىي مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 61% نى ئىگىلىگەن. شاگىرتلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان.

ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قاغىلىق ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپلا قالماي، ماھىيەتتە يەنە بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تەربىيىلەيدىغان بازىغا ئايلانغان. ئالدى بىلەن ئۇ دىنىي نىقاب قىلىپ "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقى ئىدىيىسىنى تارقاتقان. جۈملىدىن ئۇ 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ بېشىدىلا "مۆھتەبەر ھەدىس" ۋە "قۇرئاننىڭ نەسىھىتى – ئۇلۇغ ھەم شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئەمرى" دېگەن قوللانمىلارنى نەشر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا "ئىسلام يولىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش"نى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە نۇرغۇن تالىپلىرىغا: "مەدرىستە تەربىيىلەنگەن كۈچ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز"، "سىلەر پۈتۈن زېھنىڭلار بىلەن دىنغا بېرىلىڭلار، كومپارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بار، سىلەر قانداقتۇ تەشكىلات قۇرىمىز دېمەي (قۇرئان) بويىچە ئىش قىلىڭلار، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى بىر تەشكىل. قىلماقچى بولغىنىڭلارنى قەغەزگە يازماڭلار، شۇنداق بولسا ئۇلار دەستەك تاپالمايدۇ، تاپالىغان تەقدىردىمۇ ھۆكۈمەت ھېچنېمە قىلالمايدۇ. دىنىي گۈللەندۈرۈشتە ئۇزاقنى ئويلاڭلار، نەچچە ئون يىل تىرىشقاندا ئاندىن كەلگۈسىدە ئىسلام شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدۇ" دېگەن. يەنە ئۆزى تەسىس قىلغان دىنىي دەرسلەر ئىچىدە "غازات تارىخى"نى زۆرۈر دەرس قىلىپ، تالىپلىرىغا "غازات" ئارقىلىق كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت دېگەن سەپسەتىنى تارقاتقان. ئۈچىنچى تەرەپتىن ئۇ ئەلەم مەشقى قىلغان. جۈملىدىن مەشىق ئەسلىھەلىرىنى ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشىق بازىسىنى تەييارلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەلەم ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى، ئۆلۈمدىن قورقماي جان پىدا قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

www.uyghurweb.net

20 – ئەسىرنىڭ 90 يىللىرىغا كەلگەندە، ئابلىكىم مەخسۇم يېتىشتۈرگەن نەچچە يۈز ئادەم پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، زەھەر سېلىش، قورال – ياراغ ياساش قاتارلىق تېررورلۇق، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خۇسۇسىي، مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىكى دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ مۇھىم مەنبەسى، شۇنداقلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ بىر تۈپ يىلتىزى بولۇپ قالغان.

(2) چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا قاتارلىق كونا بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەممىسى چەت ئەلگە قېچىپ، چەت ئەلدە بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى قىلىشقا باشلىدى. نەچچە ئون يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشىدا ئۇلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ شىنجاڭنى بۆلۈشنى مەقسەت قىلغان نەچچە ئون تەشكىلات قۇردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى تاشقى ئالاقە چەكلەنگەنلىكتىن چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى ناھايىتى تەس بولغانىدى. ئەمما، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن، ئەھۋالدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. بىر تەرەپتىن، دىن سىياسىتىنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىن ھەجگە بارىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ چېگرا بويلىرىدا نۇرغۇن ئېغىزلار ئېچىلغانلىقتىن شىنجاڭ بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سودا ئالاقىسى مىسلىسىز قويۇقلىشىپ، دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسمۇ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. چەت ئەلگەدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇنداق يېڭى ئازادە مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچىگە تەشۋىقات يۈرگۈزدى ۋە سىڭىپ كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا ئىلگىرىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ، قىسمەن مىللىي ئاممىنىڭ كىرىمى خېلى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى. سىنىپ ئارقىلىق ئىجتىمائىي توپلارنى ئايرىشنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئاڭ ۋە مىللىي ئاڭ كۈچىيىپ، ئۇ مىللىي ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي توپلارنى ئاڭسىز ھالدا ئايرىيدىغان چېكىگە ئايلىنىپ قالدى. يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانماستىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايوندىكى ئەشەددىي مىللىي ۋە دىنىي ئىدىيمۇ ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق دۆلەت ئىچىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تەشۋىقات يۈرگۈزۈشى ۋە سىڭىپ كىرىشى ناھايىتى ئاسانلا مىللىي كەيپىياتنى قوزغىتىپ، مىللىي زىيالىيلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىغا بولغان قايتا ئويلىنىشىنى

www.uyghurweb.net

قوزغاپ، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبكە ئايلاندى.

(3) "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك مۇقامى باش كۆتۈردى. "پانئىسلامىزم" ۋە "پانتۈركىزم"نى يادرو قىلغان "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىسى ئىزچىل ھالدا ئەستايىدىل تازىلانمىدى. خۇددى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئازاد بولۇشنىڭ ھارپىسىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك، "يېرىم ئەسىر مابەينىدىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى (پانتۈركىزم)لىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بارلىق تۈركلەرنىڭ بىرلىشىپ بىر دۆلەت قۇرۇشىنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى، بولۇپمۇ كونا زىيالىيلاردا (پانتۈركىزم)لىق ئىدىيە ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى"، "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، دىندارلارنىڭ كۈچ ناھايىتى زور ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر بىلىپ – بىلمەيلا دىندارلارغا قارىغۇلارچە چوقۇناتتى ۋە ئىشىنەتتى. (قۇرئان كەرىم)دە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى بىر ئائىلە دېيىلگەنلىكتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدە جاھاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قۇرۇشتەك ئارزۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئاسانلا دۈشمەن قاتارىدا كۆرەتتى" 1 «1949 – يىلى 8 – ئاينىڭ 21 – كۈنىدىكى "شىنجاڭ پەۋقۇلئاددە رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات"قا قارالسۇن.».

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بۇنداق ئىدىيە يەنىلا تازىلانمىدى. 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىكى ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرى، 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىنىڭ بېشىدىكى "شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى"نىڭ غالجىرانە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ ئۇخشىمىغان مەزگىللىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق مەركەزلىك ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا پەقەت توپىلاڭلار بىتچىت قىلىنىپ، باش جىنايەتچىلەر بىر تەرەپ قىلىندى. 20 – ئەسىرنىڭ 50 – 70 – يىللىرىدىكى پەۋقۇلئاددە تارىخىي مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كونا جۇڭگودىن قالغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە "مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى" خاتا تونۇشى تازىلانمىدى، ئاما ئارىسىدىمۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەربىيىسى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى يەنىلا يوشۇرۇن ساقلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى بوشاشقان مۇھىتتا يەنە باش كۆتۈرۈپ، جانلىنىپ، ھەر تەرەپكە يامرىدى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەدەپ، ئەشەددىي مىللىي كەيپىيات ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىپ، بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى قۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى.

www.uyghurweb.net

20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىكى توپىلاڭ ۋە پاراكەندىچىلىكلەر بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق ئاشكارىلىدى. مەسىلەن، 1981 – يىلىدىكى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى "27 – ماي" توپىلىڭىنىڭ پىلانلىغۇچىسى بولغان "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" دەل قوراللىق كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭنى بۆلۈشنى ئۆز پروگراممىسى قىلغان. يەنە، بۇ مەزگىلدىكى پاراكەندىچىلىكلەر ئاساسەن "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن"، "كاپىرلارنى يوقىتايلى"، "خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرايلى"، "شىنجاڭغا مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئىگىلىك ھوقۇق كېرەك"، "شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ياشىسۇن" دېگەننى ئۆز شۇئارى قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېپىك "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بولۇپ، ئۇ يىللار مابەينىدە تازىلانمىغانلىقتىن داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى.

## 2. پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

(1) 1980 – يىلىدىكى ئاقسۇدىكى "9 – ئاپرېل" ۋەقەسى. 1980 – يىلى 4 – ئاينىڭ 9 – كۈنى ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر يولۋاس توختى مەست بولۇۋېلىپ چاتاق چىقارغانلىقتىن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى خەنزۇ ساقچى خۇاڭ گاڭ ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ قويغان ھەم ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ قويغان. نەتىجىدە يولۋاس توختى تىنالماي ئۆلۈپ، خۇاڭ گاڭ شۇئان قولغا ئېلىنغان.

ھالبۇكى، بەزى غەيرىي نىيەتتىكىلەر بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ئىشنى چوڭايتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزغان. 4 – ئاينىڭ 10 – كۈنىدىن 11 – كۈنىگىچە، قۇترىتىلغان مىللىي ئاممىدىن 3000 دىن ئارتۇق كىشى جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىپ، "خىتايلارنى يوقىتايلى"، "خەنزۇلارنى ئىچكىرىگە قوغلىۋېتەيلى" دەپ شۇئار توۋلاپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئاقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، داگۇاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇنغا ھۇجۇم قىلغان ھەم مال – مۈلۈك بۇلاپ، خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئۇرغان. بۇ جەرياندا بىر ئادەم ئۆلگەن، 949 ئادەم يارىلانغان، 44 ماشىنا پاچاقلانغان، 2000 كۆزدىن ئارتۇق ئەينەك چېقىلغان، بىر تراكتور، توققۇز ۋېلسىپىت، ئىككى رادىئو، 12 قول سائىتى، 8800 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، 695 جىڭ ئاشلىق بىلىتى بۇلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇتلاردا ئىش توختاپ، مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ، قاتناش ۋە پوچتا ئۈزۈلۈپ، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان 155 ئۇنسۇرنى بىر تەرەپ قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 12 ئادەمنى قانۇن بويىچە قولغا ئالغان. 4 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

www.uyghurweb.net

ئىجتىمائىي تەرتىپ نورمال ھالەتكە كەلگەن. بۇ ۋەقە بىر تاسادىپىي ۋەقە بولسىمۇ، ئاز ساندىكى غەيرىي نىيەتتىكىلەرنىڭ ئىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال – مۈلكىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقان. قارىماققا تاسادىپىيدەك كۆرۈنىدىغان بۇ ۋەقەنىڭ كەينىدە ئەمەلىيەتتە مۇقەررەر سەۋەب بولۇپ، كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر بۇ نۇقتىنى ئېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدى.

(2) 1981 – يىلىدىكى قاغىلىقتىكى "13 – يانۋار" ۋەقەسى. 1981 – يىلى 1 – ئاينىڭ 13 – كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدىكى تۆگىچى مەسچىتىدە بىر ئۇستا ئوت سۆنمەن دەپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمدىلا بامدات نامىزىدىن يانغان ئۆمەر توختى بۇنى ئاڭلاپ ئىبادەتچىلەرنى باشلاپ كۆرگىلى بېرىپلا قالماي، يەنە ئۆزىچە "ئوتنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ئىدىرىس توختى قويغان" دەپ، ھەققىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى كۆيگەن ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىشقا قۇتراتقان ھەم "جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئوت قويغۇچىلارنىڭ تېرىكى، ناھىيىلىك پارتكوم ھىمايىچىسى"، "مەسچىتنى كۆيدۈرگەنلىك مۇسۇلمانلارنى كۆيدۈرگەنلىك"، "دىن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىپ ئىسلام ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى"، "كاپىرلارنى يوقىتايلى"، "مىللىي مۇناپىقلارنى يوقىتايلى"، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن" دېگەندەك ئەكسىيەتچىل شۇئارلارنى توۋلاپ، پارتىيە – ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، رادىئو ئىستانسىسىغا نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، كادىرلار، ساقچىلارنى قورشاپ ئۇرۇپ، نەچچە كۈنگىچە چاتاق تېرىغان. 1 – ئاينىڭ 16 – كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزگە تەستىقلاتقان ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىغا ئاساسەن قاغىلىقتا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاكارلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر توختى قۇيرۇقىنى قىسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئابدۇكېرىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ مەسچىتتە نەچچەيۈز مۇسۇلمانغا: "بۇ قېتىمقى نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىش دەل (غازات)، دىن ئۈچۈن ئۆلگەنلەر شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار، بىزگە ئەگىشىپ ناھىيىلىك پارتكومغا بېرىڭلار، بارمىغانلار مۇسۇلمانلار بولمايدۇ" دەپ، 800 دىن ئارتۇق چاتاقچىنى باشلاپ "غازات" ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئۈچ ھەربىي ھالەت قاراۋۇللۇق ئورنىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋەزىيە ئىجرا قىلىۋاتقان ھەربىي قىسىمنىڭ قورالىرىنى بۇلاپ (ئەمەلىيەتتە بۇلىيالمىغان)، جەڭچىلەرنى دۇمبالاپ، ناھىيىلىك پارتكومغا بۆسۈپ كىرىپ چاتاق تېرىغان. بۇ ئەھۋالدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ئامالسىز جىددىي تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيە ئىجرا قىلىۋاتقان ھەربىي قىسىم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى تېزلىكتە ناھىيىلىك پارتكومغا بۆسۈپ كىرگەن چاتاقچىلارنى قورشاپ، 86 غوللۇق

www.uyghurweb.net

ئۇنسۇر ۋە لۈكچەكنى مەجبۇرىي تۆتقان، يەنە كېچىدە مالىمانچىلىقنى قۇتراتقان، پىلانلىغان ۋە تەشكىللىگەن باش ئۇنسۇر ئۆمەر توختىنى قولغا چۈشۈرۈپ، توپىلاڭنى ئاخىر تىنجىتقان.

بۇ ۋەقە ئۈدا تۆت كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا دۇكانلار تاقىلىپ، سودا توختاپ، قاتناش توسۇلۇپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن. 104 نەپەر پارتىيە، هۆكۈمەت كادىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى ۋە 51 نەپەر ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان جەڭچى دۇمبالانغان. ۋەقەدىن قارىغاندا، ئۇ جاھىل بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئۈزۈن مۇددەت يوشۇرۇن پىلانلاپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇتراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تۇيۇقسىز يۈز بېرىپ زور دەبدەبە قوزغىغان، نۇرغۇن ئاممىنى سۆرەپ كىرىپ خېلى كەڭ دائىرىگە چېتىلغان، ئەسەبىي دىن ۋە بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىپ، زەربە نىشانىنى مەركەزلەشتۈرگەن، ئۈزۈن ۋاقىت داۋاملىشىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان.

بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ئابلىكىم مەخسۇم داموللا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. بىرىنچىدىن، ئۇ يېتىشتۈرگەن نۇرغۇن تالىپلار بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە تايانچىلىرى بولغان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇ قۇرغان "مەدرىسە"دىكى مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە تالىپلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنى پىلانلاش ۋە تەشكىللەشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قاغىلىقنىڭ دىنىي ساھەسىدە خېلى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغاچقا، "مەدرىسە"دىكى تالىپلار ئارىسىدا خېلى زور تەسىر قوزغىغان. دەل مۇشۇ تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا مەخپىي مەدرىسەدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاۋانگارت بولغان. ئىككىنچىدىن، ئۇ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇتراتقۇلۇق ۋە قوماندانلىق قىلغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا، تەكشۈرگۈچى خادىملار ئۇ ئىشلىگەن ئوخشاش قېلىپتىكى "قۇرئاننىڭ شەرھىيسى" ۋە ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل 13 – نومۇرلۇق ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى بايقىغان. ئۇچىنچىدىن، بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۇ تولىمۇ ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلغان. جۈملىدىن ۋەقەنىڭ 2 – كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ھەسەن شا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇنىڭ دىن جەھەتتىكى ئابرۇيى ۋە ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ مالىمانچىلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغاندا، ئۇ ماقۇل بولغان. ئەمما، تا 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنىگىچىلىك قىلچە مىدىرىماي ۋەقەنىڭ كېڭىيىشىگە قاراپ تۇرغان. پەقەت شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىم ناھىيىگە كىرىپ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆتتە ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىنى ئاڭلاتقاندىلا، ئاندىن ئۇ چۈشتە چوڭ مەسچىتتە توپىلاڭچىلارغا سۆز قىلغان. شۇنداقتىمۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ: "مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەينى زاماندا ئالتە يىل ساقلىغان، بىزمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ساقلايلى، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتەيلى، سىلەر نامايىش قىلماڭلار، پەرۋاندەك ئۆزۈڭلارنى ئوتقا

ئۇرماڭلار" دېگەن. بۇنىڭدا ئېنىقكى ئۇ مالىمانچىلارغا تاكتىكىنى ئۆزگەرتىپ زەربە يېيىشتىن ساقلىنىپ كۈچنى ساقلاشنى ئىپتقان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتكە پەقەتلا ھەمكارلاشمىغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئابلىكىم مەخسۇم پەردە ئارقىسىدىكى باش قوماندان، ئۆمەر توختى بولسا پەقەتلا بىر پىيچكا بولغان.

(3) 1981 – يىلىدىكى پەيزاۋاتتىكى "27 – ماي" توپىلىڭى. پەيزاۋاتتىكى بۇ توپىلاڭنى "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" قوزغىغان. 1981 – يىلى يېزىغا قايتقان 25 ياشلىق زىيالىي ياش ھەسەن ئىسمايىل قىسمەن ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۆرلەپ ئوقۇشتىكى نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىننى نىقاب قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەر تەرەپتە ئالاقە باغلاپ، كۈچىنىڭ بارىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇتراتقان. بىر مەزگىللىك تەييارلىق ئارقىلىق 3 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئۇ پەيزاۋاتتىكى 28 ياشلىق كىنوچى داۋۇت ساۋۇتنىڭ ياتىقىدا توققۇز كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يوسۇنى بويىچە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدا "مىللىي خەلق ئازادلىق سېپى"، "ئىقتىسادىي ئىشلار كومىتېتى"، "تەشكىلىي ئىشلار كومىتېتى"، "ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى" قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، "دۇنيادا ئورنى بار ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتنىڭ ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ، كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) قۇرۇش"نى پارتىيە پروگراممىسى، "قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى ئارقىلىق كاپىرلارغا، جاھانگىرلارغا جەڭ ئېلان قىلىش"نى پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى قىلغان. يەنە پارتىيە ئىنتىزامىنى بېكىتىپ، پارتىيە بايرىقى، ئىزنىكى ۋە پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسىنى لايىھىلىگەن.

"شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" قۇرۇلۇپ ئىككى ئاي ئىچىدىلا ئالتە قېتىم "دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى" ئېچىپ 139 ئەزا توپلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 58، يېزىغا قايتقان زىيالىي ياش ۋە دېھقان ياشلار 60 بولۇپ، ئەڭ چوڭى 29 ياش بولغان، 15 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغانلار 85% نى ئىگىلىگەن. ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن قورال – ياراغ بۇلاشنى مەخپىي پىلانلىغان ھەم ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ۋە پوچتا – تېلېگراف ئىدارىسى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارنى رازۋېدكا قىلغان. 5 – ئاينىڭ 24 – كۈنى ھەسەن ئىسمايىل "يادرولۇق ئەزالار يىغىنى"نى ئېچىپ، توپىلاڭنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ، 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى كېچىدە

www.uyghurweb.net

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىش ئوڭۇشلۇق بولغاندىن كېيىن دەرھال ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغان.

1981 – يىلى 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى كەچتە، "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى"نىڭ كاتتىۋېشى ھەسەن ئىسمايىل، داۋۇت ساۋۇت ئۆز پىلانىغا ئاساسەن 150 تىن ئارتۇق ئەزانى توپلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ناھىيە بازىرىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قورال – ياراغ ئامبىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 56 تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقتىن 129 نى، پۇتون ئاپتوماتىك مىلتىقتىن 12 نى،56 تىپلىق ئاپتوماتتىن 10 نى، 54 تىپلىق ئاپتوماتتىن 1نى، ھەرخىل ئوقتىن 28 مىڭ پايىنى، گراناتتىن 78 نى بۇلىغان. قورال – ياراغ ئامبىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ھامۇتجاننىڭ ئايالى قەمەرگۈل بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال خەتەرگە قارىماي يالاڭ ئاياغ ھالدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر دەرھال تەييارلىق قىلغان. توپىلاڭچىلار بەلگىلىگەن پىلان بويىچە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، بازار ئىچىدە تولۇق تەييارلىق كۆرۈلگەنلىكىنى بايقاپ، ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جىگدىلىكتە "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" ۋە "مىللىي خەلق ئازاجلىق سېپى" بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى "غازاتچىلار" دەپ ئاتاپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. شۇنىڭ بىلەن يەرلىكتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى ۋە تۇرۇشلۇق قىسىم ئۇلارنى قورشاپ، توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكنى نەزەردە تۇتۇپ كۈچلۈك پىسخىكا ھۇجۇمىنى قانات يايدۇرغان. نەتىجىدە توپىلاڭچىلار ئىچىدىكى ياشلار بەس – بەستە قوراللىرىنى تاشلاپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، قالغانلارمۇ قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇپ، چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە توپىلاڭ ئاخىر تىنجىتىلغان. تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش جەريانىدا بۇ بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى ئاشكارا بولۇپ، جىنايەت پاكىتىغا ئاساسەن 13 ئادەمگە قانۇن بويىچە جازا بېرىلگەن.

(4) 1981 – يىلدىكى قەشقەردىكى "30 – ئۆكتەبىر" ۋەقەسى. 1981 – يىلى 10 – ئاينىڭ 30 – كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات – سودا كوپېراتىپى پاختا – كەندىر بۆلۈمىنىڭ ياللانما ئىشچىسى ئابدۇكېرىم قادىر قاتارلىقلار سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقىنى ئوڭشاۋاتقاندا، يېقىن ئەتراپتىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى زىيالىي ياشلار ماگىزىنىنىڭ ياش خىزمەتچىسى يې شىن بىلەن جېدەللىشىپ قالغان. جېدەلدە يې شىن ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئابدۇكېرىم قادىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سائەت تۆت يېرىمدا ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، سائەت بەشتە قاتىل يې شىننى قولغا ئالغان. بۇ بىر ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسى بولسىمۇ، ئەمما ئەمدىلا قۇرۇلغان "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۇچقۇن پارتىيىسى" بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەتكەن.

www.uyghurweb.net

"ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۇچقۇن پارتىيىسى" 1981 – يىلى 3 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەشكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، 9 – ئاينىڭ 26 – كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. ئەسقەر ئەمەت رەئىس، ئابدۇغېنى ئابدۇكېرىم مۇئاۋىن رەئىس بولغان. 9 – ئاينىڭ 20 – كۈنى بۇ پارتىيە يەنە توققۇز كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، ھېكىم ھېزىمنى مەسلىھەتچىلىككە سايلىغان ھەم " قەلەم كۈرىشى ئارقىلىق خەلقنى ئەلەم كۈرىشى قىلىشقا ئۈندەپ"، "خىتايلار" ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ "مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان" دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى باش مۇددىئا قىلغان. بۇ پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئاتالمىش "مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى"نى ئېچىپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇربان ھېيت (10 – ئاينىڭ 9 – كۈنى)نىڭ ئالدى – كەينىدە قەشقەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىنى، كومپارتىيە ۋە خەنزۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى قۇترىتىدىغان تەشۋىق ۋەرەقىسى، پلاكاتنى تارقاتقان ھەم چاپلىغان.

10 – ئاينىڭ 30 – كۈنى چۈشتىن كېيىن يې شىن ئابدۇكېرىم قادىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۇچقۇن پارتىيىسى"نىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە تەشكىلىي ھەيئىتى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان ھەم جەسەتنى كۆرگەندىن كېيىن: "ئالدىنقى قېتىم قاغىلىقتىكى ۋەقەدە بىر ئۇيغۇر ئۆلدى، ئەمدى يەنە بىر ئۇيغۇر ئۆلدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇلار (خەنزۇلار) خالىغانچە قارىغا ئېلىپ ئاتىدىغان قۇشقاچ ئەمەس" دەپ جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان. يەنە ئىشنى چوڭايتىش، تەسىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن "بىز جەسەتنى سەمەن مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ چەت ئەللىكلەرگە كۆرسىتەيلى، پۈتۈن دۇنيادىكىلەر بۇ ئىشنى بىلسۇن" دېگەن. نامايىشچىلارنىڭ بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە كۆرەڭلەپ: "بۇ ئىش بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى ئوبدان ئىش بولدى"، "10 – ئاي غازات ئېيى، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى بولىمىز"، "خىتايلار بىلەن راسا ئېلىشىپ مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرايلى" دەپ ۋالاقشىغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنتايىن ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسى بىر ئېغىر ۋەقەگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

"ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۇچقۇن پارتىيىسى"نىڭ قۇترىتىشىدا نامايىشچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، قەشقەردىكى بىر نەچچە ئاممىۋى سورۇن ۋە مۇھىم قاتناش يوللىرىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلغان. ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشكەن ھەم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، "خىتايلارنى ئۆلتۈرەيلى"، "خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرايلى"، "ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن" دەپ شوئار توۋلاپ، ئاممىنى خەنزۇلارنى ئۇرۇشقا قۇتراتقان ھەم كۆرگەنلا خەنزۇنى مەيلى ئەر – ئايال، چوڭ – كىچىك بولسۇن قارا – قويۇق دۇمبالاپ، ئۇلارغا كالتەك، تاش

www.uyghurweb.net

ئاتقان، ھەتتا پىچاق سالغان. نەتىجىدە 631 خەنزۇ تاياق يەپ، ئۆلارنىڭ ئىچىدە 262 سى ئوتتۇراھال يارىلانغان، 197 سى ئېغىر يارىلانغان، ئىككىسى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەن، 17 سى قاتتىق زەخىملەنگەن. توپىلاڭچىلار يەنە يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنى، ئادەملەرنى بۇلاپ، ئىدارە – ئورگان، مەكتەپ ۋە ماگىزىنلارنىڭ ئىشىك – دېرىزىلىرى ھەم ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى چاققان. ئەتىسى 2000 دىن ئارتۇق توپىلاڭچى قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، شەھەرلىك پارتكوم ۋە بانكىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان، يەنە 300 دىن ئارتۇق ئادەم پوچتا – تېلېگراف ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، رادىئو سىملىرىنى ئۈزۈۋەتكەن. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، توپىلاڭچىلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 8168 يۈەن نەق پۇل، 109 قول سائىتى، 1172 جىڭ ئاشلىق بېلىتى، ئىككى تاپانچا، 14 پاي ئوق، 49 ۋېلىسىپىت ۋە موتسىكلىتنى بۇلىغان، 26 چوڭ – كىچىك ماشىنىنى پاچاقلىغان، مەكتەپ، ماگىزىنلارنىڭ 2600 يۈەن قىممىتىدىكى مال – مۈلكىنى ۋەيران قىلغان.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايون بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ۋەقەدە ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتمۇ بار دەپ قاراپ، ئۇنى يەنىلا سىياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلىپ، كادىرلار ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن. 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ جەسىتى لايىقىدا دەپنە قىلىنغان. 11 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ "ئۇقتۇرۇشى" ئېلان قىلىنىپ، چاتاقچى ئامما تەدرىجىي تارقىتىۋېتىلگەن. يارىلانغان كادىر، ئاممىنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش ۋە بەزلەش ئۇقتۇرۇلۇپ، قىسمەن خەنزۇ كادىر، ئاممىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىش ئارقىلىق پەسكويىغا چۈشۈرۈلگەن. ئاممىنى قوزغىتىش نەتىجىسىدە ئادەم ئۇرغۇچىلاردىن 231 ى تارتىپ چىقىرىلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 67 جىنايەتچى ئۇنسۇر يىغىۋېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ۋەقەدە تەشكىللەش، پىلانلاش ۋە قوماندانلىق قىلىش رولىنى ئوينىغان "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۇچقۇن پارتىيىسى"مۇ تارمار قىلىنىپ، پارتىيە رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مەسلىھەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 ئەزاسى قولغا ئېلىنغان، 17 ئادىمى يىغىۋېلىنغان. يەنە تاپانچا، ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىسى ۋە قاتىللىق قورالىرى دېگەندەك جىنايەت پاكىتلىرى قولغا چۈشۈرۈلگەن.

(5) 1985 – يىلىدىكى ئۈرۈمچىدىكى "12 – دېكابىر" ۋەقەسى. 1985 – يىلى 9 – ئاينىڭ 25 – كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى نورمال تەڭشەشنى قارار قىلغان. بۇ خەۋەر شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەمئىيەتتە بەزى ناتوغرا پىكىرلەر بارلىققا كېلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى غەيرىي

www.uyghurweb.net

نىيەتتىكىلەر شىنجاڭغا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ قانۇنسىز ئالاقە باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىش تېرىشقا قۇتراتقان، كۈشكۈرتكەن.

12 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ 1 – ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە – ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق يەتتە ئالىي مەكتەپتىكى تەخمىنەن 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغان ھەم "ئاپتونوم رايونلۇق 6 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىك بولمىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرىمىز"، "شىنجاڭ تەۋەسىدە يادرو سىنىقى قىلىشقا نارازىلىق بىلدۈرىمىز"، "شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە نارازىلىق بىلدۈرىمىز"، "ئىچكىرىدىكى خەنزۇ ئاققۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە نارازىلىق بىلدۈرىمىز"، "مەركەزنىڭ ئىچكىرىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان جىنايەتچىلەرنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ ئۆزگەرتىشكە نارازىلىق بىلدۈرىمىز"، "ئېغىزدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تەكىتلەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى يولغا قويماسلىقىقا نارازىلىق بىلدۈرىمىز" دەپ شۇئار توۋلىغان. 12 -، 13 – كۈنى، يەنە نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى داۋاملىق نامايىش قىلغان. 19 – كۈنى، يەنە قىسمەن ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغان. يەنە 12 – ئاينىڭ 17 -، 18 – كۈنى خوتەندە، 19 – كۈنى ئاقسۇدا، 24 – كۈنى بورتالادا ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 12 – ئاينىڭ 19 - كۈنى نەنجىڭدا ئوقۇۋاتقان 40 تىن ئارتۇق شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان. 12 – ئاينىڭ 22 – كۈنى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان 300 دىن ئارتۇق شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ نامايىش قىلغان. 12 – ئاينىڭ 26 – كۈنى شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان 80 دىن ئارتۇق شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئاۋات شەھەر رايونىدا نامايىش قىلغان.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا بەزى جايلىرىدا "خەنزۇلار شىنجاڭدىن يوقالسۇن"، "خىتايلار شىنجاڭدىن يوقالسۇن"، "شىنجاڭغا مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئىگىلىك ھوقۇق كېرەك"، "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ياشىسۇن"، "شىنجاڭدا خەنزۇ قىسىم تۇرمىسۇن"، "شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بارىدىغان تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلايلى" دېگەندەك خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان چۇقانلار كۆتۈرۈلگەن. جەمئىيەتتىكى بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراپ، ئىمزاسىز خەت، كىچىك خەتلىك گېزىت ۋە

www.uyghurweb.net

ئەكسىيەتچىل پلاكاتلارنى يازغان. خوتەندە يەنە "ئۇچقۇن تەشكىلاتى" نامىدىكى كىچىك خەتلىك گېزىت ۋە تەشۋىق ۋەرەقىسى بايقالغان.

"12 – دېكابىر" ۋەقەسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەرگە چېتىلغان تۇنجى ۋەقە بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە نەنجىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىگىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىرى پەردە ئارقىسىدا تۈرۈپ پىلانلىغان، رەھبىرى، پىلانى ۋە تەشكىلى بولغان سىياسىي ۋەقە بولغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارنى ئاسراش ۋە تەربىيىلەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن. نەتىجىدە 12 – ئاينىڭ 19 – كۈنىدىن كېيىن ئۇرۇمچىدىكى نامايىش قىلىپ چاتاق چىقىرىش ۋەقەسى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىغان.

(6) 1988 – يىلىدىكى ئۈرۈمچىدىكى "15 – ئىيۇن" ۋەقەسى. 1988 – يىلى 5 – ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا بىناسىنىڭ ھاجەتخانىسىدا خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان، ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەيدىغان بىرنەچچە جۈملە ئەكسىيەتچىل سۆز بايقالغان. بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ بىر مەيدان ئېغىر چاتاق چىقىرىش ۋەقەسىنى پىلانلىغان. بۇ ۋەقە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى "ستۇدېنتلار پەن – مەدەنىيەت جەمئىيىتى" بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

بۇ جەمئىيەت 1987 – يىلى 12 – ئايدا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن قۇرغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000غا يېقىن ئەزادىن تەركىب تاپقان. ئۇلار مىللىي مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشنى نىقاب قىلىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، مىللىي نارازىلىق كەيپىياتىنى قوزغاتقان. جۈملىدىن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدا ئىلى رايونىدىكى ئايەتكە ئۆچرىغان باشلانغۇچ – ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 60 پارچىدىن ئارتۇق رەسىمىنى پروېكسىيە ئاپپاراتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئالاھىتەن خەنزۇ مەكتەپلەرنىڭ يورۇق ھەم ئازادە ئىمارەتلىرى بىلەن مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ئايەتكە ئۇچراپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىمارەتلىرىنى سېلىشتۇرما قىلىپ، مەقسەتلىك ھالدا "بەزى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپى بولمىغاچقا ئامالسىز خەنزۇ مەكتەپلەر تاشلىۋەتكەن سىنىپلاردا ئىككىگە بۆلۈنۈپ دەرس ئوقۇۋاتىدۇ" دېگەننى ئىپادىلىگەن. يەنە ئۆزلىرى چىقارغان "پەن ۋە مەدەنىيەت" ناملىق ژۇرنالدا پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى بۇرمىلاپ، "ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، پەن – مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەر ئەمەس" دېگەننى مەقسەتلىك تەرغىب قىلغان. جۈملىدىن بۇ ژۇرنالنىڭ 1988 – يىلى 3 – ئايدىكى 1 – سانىدا مىللىي مائارىپنىڭ

www.uyghurweb.net

ئارقىدا قىلغانلىقى، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالغا يەتمەيدىغانلىقى، خىراجەت قىينچىلىقىنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىپ، 1985 – يىلدىكى خام نېفىت، چەككىلەنگەن نېفىتنىڭ شەرققە توشۇلۇش مىقدارى، ئالتۇننىڭ قېزىلىش مىقدارى، شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنىڭ چىقىرىلىش مىقدارى ۋە كىرگۈزۈلۈش مىقدارىنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا ئائىت بەش سانلىق مەلۇماتنى كۆرسىتىپ، مىللىي نارازىلىق كەيپىياتىنى قوزغاتقان.

1988 – يىلى 5 – ئاينىڭ 12 – كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا بىناسىنىڭ ھاجەتخانىسىدا ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەيدىغان ئەكسىيەتچىل سۆزلەر بايقالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل قىلغان. ئەمما "ستۇدېنتلار پەن – مەدەنىيەت جەمئىيىتى"نىڭ ئاساسلىق كاتتىۋېشى دولقۇن، ۋارىس قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەيلا قالماستىن ئەكسىچە ئىشنى چوڭايتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى قوزغاتقان. 6 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىچە غۇلجىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، غۇلجىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان مىللىي باشلانغۇچ – ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى ھەم سۈرەتلىرىنى كۆرسەتكەن. 6 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۇلار يەنە ئادەم تەشكىللەپ مەكتەپ مۇدىرىغا ھۇجۇم قىلغان. 6 – ئاينىڭ 15 – كۈنى مەركىزىي "جەمئىيەت"نىڭ دائىمىي ھەيئىتى مەخمۇتجان قاتارلىقلار "مىللىي كەمسىتىشكە ئېتىراز بىلدۈرۈش يىغىلىشى" دېگەن پىلاكاتنى كۆتۈرۈپ، تەشۋىقات ھەيئىتى مەتسېيىت 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ ھاجەتخانىنىڭ ئەكسىيەتچىل سۆزلەر يېزىلغان ئىشكىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىققان. 6 – ئاينىڭ 16 – كۈنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىمۇ ئوخشاش باھانە بىلەن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغان. 6 – ئاينىڭ 18 كۈنى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدىكى ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ تاماق باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى باھانە قىلىپ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى كوللېكتىپ ھالدا تاماق يېمەسلىككە قوزغاتقان. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق ھەرىكەتتە ئوقۇغۇچىلار "چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرايلى"، "مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرايلى"، "مىللەتلەر باراۋەرلىكى ياشىسۇن"، "دېموكراتىيە ياشىسۇن"، "ئەركىنلىك ياشىسۇن" دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە "خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى"، "خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشى تۇرايلى" دېگەندەك شۇئارلارنىمۇ توۋلىغان.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا – ئارقىدىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىسى، پىلاكات ۋە چوڭ – كىچىك خەتلىك گېزىتلەر مەيدانغا كېلىپ، مىللىي "مۇستەقىللىق"نى، "مىللىي ئارمىيە" قۇرۇپ "خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ

چىقىرىش"نى ئاشكارا تەرغىب قىلغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "15 – ئىيۇن" ۋەقەسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئاپتونوم رايوننىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان بىر قېتىملىق نامايىش قىلىپ چاتاق چىقىرىش ۋەقەسى بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىرى پەيدا قىلغان.

"15 – ئىيۇن" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دەرھال ئادەم تەشكىللەپ مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ۋەقەنى ناھايىتى تېزلا بېسىقتۇرغان. ھەرقايسى مەكتەپلەر ناھايىتى ئاز ساندىكى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە غوللۇق ئۇنسۇرلارنى مەكتەپ قائىدە – تۈزۈمىگە ئاساسەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ۋەقەنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان ناچار تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆچ تەشكىللەپ، تۈرلۈك خاتا پىكىرلەرگە قارىتا پاكىت قويۇپ قائىدە سۆزلەپ، ئۇلارغا كەسكىن رەددىيە بەرگەن.

## 3. كونا مەسىلە ۋە يېڭى يۈزلىنىش

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا شىنجاڭدا جەمئىي ئالتە قېتىم ۋەقە يۈز بەرگەن. بۇ ئالتە قېتىملىق ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن رايونىدىن قارىغاندا، تۆت قېتىملىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئىككى قېتىملىقى شىمالىي شىنجاڭدا كۆرۈلگەن. خاراكتېرىدىن قارىغاندا، بىر قېتىملىقى توپىلاڭغا، بەش قېتىملىقى سىياسىي پاراكەندىچىلىككە مەنسۇپ بولغان. ئىلگىرىكى تىنچ ئۆتكەن ئون يىلغا سېلىشتۇرغاندا بۇ مەزگىلدە ۋەقەلەر ھەقىقەتەن كۆپ يۈز بەرگەن. ئۇنداقتا بۇ ئەھۋالغا قانداق قاراش كېرەك ؟ بۇ ۋەقەلەر نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ تۆۋەندە بىز بۇنى تەھلىل قىلىپ باقايلى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر قېتىم توپىلاڭ ۋە ئۈچ قېتىم مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن. 1981 – يىلدىكى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى قوراللىق توپىلاڭنى "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" قوزغىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەشكىللەنگەن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان. كاتتىۋېشى زىيالىي ياشلار بولۇپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى ئۆز مەقسىتى قىلغان، قالغان ئۈچ قېتىملىق پاراكەندىچىلىك گەرچە ئوخشىمىغان سەۋەبلەردىن قوزغالغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىملىق ۋەقەدە مۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىك كۆرۈلگەن، يەنى پارتلىشى تېز، قوزغىلىشى كۈچلۈك، مەجبۇرلىنىپ، قايمۇقۇپ قاتناشقانلار كۆپ، كۆتۈرۈپ چىققان بۆلگۈنچىلىك بايرىقى روشەن، داۋاملاشقان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان. يەنە كېلىپ بۇ پاراكەندىچىلىكلەرمۇ "خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ"، "ئىسلام دۆلىتى" ياكى "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەنۇبىي

شىنجاڭدا بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن توپىلاڭ ياكى پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ تۈپ مەقسىتى بىردەك بولۇپ، تارىختىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن يىلتىزداش بولغان.

شىمالىي شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىككى قېتىملىق پاراكەندىچىلىكنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆرۈلگەن توپىلاڭ ياكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش شەكلىدىكى مالىمانچىلىق بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، بۇ ئىككى قېتىملىق مالىمانچىلىقنىڭ ھەممىسى مىللىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشكىللىك نامايىش قىلىش ۋەقەسى بولغان. ۋەقەنىڭ سەۋەبى ۋە پارتىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئالدىن پىلانلانغان، يوشۇرۇن تىزگىنلەنگەن بولۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان. جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ نىسبەتەن "قانۇنلۇق ۋاستە"نى قوللىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېخىمۇ زور ئالدامچىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان، يوشۇرۇن خەۋپىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىقلاردىن ئېشىپ كەتكەن. چاتاقچى ئوقۇغۇچىلار ھەر تەرەپتە ئالاقە باغلىغاندا ھەتتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئىش تېرىغان. پاراكەندىچىلىكتە ئوقۇغۇچىلار بۆلگۈنچىلىك شۇئارلىرىنى توۋلاشتىن سىرت، يەنە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي سىياسەت ۋە فاڭجېنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرغان. بۇ ئىككى قېتىملىق پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىدە، ئاتۇش، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا ئارقىدىن بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش، ئۈرۈمچىدىكى ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشۇش مەزمۇنىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ۋە پلاكاتلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە زور زەربە بەرگەن.

20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا يۈز بەرگەن بۇ پاراكەندىچىلىكلەردىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتى پەقەتلا ئۆزگەرمىگەن، يەنى ئۇ "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىسىنىڭ داۋاملىشىشى بولغان. ئەمما، بەزى يېڭى يۈزلىنىشلەرگە يەنىلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپلەپ قاتناشقان. بۇ پاراكەندىچىلىكلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يوشۇرۇن تىزگىنلىنىپ، بىۋاستە پاراكەندىچىلىككە قاتنىشىپ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار كەڭ ئالاقە باغلاپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ، ئىشنى ھەتتا ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەرگىچە كېڭەيتىپ، زور خەۋپ، كەڭ تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى دىنىي مائارىپ ساھەسىدىن دۆلەتنىڭ زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسىغا، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كونا زىيالىيلاردىن يېڭى دەۋردىكى يېڭى زىيالىيلارغا كېڭەيگەن.

ئىككىنچى، خۇسۇسىي (مەخپىي) دىنىي مەكتەپلەر مەسلىسى ئېغىرلاشقان. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق پاراكەندىچىلىكتىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكلەردىن قارىغاندا، خۇسۇسىي ۋە مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر بۇ پاراكەندىچىلىكلەردە خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. جۈملىدىن، پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى، غوللۇق ئۇنسۇرلىرى ۋە قاتناشقۇچىلىرىنىڭ خېلى كۆپى خۇسۇسىي ياكى مەخپىي دىنىي مەكتەپلەردە يېتىشىپ چىققان "تالىپ"لار بولغان. ئۇلار پاراكەندىچىلىكلەردە كۆپىنچە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان ھەم تېخىمۇ نۇرغۇن ياشلارنى قوزغاتقان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر بىر خىل مائارىپ تورىغا ئايلانغان، شۇنداقلا تەشكىللەش تورى، ئالاقە تورى ۋە تارقىتىش تورىغىمۇ ئايلانغان.

ئۈچىنچى، ياشلىشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن. مەيلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن ياكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ تالىپلىرى بولسۇن ھەممىسىلا 20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ياشلار بولغان. مەسىلەن، قەشقەردىكى "30 – ئۆكتەبىر" بۆلگۈنچىلىك پاراكەندىچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېنىقلىنىپ چىققان "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۈچقۇن پارتىيىسى"نىڭ 15 ئەزاسىنىڭ ھەممىسى 19 ياشتىن تۆۋەن ياشلار بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ "مۇستەقىل، ئۆزگە ئۆزى خوجا بولغان دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش"نى مەقسەت قىلغان. "30 – ئۆكتەبىر" ۋەقەسى يۈز بەرگەندە بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى تېزلا ئۇنىڭغا قول تىقىپ، تەشكىللەش ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەممە جايغا بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلاپ، كۈچىنىڭ بارىچە ئىشنى چوڭايتىپ ۋەقەنىڭ ئاساسىي پىلانلىغۇچىسىغا ئايلانغان. يەنە بۇ پارتىيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياشلار بولغانلىقتىن، ياشلارنىڭ بىلىمى چوڭقۇر بولمىغان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، پاراكەندىچىلىكتە ھەدەپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، پاراكەندىچىلىكنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن.

تۆتىنچى، كۆپلىگەن بۆلگۈنچى پارتىيىلەر مەيدانغا كەلگەن. بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قايتىدىن نۇرغۇن پارتىيىلەرنى قۇرۇشى بۇ مەزگىلدىكى بىر مۇھىم يېڭى يۈزلىنىش بولغان. بۇ مەزگىلدە "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" ۋە "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۈچقۇن پارتىيىسى"دىن باشقا، يەنە "تەڭرىتاغ قۇتقۇزغۇچىلىرى پارتىيىسى" قۇرۇلغان. بۇ پارتىيىنىڭ كەلتۈرگەن ئەمەلىي خەۋپى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئالامىتى باشقىچە بولغان. بۇ پارتىيە 1988 – يىلى 2 – ئاينىڭ 21 – كۈنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەركىن ئابدىرازاق باشچىلىقىدىكى بەش ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار قان بىلەن قەسەمىيات قىلىپ، پروگرامما بەلگىلەپ، پارتىيە بايرىقى لايىھىلەپ، تەرەققىيات پىلانىنى بېكىتىپ، تېزگىنەكلىك پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەن. ھەتتا ماقالە يېزىپ نەزەرىيىۋى

www.uyghurweb.net

سستېما بەرپا قىلىشقا تەييارلىق قىلغان. 1990 - يىلى قولغا چۈشكەن. بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە كاتتىۋىشى ئەركىن ئابدىرازاق ۋە بىر ئەزاسى كومپارتىيە ئەزاسى بولغان. بۇ ئەھۋال مائارىپتا مەۋجۇت بولغان بەزى رېئال مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېغىر بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بار بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەت، مائارىپ ئورگانلىرىغا، بەزىلىرى مۇھىم تارماقلارغا تەقسىم قىلىنغان. جۇملىدىن ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغان. ئەگەردە ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇلار تېخىمۇ زور، تېخىمۇ كەڭ تەسىر ۋە خەۋپ پەيدا قىلاتتى.

## 5 – باب

## خەۋپلىك كېڭىيىش

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش بىلەن چەت ئەلدىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىرى جانلىنىپ، تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ياكى ھەر تەرەپتىن يۆلەك ئىزدىدى، ياكى تارقاقلىقتىن بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى بارغانسېرى ئەدىتىپ، داۋالغۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتنى پارچىلاپ "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇش شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

### 1 – پاراگراف ئىچكى – تاشقى جەھەتتە بىرلىشىش

20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرى، بولۇپمۇ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، خەلقئارادىكى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ھەم غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىرىنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بارغانسېرى كۆپ خىللىشىپ، دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پائالىيەتلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى ۋە ماسلاشتۇردى.

#### 1. چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى گۇرۇھلار

1949 – يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ يېرىم ئەسىرلىك ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق هازىر چەت ئەلدىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى 60 نەچچىگە يەتتى. خەلقئارا كۆرۈنۈشى ۋە مەنبە مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار مۇنداق بەش گۇرۇهنى شەكىللەندۈرگەن:

(1) غەربىي ئاسىيادىكى ئەيسا گۇرۇهى. بۇ گۇرۇه ئاسالىقى تۈركىيىگە ماكانلاشقان، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ تارقالغان بولۇپ، "شەرقىي تۈركىستان مۇساپىرلار جەمئىيىتى"دىن شەكىللىنىپ چىققان. پائالىيەت ئىقتىدارى زور بولۇپ، مۇئەييەن خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىك تەسىرى بار.

1949 – يىلى 9 – ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇش هارپىسىدا، كونا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىدىن مەمتىمىن هەزرەت، ئەيسا قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق هىندىستانغا قاچتى هەم "كەشمىردە تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستان مۇهاجىرلىرى جەمئىيىتى"نى قۇردى. 1954 – يىلى بۇ تەشكىلات تۈركىيىگە كۆچۈپ، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بىر تۈركۈم "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىنى توپلاپ، "مۇهاجىرلار جەمئىيىتى" ئاساسىدا "شەرقىي تۈركىستان مۇساپىرلىرى پاراۋانلىق – هەمكارلىق جەمئىيىتى"نى قۇردى هەم مەمتىمىن هەزرەت رەئىس بولدى. 1964 – يىلى مەمتىمىن هەزرەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئەيسا ئۇنىڭ ئورنىدا رەئىس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەيسا تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن غەربىي ئاسىيادىكى مۇهاجىر ئۇيغۇرلارنى بار كۈچى بىلەن توپلاپ، داۋاملىق هالدا هەر خىل ناملاردىكى نۇرغۇن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، شۇنداق قىلىپ غەربىي ئاسىيادا ئەيسا باشچىلىقىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك گۇرۇهى تەدرىجىي شەكىللەندى. 1972 – يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى ب د ت دىكى قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگو – ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئەيسا گۇرۇهى بىر مەهەل ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەپ، بۆلگۈنچىلىك مۇقامىنى پەسەيتىپ، "ئايرىلىپ چىقماسلىق هەم بېسىمغا ئۇچرىماسلىق" شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلار غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشىدا يەنە قايتىدىن "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى" نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۆلگۈنچىلىكنى قايتا جانلاندۇردى. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئۇلار بۆلگۈنچىلىكنىڭ پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، "شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش هەرىكىتى بىر يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى،

www.uyghurweb.net

2000 – يىلى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز" دەپ ۋالاقشىدى. بۇنىڭدا كۆرۈلگەن بەزى ئەھۋاللار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، بۇ تەشكىلات يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يىغىدىن قوبۇل قىلدى. بۇلار دۆلەت ئىچىدە ئالىي تەربىيە ئالغان، بەزىلىرى ئىنگلىز، رۇس تىللىرىغا پىششىق، ياش ھەم شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇپ، خېلى كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بار. 1993 – يىلى 3 – ئايدا، ئەيسا گۇرۇھى بۇ ياشلارنى ئاساس قىلىپ "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى دېموكراتىك ئىتتىپاقى"نى قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك سالمىقىنى زورايتتى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇپلا دەرھال كۆپ تەرەپلىمە بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنى يولغا قويدى. بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى جەھەتتە، شۇ يىلى 6 – ئايدا ئۇيغۇرچە "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى" گېزىتىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۆلگۈنچىلىك ۋاستىسى جەھەتتە، تېررورلۇق ۋە پارتلىتىش پائالىيەتلىرىنى پىلانلاپ يولغا قويدى. ئەمما، "ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى"نىڭ ئارىلىشىشى ھەم تەشكىلات ئىچىدىكى خىيانەتچىلىك سەۋەبىدىن، بۇ تەشكىلات 1994 – يىلى 2 – ئايدا پارچىلىنىپ كەتتى.

ئىككىنچى، يىغىدىن يېتىشىپ چىققانلار ئاساسىي جەھەتتىن بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندى. 1995 – يىلى 12 – ئايدا ئەيسا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، بۇ گۇرۇھنىڭ ئىچىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئاقىۋەتتە ئەسلىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى دېموكراتىك ئىتتىپاقى"نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات باشچىلىقىدىكىلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىتتىپاقى"نى قۇرۇپ، قارىمىقىدا سىياسىي بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت ئىچى خىزمىتى بۆلۈمى، ئۇيغۇر – تىبەت – موڭغۇللارنى ماسلاشتۇرۇش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرنى تەسىس قىلىپ، ئەيسانىڭ ئوغلى ئەركىننى رەئىس قىلدى. گەرچە بۇ گۇرۇھ نۆۋەتتە يەنىلا يىغىۋاشتىن تەشكىللىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، جۇملىدىن يىغىدىن يېتىشىپ چىققان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئەركىن، پەرھات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەيسا گۇرۇھى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى ئەڭ بۇرۇنقى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بولۇپ، پائالىيەت ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، تەسىرى ئەڭ زور. نۆۋەتتە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى – كەينىدە چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بۆلگۈنچىلەر تەدرىجىي رەھبەرلىك قاتلىمىدىن چېكىنگەن بولسىمۇ، يىغىدىن يېتىشىپ چىققان رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئەسلىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن باشقا، يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەلگە قېچىپ چىققان نۇرغۇن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بار. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئەيسا

گۇرۇھى ئىچىدىكى شىنجاڭدىن چەت ئەلگە قېچىپ چىققان ياشلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان خەۋپى ئىنتايىن زور.

تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى نەچچە ئون بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى "شەرقىي تۈركىستان مۇساپىرلىرى پاراۋانلىق – ھەمكارلىق جەمئىيىتى" (يەنە "شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، "شەرقىي تۈركىستان – تىبەت – مۇڭغۇل مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى"، "شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت جەمئىيىتى"، "شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان – قازاق فوندى جەمئىيىتى"، "شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللىي سەپ كومىتېتى"، "شەرقىي تۈركىستان خەير – ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى"، "شەرقىي تۈركىستان مۇساپىرلىرى پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى"، "شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"، "ئەيسا فوندى جەمئىيىتى"، "شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى"، "شەرقىي تۈركىستان مىللىي پارتىيىسى"، "ئىسلام ئۆكتىچى پارتىيىسى"، "ئۇيغۇر ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى" قاتارلىقلاردۇر.

(2) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدا پەيدا بولغان. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان. ھازىر 20 دىن ئارتۇق.

20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىنىڭ بېشىدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا توپلىنىشقا باشلىدى. 1962 – يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانلىغان "ئىلى – چۆچەك ۋەقەسى"دە نۇرغۇن ئۇنسۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. كېيىن يەنە بەزى ئۇنسۇرلار قېچىش ئارقىلىق ياكى قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى. 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ماكان تۇتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ قوللىشىدا ھەدەپ جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تەشكىلاتلار دەسلەپتە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كۈچى تارقاق ، تەسىرى بار داھىيلىرىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، كۆپ يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق كېيىن تەدرىجىي يۇسۇپ مۇخلىسوف ۋە قەھرىمان غوجامبەردىيوف باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ تەشكىلاتلار بىر مەھەل ئىنتايىن ئەسەبىيلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا

www.uyghurweb.net

ناھايىتى زور خەۋپ يەتكۈزدى. دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" مېخانىزمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەت كۆپ قېتىم دۆلىتىمىزگە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز تەۋەسىدە جۈڭگوغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى خېلى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئەمما شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى يەنىلا پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 20 دىن ئارتۇق "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنىڭ كۆپىنچىسى 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى "شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا كومىتېتى"، "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى"، "ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى"، "ئۇيغۇر خەلقئارا ئىتتىپاقى" ۋە "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي بىرلىك سېپى" قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە "ئۇيغۇر خەلقئارا ئىتتىپاقى"نىڭ تەسىرى ئەڭ زور. بۇ تەشكىلات 1992 – يىلى 1 – ئايدا قۇرۇلغان، شۇ يىلى 9 – ئايدا قازاقىستان ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن قانۇنلۇق ئىجتىمائىي – سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلانغان. قارمىقىدا سىياسىي، مالىيە، تاشقى ئالاقە، مەدەنىيەت – تەشۋىقات، دىن ۋە ياشلار خىزمىتى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، "ئۇيغۇر ئاۋازى" گېزىتىنى چىقىرىدۇ. مەقسىتى "ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا تەڭداشسىز ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش"تىن ئىبارەت.

(3) جەنۇبىي ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن ئىلگىرى جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىرقەدەر ئاز، كۆلىمى كىچىك، ھېچقانچە تەسىرى يوق ئىدى. ئەمما بۇ رايوندا ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ يامان سۈپەتتە يامرىشىغا ئەگىشىپ بۇ رايون ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر، خەلقئارا تېرروروچىلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر پائالىيەت قىلىدىغان بىر يېڭى مەركەزگە ئايلاندى. خەلقئارادىكى ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر ۋە تېرروروچى كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى قايتا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ قوراللىنىش ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىش يۈزلىنىشى تېز كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بىلەن ئاسانلا ئالاقە باغلاپ، تەردىرجىي ھالدا شىنجاڭغا ئىنتايىن خەۋپ يەتكۈزىدىغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ رايوندىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىچىدە

www.uyghurweb.net

ئەك غالجىرلاشقىنى ھەسەن مەخسۇم ۋەكىللىكىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى"دىن ئىبارەت.

بۇ رايوندىكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئاساسلىقى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" (يەنە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، "شەرقىي تۈركىستان ياشلار پارتىيىسى"، "تۈرك پارتىيىسى" قاتارلىقلاردۇر.

(4) غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشىدا قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن ئىلگىرى غەربتىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر كىچىك، تەسىرى چەكلىك ئىدى. ئەمما، 1983 – يىلى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنى قوللىغاندىن كېيىن، ئۇلار نيۇيوركتا "شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى"نى قۇرۇپ، قالغان 21 شتاتتا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەسىس قىلىپ، غەربتىكى بىرقەدەر چوڭ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىغا ئايلاندى. گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، شۋېتسىيە ۋە شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. غەربتىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، ئۇلار تولىمۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، بەزىلىرى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى، بەزىلىرى ئىلىم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ پائالىيەت قىلىدىغان ئەنگلىيە، گېرمانىيىنىڭ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، بەزىلىرى "پىسخىكا ئۇرۇشى" قىلىدىغان رادىئو – تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، بەزىلىرى مۇھاجىرلىق تونىغا ئورۇنىۋېلىپ پائالىيەت قىلىدىغان ئەل ئىچىدىكى تەشكىلاتلاردۇر. بۇ تەشكىلاتلار ياكى شىنجاڭنىڭ ئىچى – سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەپ بېتەكلەيدۇ، ياكى ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە ئاساس تېپىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدۇ ۋە ياكى "پىسخىكا ئۇرۇشى" قىلىپ بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىدۇ. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، غەربتىكى بۇ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى شۇ جايلاردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۈچىنى كېڭەيتىپ، "سەرگەردان ھۆكۈمەت" دېگەندەك بىرلەشمە تەشكىلات قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ تېخىمۇ بەك قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئىستىدى.

ھازىر غەربتىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى 20 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى "شەرقىي تۈركىستان مىللەتلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى"، "دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى"، "ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ئىتتىپاقى"، "شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى"، "ئامېرىكا ئۇيغۇر ئىتتىپاقى"، "ياۋروپا ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىك سېپى"، "شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى"، "ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان

جەمئىيىتى"، "ئەنگلىيە شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى"، "شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى" ۋە "ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى" قاتارلىقلاردۇر. ۋەكىللىك شەخسلىرى ئەركىن، ئەنۋەرجان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(5) باشقا رايونلاردىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلاردىن سىرت، باشقا رايونلاردىمۇ شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرى بار. مەسىلەن، رۇسىيىدىكى "سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە چەت ئەلدىكى قېرىنداشلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى" (قىسقىچە "ۋەتەنداشلار جەمئىيىتى" دېيىلىدۇ) 20 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرىدا قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتى بولۇپ، باش شتابى رۇسىيە پايتەختى موسكۋادا تەسىس قىلىنغان. باش مۇددىئاسى شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلات 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىن كېيىن ك گ ب بىلەن بىرلىشىپ، كۈچىنىڭ بارىچە جاسۇسلۇق ۋە شىنجاڭنى بۆلۈش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا تارماق ئاپپارات تەسىس قىلغان بولۇپ، رۇسچە "ۋەتەن ئاۋازى" نامىدىكى رادىئو ئىستانسىسى ۋە "ۋەتەن ئاۋازى" دېگەن گېزىتى بار.

رۇسىيىدە يەنە "ۋەتەن ئۇچقۇنى" نامىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىمۇ بولۇپ، 1994 – يىلى قۇرۇلغان. باش شتابى رۇسىيە پايتەختى موسكۋادا تەسىس قىلىنغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ شىنجاڭدا 27 مەخپىي تارماق ئاپپاراتى بولۇپ، ئەزالىرى دائىم دۆلەت ئىچى – سىرتىدا قاتناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە "ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەر پىدائىيلىرى قوماندانلىق شتابى"مۇ بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل موسكۋادا جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ مىسىردىمۇ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلاھات پارتىيىسى" دەيدىغان بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بولۇپ، باش شتابى مىسىرنىڭ ئىسلامىيە شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. رەئىسى 1990 – يىلىدىكى بارىن توپىلىڭىدا توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر ئابلىكىمخان.

## 2. پائالىيەت ئالاھىدىلىكى

چەت ئەللەردىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى چوڭراق تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، خادىملىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق، يادرولۇق ئورگىنى ۋە قوشۇمچە ئورگانلىرى بار، مەبلەغ تېپىش يولى كاپالەتكە ئىگە، پائالىيىتى كۆپ، كۈچى خېلىلا زور. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىكى بۇ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىدا تەدرىجىي ھالدا بەزى خېلىلا روشەن پائالىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى.

www.uyghurweb.net

(1) قۇدرىتىنىڭ يېتىشچە ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۇردى. يېڭى ۋەزىيەتتە بۆ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى دۆلىتىمىز بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتە قانۇنلۇق ئورۇنغا ئېرىشىشنى پائال ئىستەپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەۋجۇتلۇق ئاساسى قىلدى. جۈملىدىن غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە غەربىي ئاسىيادىكى ئەيسا گۇرۇھى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "ئۇيغۇر خەلقئارا ئىتتىپاقى"مۇ قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولدى.

(2) تارقاقلىقتىن توپلىنىپ بىرلەشتى. خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئاسانراق ئېرىشىش ئۈچۈن بۆ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەتنى يوقىتىپ، دۆلەت، مىللەت ۋە دىنىي مەزھەپلەردىن ھالقىغان ھالدا مەركەزلىشىشكە ۋە بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

(3) شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار خەلقئارادىكى بەزى تەشكىلاتلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا، يەنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارا مەسىلىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىلىم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خەلقئارادا تەسىر پەيدا قىلىپ، كۆپ قېتىم "شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى" خەلقئارالىق يىغىنىنى ئېچىپ، تۈرلۈك ئاتالمىش ئىلمىي ماقالىلەر، مەخسۇس ئەسەرلەر، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆپ خىل يېزىقلارغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىپ تەسىرىنى كېڭەيتتى ياكى غەربتىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ مۇقامىغا جور بولۇپ، "كىشىلىك ھوقۇق" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، غەربنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى ئۈمىد قىلدى ۋە ياكى دالاي لامانى دوراپ "سەرگەردان ھۆكۈمەت" قۇرۇپ، بۆ "رېئال پاكىت" ئارقىلىق خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

(4) ئەسەبىي زوراۋانلىققا ۋە قوراللىق كۈرەشكە يۈزلەندى. ئۇلار ئەسەبىي زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، قوراللىق كۈرەش ياكى تېررورلۇق ئارقىلىق شىنجاڭنى بۆلۈشكە ئۇرۇندى. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن ئىلگىرى چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا "مەدەنىيەت جەھەتتە ھۇجۇم قىلىپ"، دىن، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن بولسا، ئۇلار "شەرقىي تۈركىستاننى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئۈمىدى بارغانسېرى يوقالدى" دەپ قاراپ، "قوشۇن قۇرۇپ قوراللىق كۈرەش قىلىش"نى قارار قىلدى. ئۇلار ھەربىي تاياقچىلارنى تەربىيىلەپ، شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە قورال – ياراغ يۆتكىدى. ھەتتا شىنجاڭدا ئۈزلۈكسىز زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي

بىرلىك سېپى" ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئەڭ زور "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بولۇپ، باش شتابى قازاقىستاندا تەسىس قىلىنغان. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن بۇرۇن شىنجاڭنى بۆلۈشنى ئۆز پروگراممىسىنىڭ ماھىيىتى قىلغان بولسىمۇ، ئاساسلىقى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ئارقىلىق "مەدەنىيەت جەھەتتە ھۇجۇم قوزغىغان". 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن بولسا، تەدرىجىي تېرروررلۇق، زوراۋانلىقنى ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى قىلغان. بولۇپمۇ 2000 – يىلى بۇ تەشكىلات يېڭى سىياسىي پروگراممىسىنى ماقۇللاپ، "قوراللىق كۈچ ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھازىرقى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش"نى ئاشكارا تەشەببۇس قىلغان ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا "شىنجاڭنىڭ ئىچى – سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوراللىق كۈچ قۇرۇش"، "پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، بانكا بۇلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇش"نى تەرغىب قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسەبىي تېرروررلۇق يولىغا مېڭىشقا باشلاپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇمچى ۋە غۇلجىدا بىر قاتار پارتلىتىش، پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان. 2000 – يىلدىن كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى كۆپ قېتىم: "بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك پاراكەندىچىلىك قوزغاپ، جۇڭگو دائىرىلىرىگە بېسىم چۈشۈرىمىز" دېگەن، ھەتتا: "ناۋادا غەلىبە قىلالمىساق ئۇنداقتا پۈتۈن مىللەت بويىچە قۇربان بولىمىز" دەپ ۋالاقشىغان.

يەنە "يېڭى ھايات" تەشكىلاتىمۇ مۇشۇنداق تەشكىلات بولۇپ، باش شتابى قازاقىستاندا تەسىس قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆتۈرۈلگەن مىللىي مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ئايرىمىلىق دولقۇنىدا، چەت ئەلدىكى بەزى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇۋاتقان ئاتالمىش 53 "سەرگەردان" بىرلىشىپ، "ۋەتەن سىرتىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش"نى مۇراجىئەت قىلغان ھەم كۈچ توپلاپ 1997 – يىلى بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان. بۇ تەشكىلات ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن يېڭى يېتىشىپ چىققانلارنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئەسەبىي تېرروررلۇق ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھۆكۈمىتىمىز ۋە ئارمىيىمىز ئىچىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇر رەھبەرلەر ھەم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئاتالمىش "ئۇيغۇر مۇناپىق"نى تازىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تەشكىلات پىلان تۈزۈپ، چېگرا ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

www.uyghurweb.net

(5) چەت ئەلدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتتى. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەل خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش بولدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا تويلانغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولدى. مەسىلەن، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەسەن مەخسۇم بىن لادىننىڭ بازا تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى ئافغانىستاندىكى بازىلاردا تەربىيىلىنىپ ھەم خەلقئارا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىكى خەلقئارا تېررورىزمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بولسا شۇ جايدىكى ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئەسەبىي دىنىي ھەرىكەتلەر ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بولۇپمۇ "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي بىرلىك سېپى"، "ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى" ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "ھىزبۇت تەھرىر" تەشكىلاتىنىڭ بىرلىشىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولدى. "ھىزبۇت تەھرىر" تەشكىلاتى ۋە "ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى" ئىسلام ئەللىرىدىكى "ئازادلىق پارتىيىسى" 1953 – يىلى تەشكىللەنگەن، ئاپپاراتلىرى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تارقالغان، 1992 – يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. 1995 – يىلى ئۆزبېكىستاندا "ئازادلىق پارتىيىسى" قۇرۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئارقا – ئارقىدىن قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي بىرلىك سېپى"، "ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى" زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇلار دىنىي شىنجاڭنى بۆلۈشتىكى قورال قىلىپ، "ئىسلامنى قوغداش، كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي كۈچەيتىش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق شىنجاڭدا تېخىمۇ كەسكىن بۆلگۈنچىلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. يېقىندىن بۇيان ئۇلار چېگرا ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىكنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بەزى تەشكىلاتلارنى، مەسىلەن "ۋەتەن يۇلتۇزى"، "لوپنۇر يولۋىسى"، "قارىقات"، "كۆك بۆرە" دېگەندەك تەشكىلاتلارنى قۇردى.

## 3. بىرلىشىش ۋاستىسى ۋە سىڭىپ كىرىش لىنىيىسى

شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ گەرچە بايرىقى ھەر خىل، سىياسىي تايانچى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما مەقسىتى بىردەك، يەنى ھەممىسى شىنجاڭنى جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئەسكىلىك قىلىپ،

www.uyghurweb.net

شىنجاڭنى بۆلۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ دۆلەت ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسى ۋە لىنىيىسىنى بېكىتكەن.

(1) ئاساسىي بىرلىشىش ۋاستىسى. چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاساسىي بىرلىشىش ۋاستىسى مۇنداق:

بىرىنچى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى. دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئەڭ ئاۋۋال ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىرلىكنى قولغا كەلتۈردى، يەنى "شەرقىي تۈركىستان" ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كېڭەيتىشنى كۈچەيتتى. بۇ تەشۋىقاتلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى: تۈركىي مىللەتلەر ئەلالىقى نەزەرىيىسى، "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى"، "خەنزۇلار تاجاۋۇزچىلىقى نەزەرىيىسى" ۋە پانتۈرك ئورتاق گەۋدىسى نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. تەشۋىقات مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ئاپپارات تەسىس قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى كىتاب – ژۇرنال ۋە ئۈن – سىن بۇيۇملىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز شىنجاڭغا كىرگۈزدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1983 – يىلىدىن 1989 – يىلىغىچە قەشقەر تاموژنىسىلا قونجىراپ ئېغىزىدا 92 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئەكسىيەتچىل كىتاب – ژۇرنالنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالغان. بەزى ئاپپاراتلار شىنجاڭدىكى بەزى تەسىرى بار ژۇرناللارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، بەزى يازغۇچىلارنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئارقىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان.

ئىككىنچى، جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى ۋە "پسىخىكا ئۇرۇشى" قىلدى. چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلاردا مەخسۇس رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە ۋە خەنزۇچە قاتارلىق تىللاردىكى ئاڭلىتىش ئارقىلىق جۇڭگوغا قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ھەدەپ "پسىخىكا ئۇرۇشى" قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ۋە "پسىخىكا ئۇرۇشى" قىلىشتىكى مەقسىتى، بىرىنچىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈشۈپ، دەبدەبە قوزغاپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۇلار چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ھەر ۋاقىت دۆلەت ئىچىگە بىلدۈرۈپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تويلىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى پىششىقلاپ تارقىتىپ تەسىرنى كېڭەيتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاممىۋى ئاساسنى زورايتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ دىنىي كەيپىيات قويۇق ھەم چەت، يىراق رايونلاردىكى رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

www.uyghurweb.net

ئۈچىنچى، خەلقئارادا زور بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. ئۇلار تۈرلۈك مەدەنىيەت – تارىخ خەلقئارا يىغىنلىرىنى ئېچىشنى باھانە قىلىپ، كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە بايانامە ئېلان قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى" ھەققىدە جار سېلىپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئىستىدى.

تۆتىنچى، ئانچە – مۇنچە خەيرخاھلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە تارتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئازدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ خادىملىرىنى ۋە چەت ئەلگە تۇغقان يوقلىغىلى، ھەج قىلغىلى چىققانلارنى ھەدەپ ئازدۇردى ھەم سېتىۋالدى.

بەشىنچى، جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ، ئاخبارات ئىگىلىدى. ئۇلار تۇغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش ۋە زىيارەت قىلىش نامىدا شىنجاڭغا جاسۇس ئەۋەتىپ ئاخبارات توپلىدى ھەم كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتتى.

ئالتىنچى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىپ، شىنجاڭنى بۆلۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزدى. مەسىلەن، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىنىڭ ئالدىنقى ئالتە يىلىدا شىنجاڭ تاموژنىسى ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بەش يۈز نەچچە خىل دىنىي كىتابنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن مەسچىت سېلىش ۋە مەخپىي دىنىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. مەسىلەن، تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىنىڭ بېشىدا چېگرا سىرتىدىكىلەر ئۈچ مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىپ، 2493 مەسچىتنى يېڭىدىن سالغان ۋە رېمونت قىلغان، مىڭغا يېقىن مەخپىي دىنىي مەكتەپ قۇرغان. يەنە تەربىيىلىسە ئىستىقبالى بار دەپ قارىغان ياشلارنى تاللاپ چەت ئەللەردىكى دىنىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلارنى كونا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە "غازات"نى تەرغىب قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش كەيپىياتىنى قۇتراتتى.

(2) سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسى ۋە لىنىيىسى. چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى رېئاللىق، تارىخ ۋە رايون سىياسىيسى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئويلىشىپ جەنۇب، غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرىپتىن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇلار تارىختىن روھىي مەدەت ئېلىشنى خىيال قىلىپ، ھازىرقى مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ مەۋجۇتلۇق ۋە پائالىيەت ماكانىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، يايسىمان سىڭىپ كىرىش چەمبىرىكى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش لىنىيىسى جەھەتتە چەت ئەلدىكى تېررورچى تەشكىلاتلار تەدرىجىي ئۈچ لىنىيىنى شەكىللەندۈردى. يەنى جەنۇب تەرەپتە پاكىستاندىن

www.uyghurweb.net

شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغا سىڭىپ كىردى ؛ غەربىي جەنۇب تەرەپتە پەرغانە ئويمانلىقىدىن شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىغا سىڭىپ كىردى ؛ غەربىي شىمال تەرەپتە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتادىن شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ ئۈچ لىنىيەدىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئىچىگە تۇتىشىدىغان يوللار ۋە ئېغىزلار بار. ئالايلۇق، جەنۇب تەرەپتە پاكىستانغا تۇتىشىدىغان قونجىراپ ئېغىزى بار. بۇ يەردىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئافغانىستانغا بارغىلى بولىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرەپتە قىرغىزستانغا تۇتىشىدىغان تورغات ئېغىزى بار. بۇ يەردىن ئوڭۇشلۇق ھالدا پەرغانە ئويمانلىقىغا كىرگىلى، قىرغىزستان، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغىلى بولىدۇ. غەربىي شىمال تەرەپتە قازاقىستانغا تۇتىشىدىغان قورغاس ئېغىزى بار. بۇ يەردىن بىۋاستە قازاقىستانغا بارغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ لىنىيەلەر ۋە ئېغىزلار يەنە ئاۋات سودا لىنىيىلىرى ۋە ئېغىزلىرى بولۇپ، چېگرىدىن كىرىپ – چىقىش ئاسان. شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىنىڭ زور كۆپ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا ئالاقىسى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ خېلى كۆپى دۆلەت ھالقىغان مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما، بۇ يەنە " شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىپ – چىقىشىغا قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، بۇ لىنىيەلەر ئايرىم – ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، بۇ رايونلار 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە خەلقئارا تېررورچىلار، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

تارىختىن قارىغاندا، بۇ ئۈچ لىنىيىنىڭ يەنە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيىتى بار. تارىختا 19 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى، 1933 – يىلىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"، شۇنداقلا 1949 – يىلىدىكى مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا قاتارلىق كونا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىن قېچىشىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي لىنىيە بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ تاجاۋۇزچىلار، بۆلگۈنچىلەر مۇشۇ لىنىيە ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، سودا ۋە خادىم جەھەتتىكى قوللىشىغا ھەم ياردىمىگە ئېرىشكەن. غەربىي جەنۇب لىنىيىسى بولسا تارىختىي بۆلگۈنچىلىك مەنبەسى بولۇپ، چېك سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ – كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەل قوقاننى ماكان تۇتۇپ كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن. ياقۇپبەگمۇ قوقاندىن شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. تارىختىكى قوقان دەل پەرغانە

www.uyghurweb.net

ئويمانلىقىدۇر. غەربىي شىمال لىنىيىسى بولسا 1944 – يىلىدىكى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ بەرپا بولغان جايىدۇر. شۇڭا، چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى تازا باش قاتۇرۇپ مۇشۇ "ئەنئەنە" دىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك چۇشىنى قايتا كۆرمەكچى بولغان.

رايون سىياسىيسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ لىنىيە تۇتىشىدىغان چېگرا جايلارنىڭ ئىچى – سىرتىنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ، چېگرىغا يېقىن بولغانلىقتىن دىنىي كەيپىياتى ناھايىتى قويۇق. ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇشىدا نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلار بار. يەر شەكلىمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. چېگرا سىرتىدىكى رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەنۇبىي لىنىيىدىكى پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن ئەمما، پاكىستاندىكى سىياسىي، دىنىي ۋە قەبىلىۋى مۇناسىۋەت مۇرەككەپ. پاكىستاندىكى قەبىلىلەرنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، سىياسىي تەسىرى چوڭقۇر. يېرىم ئەسىردىن بۇيان پاكىستاننىڭ سىياسىيسى داۋالغۇپ تۇرغانلىقتىن قەبىلىلەر خىلمۇ خىل قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇۋالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئافغانىستاننىڭ مىللەت ۋە دىن جەھەتتە ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئافغانىستاندىكى خەلقئارا تېررورچىلار ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ پاكىستانغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرى بۇ يەر ئاساسەن خەلقئارا تېررورىزمنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان. پاكىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كەشمىر شىنجاڭ بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يېرىم ئەسىر بۇرۇن قالدۇرۇپ قويغان تارىخىي مەسىلە بولۇش سۈپىتىدە ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۇ جاينى تالىشىپ نەچچە ئون يىلدىن بېرى نەچچە قېتىم قوراللىق توقۇنۇشتى. يەنە كېلىپ بۇ يەردىكى بۆلۈنمىچىلىك ھەرىكىتى دىنىي ئەسلىيەتچىلىك ۋە تېررورلۇق تۈسىنى ئېلىپ، بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى، كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. غەربىي جەنۇبىي لىنىيىدىكى پەرغانە ئويمانلىقى بولسا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بىرلا تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ رايوندىكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاننىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، ئاھالىسى زىچ، ئىقتىسادى قالاق، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئېغىر، ئىسلام ئەنئەنىۋى كۈچلىرىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ يەر دەل "باسمىچىلىق" ھەرىكىتىنىڭ ئۇۋىسى بولغان. 20 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دىنىي ئەسەبىيلىك، تېررورلۇق ۋە مىللىي بۆلۈنمىچىلىكنىڭ "ئۈچىقى"نغا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزلۇكسىز داۋالغۇش پەيدا قىلغان. شىمالىي لىنىيىدە بولسا شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى بىلەن قازاقىستان بىۋاسىتە چېگرىلىنىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر خىل مۇرەككەپ ۋازىيەت شەكىللەنگەن. يەر شەكلىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەرنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، كىرىپ – چىقىدىغان يوچۇقلار

كۆپ، تاشيول، تۆمۈر يول بىلەنلا ئەمەس، يەنە ھاۋا يولى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ يولى ئارقىلىقمۇ قاتنىغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئالمۇتا ئوبلاستىدىكى ئاھالىلەرنىڭ خېلى كۆپى بۇرۇن شىنجاڭدىن چىققان كۆچمەنلەر بولۇپ، چېگرا ئاتلىغان بۇ مىللەتلەر چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىپ كەلدى. ئەمما، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشنى كۈچەيتىشنى باشتىن – ئاخىر ئۆزگەرمەس پرىنسىپ قىلدى. دەل مۇشۇ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىرىدە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ئەدىدى.

## 2 – پاراگراف تەدرىجىي ئەدەش

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئەشەددىي مىللىي ئاڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ئېزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى سىڭىپ كىرىش ۋە ئازدۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى تەرغىب قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى ئەۋج ئېلىپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇقنى ئاساسىي شەكىل قىلغان يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى.

### 1. بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىرىنىڭ تېزلىكتە كۆپىيىشى

بۇرۇنقى شىنجاڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىچىدە، 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 70 – يىللىرىنىڭ بېشىدىكى "شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى"، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىكى "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" ۋە "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلىرى ئۈچقۇن پارتىيىسى" دىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تارقاق، تەشكىلسىز ھالەتتە ئىدى. ھالبۇكى 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكى تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىرى جىددىي كۆپەيدى. ئاتالمىش بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان، ئەمما ئېنىق پروگراممىسى بولمىغان شايكىلارنى، بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى بولسا ھەم بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەم بۆلگۈنچىلىك پروگراممىسى بولغان تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. 20 – ئەسىرنىڭ 90 –

www.uyghurweb.net

يىللىرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ 1990 – يىلىدىن 1995 – يىلىغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىل 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيانقى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋج ئالغان باسقۇچى بولدى ؛ ئىككىنچى باسقۇچ 1997 – يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدىكى مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى چۆرىدەپ، غالجىرانە ھەرىكەت قىلىپ ئەۋجىگە چىقتى ؛ ئۈچىنچى باسقۇچ 1999 – يىلىدىن كېيىنكى مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پائالىيەت شەكلى تېخىمۇ كۆپ خىللاشتى.

1990 – يىلىدىن 1995 – يىلىغىچە بولغان بىرىنچى باسقۇچتا، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى ئەڭ جانلاندى. شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى، بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە بۆلگۈنچىلىك شايكىسىدىن 109نى بىتچىت قىلدى، بۇنىڭغا چېتىلغانلار مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1990 – يىلى 14 ى، 1991 – يىلى ئۈچى، 1992 – يىلى 21 ى، 1993 – يىلى 22 سى،1994 – يىلى 17 سى، 1995 – يىلى 32 سى بىتچىت قىلىندى. بۇ ئالتە يىلدا بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى، بۆلگۈنچىلىك شايكىلىرى دېلولىرى بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي يۈزلىنىشى يەنىلا كۆپىيىش بولدى. 1992 –، 1993 – يىللىرى بۇنداق دېلولار داۋاملىق كۆپەيدى. 1995 – يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى جامائەت پەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى 32 بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە شايكىسى دېلوسىنى پاش قىلدى. بۇ 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە شايكىلىرى دېلوسى ئەڭ كۆپ پاش قىلىنغان بىر يىل بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

بۇ مەزگىلدىكى كۆپىنچە بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق شىنجاڭنى بۆلۈش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تۈرلۈك سىياسىي تۈس ئالغان پارتلىتىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ ھەم پەيدا قىلىپ، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى جىددىي كۆپەيتتى. 1990 – يىلىدىن 1995 – يىلىغىچە سىياسىي بۇزغۇنچىلىقنى مەقسەت قىلغان پارتلىتىش ۋە پارتلىتىشنى قەستلەش ۋەقەلىرىدىن 26 سى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تېررورلۇق پارتلىتىش ۋەقەسى 11، پارتلىتىش بومبىسى تاشلىغان، ئورۇنلاشتۇرغان ھەم مۇددەتلىك پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ئورناتقان بولسىمۇ پارتلىمىغان ياكى بايقاپ قېلىنىپ ۋاقتىدا ئېلىۋېتىلگەن ۋەقەلەر 15 بولدى. تۆۋەندە بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرىنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

(1) "شەرقىي تۈركىستان ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى" ("ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى زەربىدارلار ئەترىتى"نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ تەشكىلاتنى ئابدۇلكېرىم ئابدۇۋېلى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ كېرىم قارى دېيىلىدۇ) باش بولۇپ قۇرغان. ئۇ كۇچالىق بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇغان. تۇماقچىلىقنى كەسىپ قىلغان. 1990 – يىلى 8 – ئايدا قاغىلىقتىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئەركىن ئابدىرازاق، ھېمىت تالىپ قاتارلىقلارنى يىغىپ "تەشكىلات" قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشكەن ھەم ئەركىننى نەزەرىيە جەھەتتىن ئويلىنىشقا ئۈندىگەن. 1990 – يىلى 11 – ئاينىڭ 20 – كۈنى ئۇ يەنە ئادەملىرىنى توپلاپ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇشنى رەسمىي مۇزاكىرە قىلغان. ئەركىن تەشكىلاتنى "ئىسلام ئىسلاھات پارتىيىسى" دەپ ئاتاشنى بېكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىش تەقسىم قىلىشىپ، كېرىم قارى ئومۇمىي ئىشلارغا، ئەركىن سىياسىي نەزەرىيىگە، ئىدرىسخان ئىقتىسادقا، ھېمىت تالىپ ھەربىي ئىشلارغا، ئوسمان ھەربىي ياردەمچىلىككە مەسئۇل بولغان ھەم 1991 – يىلى 2 – ئاينىڭ 15 – كۈنى (يەنى "قۇرئان"نىڭ نازىل بولغان كۈنى) 1 – قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىشنى قارار قىلغان.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى"نىڭ باش مۇددىئاسى: "بۇ تەشكىلات (قۇرئان)نىڭ ئاستىغا مەھكەم ئۇيۇشقان، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خەلق دېموكراتىك تەشكىلاتى. ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىسلام دىنىمىزنى خالىغانچە بۇرمىلاۋاتقان، خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇۋاتقان، ۋەتىنىمىزدە چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان فاشىستلارچە سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەھۋالدا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلقلەر بىلەن كەڭ بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىپ، تۇرلۇك ئىنقىلابىي شەكىللەرنى قوللىنىپ، (قۇرئان)نى ئاساسىي قانۇن قىلغان مۇستەقىل، دېموكراتىك شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شايار ۋە قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قورال – ياراغ ۋە ئوق – دورا سېتىۋېلىپ، تىزگىنلەكلىك پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنى ياساشنى تەتقىق قىلغان.

1990 – يىلى 11 – ئاينىڭ 13 – كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق بۇ تەشكىلات ئاخىرى بىتچىت قىلىنغان.

بۇ تەشكىلاتنىڭ كاتتىۋېشى كېرىم قارى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى" قۇرغاندىن باشقا، يەنە تۇرلۈك بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشقان. ئۇ بۇلاڭچىلىق، تېررورلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ مەبلەغ توپلاش، غوللۇق ساقچىلار ۋە ئىلغار موللىلارنى ئۆلتۈرۈش، قورال – ياراغ سېتىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

www.uyghurweb.net

يەنە نۇتۇق، سىنالغۇ ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى قىلغان. ھەتتا، بەزى سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىچكىرىگە، چەت ئەلگە تارقاتقان، شۇنداقلا تېخى بارىن توپىلاڭچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنغان.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى" جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، توردىن چۈشۈپ قالغان ھېمىت تالىپ ۋە ئىدرىسخانلار يېڭىۋاشتىن مۇرىت توپلاپ، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، "ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى پارتىزانلار ئەترىتى"نى تەشكىللەپ، ناھايىتى تېزلا 130 تىن ئارتۇق ئەزاسى بار جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇرۇمچىدىكى "5 – فېۋرال" پارتلىتىش ۋەقەسى، شايار ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى قوراللىق بۇلاش ۋەقەسى قاتارلىق بىر قاتار ئەشەددىي ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان.

(2) "شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى". بۇ تەشكىلاتنى مەخمۇت مەتسادىر، ئابلىكىم ھۇشۇر قاتارلىق ئالتە كىشى قۇرغان. ئۇلار بۇ تەشكىلاتنى 1989 – يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ 1991 – يىلى 10 – ئايدا گۇمىدا رەسمىي قۇرغان. مەخمۇت مەتسادىر باش مەسئۇللۇقنى، قالغانلار تاشقى ئالاقە، مالىيە، تەشۋىقات ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

1992 – يىلى 4 – ئايدا مەخمۇت مەتسادىر يەنە گۇمىدا يىغىن ئېچىپ، تەشكىلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خىراجەت توپلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان. شۇنىڭغىچىلىك ئۇلار 77 ئادەمگە يەتكەن. 1992 – يىلى 5 – ئايدا ئابلىكىم ھۇشۇر قاغىلىققا بېرىپ "ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى"نىڭ كاتتىۋېشى ئىدرىسخان قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. ئىككى تەرەپ پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى پارتىيىنى قوشۇۋېتىشنى، "شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى"نىڭ قوماندانلىق ئورنىنى قاغىلىققا كۆچۈرۈشنى، "ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى"نىڭ قاغىلىقتىكى مەشىق بازىسىدا "شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى"نىڭ ئەزالىرىنى تەربىيىلەشنى بېكىتكەن.

1993 – يىلى 6 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلار قاغىلىقتا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتىنى، يەكەندە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ "تويوتا" ماركىلىق دالا ماشىنىسىنى ھەم ناھىيىلىك چاي – چارۋا شىركىتىنىڭ سىنئالغۇ زالىنى پارتلاتقان، شۇنداقلا قەشقەردە "17 – ئىيۇن" پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ بىر مېھمانخانىنى پارتلىتىۋەتكەن.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، "شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى" 1990 – يىلىدىكى بارىن يېزىسىدىكى بۆلگۈنچىلىك تېررورلۇق توپىلىڭىنى بىۋاسىتە پىلانلىغان ۋە تەشكىللىگەن. بۇ پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى زەيدىن يۈسۈپ: "بىز 30 يىللىق پىلان

www.uyghurweb.net

تۈزدۈق، ئون يىلغىچە تېررورلۇق ئۇرۇشى قىلىپ، قوشۇنىمىزنى ئۇزلۇكسىز زورايتىمىز، يەنە ئون يىل پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، قورallىق كۈرەش بازىسى قۇرىمىز، كېيىنكى ئون يىلدا مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا (شەرقىي تۈركىستان) دىن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، (شەرقىي تۈركىستان)نى مۇستەقىل قىلىپ، (ئىسلام پادىشاھلىقى) قۇرىمىز" دېگەن.

(3) "شەرقىي تۈركىستان ھەقىقەت پارتىيىسى". بۇ تەشكىلاتنى ئەيسا ھۇسەن ۋە دولقۇن 1994 – يىلى 3 – ئايدا قۇرغان. ئەيسا ھۇسەن ئەسلىي توقسۇ ناھىيىسى ئۈگەن يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، 1989 – يىلىدىن باشلاپ دولقۇن بىلەن ئالاقە باغلاپ بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇشنى مەخپىي پىلانلىغان. دولقۇن بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، كېيىن مەكتەپتىن قوغلىنىپ، 1994 – يىلى 5 – ئايدا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، ئىزچىل تۈركىيىدە تۇرغان. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپ تەرەپتىن پائالىيەت قىلىپ چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشنى پائال ئىستىگەن.

چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەزى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە شايكىلىرى ئاۋۋال مەلۇم جايدا تۆرەلگەندىن كېيىن رايون ئاتلاپ كەڭ دائىرىدە پائالىيەت قىلىپ تولىمۇ زورايغان. ئالايلۇق، 1992 – يىلى بىتچىت قىلىنغان "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ كاتتىۋېشى روزىمەھەممەت 1988 – يىلى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقاندا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم "پارتىيە قۇرۇش يىغىنى" ئېچىپ 19 ئەزا توپلىغان. 1990 – يىلى 9 – ئايدا ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ داۋاملىق ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، بايىنغۇلىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت – ئوبلاست، توققۇز ناھىيە – شەھەردىن ئەزا توپلاپ، 160 نەچچە ئادەمگە يەتكەن. بۇ تەشكىلات سىستېمىلىق پروگراممىا ۋە نىزامنامە تۈزۈپ، تەشكىلاتنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، نىشانى، شۇنداقلا تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىنتىزامى، تەشكىلاتنىڭ باشقا پارتىيە، تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئېنىق بەلگىلەپ، "مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى"نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان "بەش يىللىق كۈرەش نىشانى پىلانى"نى تۈزۈپ، "ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي خەلقنى تەشكىللەپ قورallىق كۈرەشنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىمىز" دېگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن "ئالدىنقى ئىككى يىلدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەشكىلات كۈچىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىش"، "كېيىنكى ئۈچ يىلدا ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىش"، 1994 – يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىلات قۇرۇپ "بىرلىككە كەلگەن بايراق ئاستىدا كۈرەش قىلىش"نى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىتچىت قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن. 1995 – يىلى بىتچىت قىلىنغان 32

www.uyghurweb.net

بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى ۋە تەشكىلاتى ئىچىدە 26 سى جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئۈچى ئۈرۈمچىگە، ئىككىسى قۇمۇلغا، بىرى غۇلجىغا تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى تولىمۇ ياش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەخپىي ياكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىگە ئىگە تالىپلار مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى يەنە مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرگەن. ئۇلار:"شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چوقۇم زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرۈش، مەكتەپلەردە كۈچ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم"، "ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا قوزغاش كېرەك، كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمىتى ئوقۇغۇچىلارنى باستۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ" دېگەن. يەنە بىر روشەن ئۆزگىرىش شۇكى، بۇ مەزگىلدە بىتچىت قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدەئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلسېرى ئاشقان. 1994 – يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى تەشكىلاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىكەتتە بىرلىككە كېلىشنى ۋە ئەزالارنى ياشلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ھەم بۇنى ھەرىكەت پروگراممىسى سۈپىتىدە پىلانغا كىرگۈزۈشنى بېكىتكەن.

بۇ مەزگىلدە "قۇرۇم جەمئىيىتى"، "ۋەتەنپەرۋەر ياشلار تەشكىلاتى"، "ھىلال ئاي تەشكىلاتى"، "شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلار ئەترىتى"، "ئابدۇمالىك گۇرۇھى"، "ئىسلام ئۈچقۇنى ئىتتىپاقى"، "ئىسلام غازاتچىلىرى"، "(ئىسلام ئائىلىسى) تەشكىلاتى" قاتارلىق نۇرغۇن بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى ۋە شايكىلىرى بارلىققا كېلىپ تولىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن.

1997 – يىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى باسقۇچتا، شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىرى شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت دەپ قاراپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئىش تېرىپ تەسىرنى كېڭەيتىشنى، ھەتتا "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى"نى بىراقلا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلىدى. ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى چوقۇم دۇنيادىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، بۇ "تەگرى ئاتا قىلغان ئوبدان پۇرسەت"تىن پايدىلىنىپ "شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى"نى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇڭا، ئۇلار نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيە تەشكىلاتنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كۈچنى زورايتىپ، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، "1997 – يىلدىكى چوڭ ئىش" ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىش، دەپ جار سالدى. بۆلگۈنچى پارتىيىلەردىن "          " ۋە "ئەركىنلىك پارتىيىسى" ھەتتا شىياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ

www.uyghurweb.net

كېلىشىنىڭ ئالدى – كەينىدە جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئۆرۈش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، "ئەگەر مۇشۇنداقلا بولسا بۇ (شىنجاڭ مۇستەقىللىقى)نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولىدۇ" دەپ قارىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تولۇق تەييارلىق قىلدى. ئۇنىڭ يادروسى دەل زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش ئىدى. 1995 – يىلى بىتچىت قىلىنغان 32 قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك ۋەقەسىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، كۆپىنچە بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە شايكىلىرى 1996 – يىلى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ كۈچ توپلاش ۋە قورال – ياراغ، ئوق – دورا تەييارلاش، 1997 – يىلى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسى بىلەن "شىنجاڭ مۇستەقىللىقى"نى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىغان. شۇڭا، ئۇلار 1997 – يىلى غۇلجىدىكى "5 – فېۋرال"ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى "25 – فېۋرال ۋەقەسى"نى پەيدا قىلغان.

بۇ ئىككى قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىر مەھەل ناھايىتى ئەدىگەن. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1998 – يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا بىتچىت قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى ۋە شايكىسى 195 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 46 سى ئېشىپ، چېتىلغان ئادەم 1194 كە يەتكەن. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، توردىن چۈشۈپ قالغان زوراۋان تېرروررچى ئۇنسۇرلار يىغىۋاشتىن بىرلىشىپ تەشكىلات شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ زىچ تور شەكىللەندۈرگەن ؛ ئىككىنچىدىن، كۆپىنچىسى توپلىشىپ ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئەلەم مەشىقى قىلىش، مەبلەغ توپلاش، قورال توپلاش، پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ياساشنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئەمەلىي زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى قىلىش يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈرگەن ؛ ئۈچىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقات پائالىيىتىنى تەشكىللىك يولغا قويۇپ، "تەبلىغ" پائالىيىتى ۋە "غازات" تەربىيىسىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرگەن ؛ تۆتىنچىدىن، تەشكىلات سىستېمىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. جۈملىدىن بەزىلىرى قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇرۇش، قىيىن سىناقلارنى ئېلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەزالارنى كۆپىنچە ئۆز ئالدىغا ئالاقە قىلغۇزۇپ، پائالىيىتىنى تېخىمۇ مەخپىيلەشتۈرگەن ؛ بەشىنچىدىن، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى قىلىشنى مەشىق قىلدىغان ۋە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، تېررورلۇق قورالىرىنى ياسايدىغان تەشكىلاتلار ئۇزلۇكسىز كۆپەيگەن. 1998 – يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلار قۇرغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشىقى ئۆۋىسىدىن 27 سى تارمار قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان. جۈملىدىن، غوللۇقلىرى ۋەقە تۇغدۇرۇپ قېچىپ يۈرگەن زوراۋان تېرروررچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەسەبىي دىنىي ئىدىيىدە چىڭ تۇرىدىغان مەخپىي تالىپلارنى ئاساس قىلغان.

بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي تەشكىلات ۋە شايكىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

www.uyghurweb.net

(1) "ھەقىقەت دېموكراتىك پارتىيىسى". بۇ تەشكىلات 1996 – يىلى 4 – ئايدا قۇرۇلغان. ئالتە ئەزادىن تەركىب تاپقان . "ھەربىي مەشىق قىلىپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى) قۇرۇش" باش مۇددىئا قىلغان. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن مەشىق قوراللىرىنى پائال سېتىۋېلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1997 – يىلى 10 – ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تارمار قىلىنغان.

(2) "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى". بۇ تەشكىلات 1996 – يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيزاۋات ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. يەتتە غوللۇق ئۇنسۇردىن، نەچچە ئون ئەزادىن تەركىب تاپقان. " (قۇرئان)نى قانۇن ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنى يولباشچى قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ (شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش"نى باش مۇددىئا قىلغان. ئۇلار تەشۋىق ۋەرەقىسى چاپلاش، قارقىتىش، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قۇترىتىش، مۇسۇلمانلارنى قوزغاش ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. 1997 – يىلى 6 – ئايدا تارمار قىلىنغان.

(3) "ئىسلام ئاللاھ پارتىيىسى". بۇ تەشكىلات 1997 – يىلى 1 – ئايدا قۇرۇلغان. قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 43 يەردە مەخپىي خۇتبە ئوقۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، 106 قېتىم بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدە ۋەز سۆزلەپ، 94 قېتىم قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت قىلغان. 1998 – يىلى بۇ تەشكىلات بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تارمار قىلىنىپ 79 نەپەر ئەزاسى قولغا چۈشۈپ، 50 تىپلىق بىر ئاپتومات، 300 پايدىن ئارتۇق ئوق قولغا چۈشۈرۈلگەن.

(4) "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى". بۇ تەشكىلات 1998 – يىلى 10 – ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە قۇرۇلغان. كۈرەش (ئەسلىي ئىسمى ئابدۇرېھىم مامۇت) ۋە شىرئېلى (ئەسلىي ئىسمى غوجىمۇھەممەت) ئاساسلىق كاتتىۋېشى بولغان. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئەزاسى بولۇپ، قۇمۇلدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تارماق ئاپپارات تەسىس قىلغان. "شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىسلام ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان ھەققانىيەت تۇيغۇسى بار كىشىلەرنى تەشكىللەپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ غازات قوشۇنى قۇرۇش ؛ كەڭ مۇسۇلمانلارغا ئىسلام تەشۋىقاتى قىلىپ، ئۇلارنى ئويغىتىش ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەزا توپلاپ، تەشكىلاتنى زورايتىش ؛ كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىرلارنى مايىل قىلىپ بىرلىك سەپ شەكىللەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەلدىكى قېرىنداشلار, سىياسىي تەشكىلاتلار،ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن پائال ئىتتىپاقلىشىش ھەم ھەمكارلىشىش ؛ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىكى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن كاپىرلار ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا

www.uyghurweb.net

كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا مۇستەقىل، ئەركىن، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش"نى نىزامنامە قىلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ تەشكىلى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، جەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان. ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلغان. 1999 – يىلى خوتەندە مەخسۇس مۇشۇ تەشكىلاتقا قارىتىلغان زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، كاتتىۋېشى شىرئېلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ مەزگىلدە يەنە "شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى"، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئازادلىق تەشكىلاتى"، "غازاتچىلار قوشۇنى"، "دىنىي ئىسلام تەشكىلاتى"، "ئاللا پارتىيىسى ئامىر تەشكىلاتى"، "قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"، "ئىماملار ئۇيۇشمىسى" دېگەندەك تەشكىلاتلار بارلىققا كەلگەن.

1999 – يىلدىن 2000 – يىلغىچە بولغان ئۈچىنچى باسقۇچتا، بۆلگۈنچىلىك تىزگىنلەندى ھەم پەسكويغا چۈشتى. 1999 – يىلى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ غالجىرلىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 76 بۆلگۈنچىلىك پارتىيىسى ۋە شايكىسىنى بىتچىت قىلدى (چېتىلغان ئادەم 1650كە يەتتى). يەنە زور بۆلگۈنچىلىك شايكىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى چوڭقۇر تەكشۈردى. شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى مۇھىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق بۆلگۈنچىلىك شايكىسى بىتچىت قىلىندى. بۇنىڭ بىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەمتىمىن خېلىل باشچىلىقىدىكى "قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى" بولۇپ، 34 ئادەمدىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ بەزىسى چەت ئەلدىكى تېررورلۇق مەشىق بازىسىدا مەشىقلىنىپ، مەخسۇس قەشقەر شەھىرى، يەكەن، كونىشەھەر ناھىيىلىرى ئەتراپلىرىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە بىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى" (يەنە "كۆرەش شايكىسى"مۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، ئۇلار چەت ئەلدىكى ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى تېرروروچى تەشكىلات – "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان"نى ئازاد قىلىپ، "ئىسلام دۆلىتى" قۇرماقچى بولغان. خوتەن ۋىلايىتىدە 16 تارماق ئاپپارات قۇرۇپ، 500 ئادەمنى توپلىغان. بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىككى تېررورلۇق بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە قاتتىق زەربە بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، 2000 – يىلى بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە شايكىلىرىنىڭ يامرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى.

تۆۋەندە بۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان ئاساسلىق بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) ئىسلام پارتىيىسى. بۇ تەشكىلات 1999 – يىلى 7 – ئايدا قارىقاش ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. 80 كىشىدىن تەركىب تاپقان، كاتتىۋېشى ئابدۇقادىر ئىبلى. شۇ يىلى 11 – ئاينىڭ 9 – كۈنى بىتچىت قىلىنىپ، 62 ئادەمى تۇتۇلغان ياكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئابدۇقادىر ئىبلىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن.

(2) ئىسلام پارتىيىسى. بۇ تەشكىلات 1999 – يىلى 5 – ئايدا كۆنەس ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. كاتتىۋېشى تۇنىياز مەخمۇت. ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مەرىكىسىدە ئۈرۈمچىدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى قىلىشنى پىلانلاپ، خوتەندىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى" بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان. 1999 – يىلى 9 – ئاينىڭ 26 – كۈنى بىتچىت قىلىنغان.

(3) ئاللا پارتىيىسى. بۇ تەشكىلات 1999 – يىلى 8 – ئايدا يەكەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. ئون نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان، كاتتىۋېشى تۇراپ سايىت ھاجى. ئۇ ئەلەم مەشىقى قىلىش ۋە يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئىككى لەخمە كولاپ بىر تۈركۈم قول بومبىسىنى ياساپ چىققان. 2000 – يىلى 2 ـ ئايدا بىتچىت قىلىنغان.

بۇ مەزگىلدە يەنە "سەندەل" ۋە "مەتتوختى ھېزىم شايكىسى" قاتارلىق تەشكىلاتلارمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمەن تەشكىلاتلار زور دەرىجىدە ئازايغان.

## 2. بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى پاراكەندىچىلىكنىڭ مىسلىسىز ئەدىشى

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىكى ئون يىلدا بۆلگۈنچىلىك پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى تېز كۆپەيگەنلىكتىن، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىمۇ مىسلىسىز ئەۋجىگە چىقتى. بۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى قېتىم، شىمالىي شىنجاڭدا ئىككى قېتىم بولۇپ جەمئىي تۆت قېتىم مۇشۇنداق ۋەقە يۈز بەردى. ئۇلار 1995 – يىلدىكى خوتەندىكى "7 – ئىيۇل" ۋەقەسى، غۇلجىدىكى "14 – ئاۋغۇست" ۋەقەسى، 1997 – يىلدىكى غۇلجىدىكى "5 – فېۋرال" ۋەقەسى ۋە 1999 – يىلدىكى خوتەندىكى "9 – ئاۋغۇست" ۋەقەسىدۇر. تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

(1) 1995 – يىلدىكى خوتەندىكى "7 – ئىيۇل" ۋەقەسى. خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتاش، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تېغى بار, غەربىي شىمالى، شىمالى ۋە شەرقىي شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، قۇملۇق تاشيولى ياسىلىشتىن بۇرۇن ئاساسلىقى قەشقەرگە تۇتىشاتتى. جۇملىدىن ئۇ نىسبەتەن چەت ھەم بېكىك رايون

www.uyghurweb.net

ئىدى. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مۇشۇنداق ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

"7 – ئىيۇل" ۋەقەسى خوتەن شەھىرىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسچىت خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئارقا يان تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 1994 – يىلى كېڭەيتىپ ياسالغان. مەسچىتنىڭ خاتىپى ۋەز ئېيتىشتىن پايدىلىنىپ "غازات تارىخى"نى تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاتقان. بۇ مەسچىتكە جۈمە نامىزىغا كېلىدىغانلار 5000 دىن ئاشقان بولۇپ، مەسچىت ھويلىسىغا پاتمىسا مەسچىتنىڭ سىرتىدىكى يولدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان. مەسچىتكە ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق توت كاناي قاتناشقا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە ۋە دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاممىنى نورمال تۇرمۇشىغا قاتتىق دەخلى قىلغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش تارماقلىرى كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن 1995 – يىلى 7 – ئاينىڭ 6 – كۈنى خوتەن شەھەرلىك دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە بىرلىك سەپ تارماقلىرى بۇ مەسچىتنىڭ خاتىپىنى باشقىدىن تەيىنلەشنى قارار قىلغان. ئەمما، بەزى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشنى چوڭايتىپ تەشكىللىك پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. ئۇلار "خاتىپنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تۇتۇپ كەتتى" دەپ گەپ تارقىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان 400 دىن ئارتۇق مۇسۇلماننى "غازات قىلىش" شۇئارى توۋلاشقا قۇتراتقۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قورۇسىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ھەم بۇ يۇرسەتتە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى يۈز بەرگەن. قىسمەن توپىلاڭچىلار تېخى يەنە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ھۇجۇم قىلغان. پاراكەندىچىلىكتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67 ئادەم يارىلىنىپ، ۋەزىيەت بىر مەھەل ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە قوراللىق ساقچى تارماقلىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان باش ئۇنسۇرلارنى تۇتۇپ، ئىش تېرىغۇچىلارنى تارقىتىۋېتىپ، پاراكەندىچىلىكنى تىنچىتقان. كېيىن سەككىز ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

(2) 1995 – يىلىدىكى غۇلجىدىكى "14 – ئاۋغۇست" ۋەقەسى. ئىلى رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. تارىختا، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ شىنجاڭدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. چىڭ سۇلالىسى 1759 – يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ 1884 – يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرغۇچە بولغان 120 نەچچە يىلدا، ئىلىدىكى كۈرە ئىزچىل شىنجاڭنىڭ مەركىزى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن

www.uyghurweb.net

گەرچە ئۇرۇمچى ئۆلكە مەركىزى بولغان بولسىمۇ،ئەمما ئىلدا يەنىلا جياڭجۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ ئۇرۇمچى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ (1954 – يىلى)، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىسىدە بولۇپ شىنجاڭدا يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. مىنگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئىلى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئوڭايلا ئالاقە قىلىپ، تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئوڭايلا ئۇچرىغانلىقتىن، تەدرىجىي شىمالىي شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان مۇھىم ماكانىغا ئايلانغان.

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۆلگۈنچى كۈچلەر پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپىنچە قانۇنلۇق شەكىللەرنى قوللىنىپ بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك تەشۋىقاتىنى مەخپىي ئېلىپ بېرىپ، ئەشەددىي مىللىي كەيپىيات ۋە دىنىي ھېسسىياتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىش دېگەندەك باھانىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مەشرەپ قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر مەھەل ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، كېيىنچە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ تەشكىلات شەكىللەندۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بېكىتكەن مۇقىم مەشرەپ سورۇنى 200گە يېتىپ، قاتنىشىدىغانلار 4000 دىن ئېشىپ، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭغا يامرىدى. 1995 – يىلى 4 – ئاينىڭ 30 – كۈنى ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رايون ھالقىغان "ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى"نى قۇردى ھەم "قازى"، مىرشاپ، پاششاپ، مەسلىھەتچى، مالىيە ھەيئىتى، تەنتەربىيە ھەيئىتى، كاتىپ قاتارلىقلارنى سايلىدى. تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇلار مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى يوقىتىۋەتتى ھەم بۇ ئاساستا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىپ، پائالىيەتكە قاتناشقانلارنى "قۇرئان"نى يادلاشقا، ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئۆتەشكە، ئۆشرە – زاكات تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزدى، ھەتتا ئاساسىي قاتلام مەمۇرىيىتى ۋە ئامانلىق باشقۇرۇشىغا ئارىلاشتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھۆكۈمەت "ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى"نىڭ پائالىيىتى ئاللىقاچان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، جەمئىيەت تەرتىپىگە ۋە مۇقىملىققا خەۋپ يەتكۈزگەن دەپ قاراپ، 1995 – يىلى 5 – ئاينىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر كومىتېتقا پائالىيىتىنى توختىتىشنى ئۇقتۇردى. ئەمما، بۇ كومىتېتقا يوشۇرۇنۇۋالغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى 8 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئابدۇخېلىل باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە جاھىل ئۇنسۇرنى سوراققا تارتتى. "ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى" بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ "14 – ئاۋغۇست" قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. نامايىشقا قاتناشقانلار دەسلەپتە 200 دىن ئارتۇق بولغان بولسا، كېيىن 800 دىن ئارتۇققا يەتتى.

www.uyghurweb.net

نامايىش تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن تەخمىنەن 300 چە ئادەم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا يېرىپ جەم ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان "ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى"نىڭ تەنتەربىيە ھەيئىتى راخمان تاي باشقا تۆت شېرىكى بىلەن بەكلا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقتىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. باشقىلار بولسا غۇلجا شەھرىنىڭ باشلىقىنىڭ قايىل قىلىشى بىلەن تارقاپ كەتتى. ئىش جىمىققاندىن كېيىن "ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى"نى تەشكىللىگەن ۋە "14 – ئاۋغۇست" قانۇنسىز نامايىشىنى پەيدا قىلغان 28 ئادەمدىن بەشى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈلدى، 14 نگە تەنقىد – تەربىيە بېرىلدى، توققۇزى كېپىلىككە قويۇپ بېرىلدى.

(3) 1997 – يىلدىكى غۇلجىدىكى "5 – فېۋرال" ۋەقەسى. ئىلىدا مەشرەپ پائالىيىتى قانات يېيىۋاتقان ۋاقىتتا، ئاساسلىقى كورلىدا پائالىيەت قىلىدىغان بۆلگۈنچى تەشكىلات – "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" ئىلىغا قول تىقىشقا باشلىدى. 1995 – يىلدىن كېيىن بۇ تەشكىلات جەنۇبىي شىنجاڭلىق 20 دىن ئارتۇق ئەزانى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، ۋەز ئېيتىش نامى بىلەن بۆلگۈنچىلىك ۋە "غازات" تەشۋىقاتى قىلدۇرۇپ، ئەزا كۆپەيتتى. 1996 – يىلى 1 – ئايدا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى"نىڭ ئۇرۇمچىدىكى كاتتىۋېشى بىرنەچچە غوللۇق ئۇنسۇرنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن "ئىلىياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى"نىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي ئۇچراشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى پىلانلىدى. ئۇلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بەزى يېزىلىرىدا ئالتە يەر ئاستى مەشىق بازىسى قۇرۇپ، غوللۇق ئۇنسۇرلارنى پۈتۈنلەي يېپىق شەكىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشىقى بىلەن مەشىقلەندۈردى. 1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ بېشىدا ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئادەم ئەۋەتىپ مەخپىي ئالاقە باغلاپ، كۈچ تەشكىللەپ، باھار بايرىمىدىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك قىلىشقا تەييارلاندى. ئابدۇخېلىل مەخپىي يىغىندا: "مەيلى غەلىبە قىلايلى ياكى مەغلۇپ بولايلى ھەممىسى ئوخشاشلا غەلىبە، ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىمىز، تۈرمىگە كىرسەكمۇ ئاللانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىمىز، سىرتتىكىلەر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ" دېدى. 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى، يەنى دەل باھار بايرىمىنىڭ 2 – كۈنى غۇلجا شەھىرىدە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" بىر قوللۇق پىلانلىغان ۋە قوماندانلىق قىلغان "5 – فېۋرال" پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى يۈز بەردى. چاتاقچىلار "(قۇرئان)نى قورال قىلىپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپىرلارغا قارشى كۈرەش قىلايلى"، "لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ" دېگەن پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، "خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى"، "ئىسلام دۆلىتى قۇرايلى" دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ، قانۇنسىز نامايىشنى ناھايىتى تېزلا ئۇرۇش، چېقىش، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى بۆلگۈنچىلىك پاراكەندىچىلىككە

www.uyghurweb.net

ئايلاندۇردى. يولدىكى ماشىنىلار ئاغدۇرۇلۇپ كۆيدۈرۈلدى، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار دۇمبالىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، دۇكانلار بۇلاڭ – تالاڭ قىلىندى، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى توسقىلى كەلگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ئېغىر يارىلاندۇرۇلدى. ئاقىۋەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچىلارنىڭ زەربە بېرىشى ھەم قوغلاپ تۇتۇشى ئارقىسىدا بىر ئۇچۇم توپىلاڭچىلار شەھەرنىڭ چېتىگە قېچىپ پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ قاتىللىق قىلدى. 2 – ئاينىڭ 9 – كۈنى پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاخىرىنى جىمىقتۇرۇش ۋە قالدى – قاتتى جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش خىزمىتى ئاخىرى تاماملاندى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنىدىن 9 – كۈنىگىچە، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ھەيدەيدىغان 50 نەچچە ياشلىق بوۋاي، كۆكەرتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياش ئايال كادىر، تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن پۇقراچە كىيىنگەن جەڭچى، مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا كادىرى، ئون ياشلىق بالىسى بار ئەر – خوتۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە بىگۇناھ كىشى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن، 198 كىشى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 50 ى ئېغىر يارىلانغان، يەنە نەچچە ئادەم ئىز – دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرىدىن 30 ئادەم دۇمبالانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، يارىلاندۇرۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە 14 ى ئېغىر يارىلانغان. جەمئىي 39 ماشىنا (ساقچى ماشىنىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) چېقىلغان، كۆيدۈرۈلگەن، ئىككى ئېغىز ئۆي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

غۇلجىدىكى "5 – فېۋرال" ۋەقەسى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن، تەشكىللىك، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان، داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، خاراكتېرى قەبىھ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال – مۈلكى ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بىر قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك پاراكەندىچىلىكى بولۇپ، غۇلجىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. ۋەقە بېسىققاندىن كېيىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئېلان چىقىرىپ، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى ۋە شەھەر باشلىقى تېلېۋىزىيە سۆزى قىلىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى توپىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشىنى خەۋەر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تەسەللى بەردى، مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

(4) 1999 – يىلىدىكى خوتەندىكى "9 – ئاۋغۇست" ۋەقەسى. 1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 9 – كۈنى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدە بىر زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرغا ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ پىلانلىشى ۋە قۇترىتىشى ئارقىسىدا بىر توپ كىشى جەسەتنى كۆتۈرۈپ، بىر چوڭ مەسچىتكە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە قۇترىتىلغانلار ۋە كۆرگىلى كەلگەنلەر 2000 دىن ئاشتى. ئاقىۋەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ جەسەتنى قايتۇرۇۋېلىپ، بەلگىلەنگەن مەسچىتتە نامىزىنى ئۆتەپ يەرلىككە قويدى.

3. "شەرقىي تۈركىستان" تېرورلۇق پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارالىششقا يۈزلىنىشى

20 – ئەسىرنىڭ 90 يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ تېرورلۇق پائالىيىتىدە يېڭى يۈزلىنىش بولدى، يەنى ئۇ خەلقئارالىششقا يۈزلەندى. ئاتالمىش خەلقئارالىشىش ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى تېرورلۇق پائالىيىتى قىلىدىغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن چەت ئەلدىكى ئوخشىمىغان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ خادىم تەربىيىلەش، قورال – ياراغ يەتكۈزۈش، ئالاقىدار ئورۇنلارغا قاتنىشىش ياكى تېرورلۇق پائالىيىتى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى دەل جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىكى تېرورلۇق گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ، "پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم" ئاساسىدىكى ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" ياكى "ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تەشكىلچانلىقى، قاراتمىلىقى، زىيىنى ۋە تەسىرى چەكلىك بولدى. لېكىن 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە بۆلگۈنچى پارتىيىلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەر سېلىش، ھۇجۇم قىلىش ياكى ئۆچمەنلىك سېلىش، زوراۋانلىقنى تەرغىب قىلىش ۋە ياكى دىندىن پايدىلىنىپ بىر قاتار ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ۋە ئالاقىدار دۆلەتلەردە بىر قاتار تېرورلۇق ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ ۋە تەشكىللەپ، بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، جەمئىيەتتە تېرورلۇق كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى.

تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرورچى كۈچلىرى 1990 – يىلىدىن 2000 – يىلى 6 – ئايغىچە جۇڭگو شىنجاڭ تەۋەسىدە 253 قېتىم تېرورلۇق ۋەقەسى سادىر قىلىپ، ھەرمىللەت ئاممىسى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دىنىي زاتلاردىن 162 كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى، 440 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ مەزگىلدە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۆلگۈنچى ۋە تېرورچى تەشكىلات، شايكىدىن 503 نى يوقاتقان، تۈرلۈك مىلتىقلاردىن 1400 دىن ئارتۇقنى، ئوقتىن 16500 نەچچە پاينى، توك تاپانچىدىن 27 مىڭدىن ئارتۇقنى، پارتلاتقۇچتىن 41 توننىدىن ئارتۇقنى، پارتلاتقۇچ ياساش خام ماتېرىيالىدىن 4000 كىلوگرامنى، پارتلىتىش قۇرۇلمىسىدىن 750 نى، گرانات، قول بومبىسىدىن 5980 نى، پىستان، پىلىكلىك تۇرۇبىدىن 75 مىڭنى، تەۋرەتكۈچ بومبىدىن 200 دانىدىن ئارتۇقنى، پىلىكتىن 18 مىڭ مېترنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلارنىڭ تېرورلۇق پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) پارتلىتىش. بۇ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى دائىم قوللىنىدىغان تېرروورلۇق ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار پەيدا قىلغان قەبىھ ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش دېلولىرى مۇنۇلار: 1991 – يىلى 2 – ئاينىڭ 28 – كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسىنىڭ يولۇچىلار ترانسپورت بېكىتىنى پارتلىتىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 13 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ 1992 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 52 – يول ۋە 30 – يول ئاپتوبۇسلىرىغا مۇددەتلىك بومبا ئورنىتىپ ۋە ئۇنى پارتلىتىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە 23 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ 1993 – يىلى 6 – ئاينىڭ 17 – كۈنىدىن 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن ۋە يەكەن قاتارلىق جايلارنىڭ سودا سارايى، بازار، مېھمانخانا، مەدەنىيەت سورۇنلىرىدا ئون نەچچە قېتىم پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلىپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 36 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ 1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قاتار ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنى پارتلىتىش دېلوسىدا توققۇز ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 69 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1997 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچىدىكى "25 – فېۋرال" ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنى پارتلىتىش دېلوسى ئەڭ ئېغىر.

1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى بېيجىڭدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، چۈشتىن كېيىن ئالتە يېرىم ئەتراپىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەن. بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، شەھەر مەركىزىدىكى ئۈچ ئاساسلىق كوچىدا ئارقا – ئارقىدىن ئۈچ كوچا ئاپتوبۇسى پارتلىغان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى يېرىم كېچىدىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىم ئەتراپىدا جەنۇبتىن شىمالغا ماڭغان 2 – يول ئاپتوبۇسى غەربىي شىمال يولى بېكىتى ئەتراپىدا تۇيۇقسىز پارتلاپ كەتكەن. نەق مەيداندا بىر ئادەم ئۆلگەن، ئون نەچچە ئادەم ئېغىر يارىلانغان، ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستى پارتلاشتىن ئېچىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىتتىپاق يولىدىكى 10 – يول ئاپتوبۇسى شياڭگياڭپو ئەتراپىدا پارتلاپ، يەتتە ياشلىق بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا ئۆلگەن، ئون نەچچە ئادەم ئېغىر يارىلانغان. شياڭگياڭپو ئەتراپىدا بىر ئوتتۇرا (16 – ئوتتۇرا) مەكتەپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ (10 – باشلانغۇچ) بار بولۇپ، بۇ دەل ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقان، ئاتا – ئانىلار بالىلىرىنى ئالغىلى كەلگەن ۋاقىت بولغانلىقتىن، يارىلانغانلار ئىچىدە ئاياللار بىلەن بالىلار كۆپ بولغان. يەنە شۇ ۋاقىتتا خەلق يولىدىكى 44 – يول ئاپتوبۇسى نەنمېن بېكىتىدە توختىغاندا، بىر يىگىت ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا بىر ئىگىسىز قول سومكىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ (چۈنكى 1992 – يىلى چاغاندا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن "5 – فېۋرال" ئاپتوبۇس پارتلىتىش

www.uyghurweb.net

ۋەقەسىدە، پارتلاتقۇچى مۇددەتلىك بومبا قاچىلانغان قول سومكىسىنى ئاپتوبۇسقا تاشلاپ قويۇپ پارتلاتقانىدى. بۇ ئىشنى پۈتۈن ئۇرۇمچى ئاھالىلىرى بىلەتتى)، "بۇ سومكا كىمنىڭ؟" دەپ سورىغان، ئەمما ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت سومكىنى دەرھال سىرتقا ئاتقان. سومكا يول بويىدا كېتىپ بارغان ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتكە چۈشۈپ پارتلىغان. ۋېلسىپىت ھەيدىگۈچى نەق مەيداندا پارتلاپ ئۆلگەن. يول بويىدا كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلانغان. يول بويىدىكى بىنانىڭ ئەينەكلىرى كۆكۈم – تالقان بولۇپ كەتكەن.

پارتلاش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەر دەرھال ھەرقايسى يول ئاپتوبۇسلىرىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارغان. شۇ كۈنى 58 – يول ئاپتوبۇسى لىۇداۋاندىكى ئاخىرقى بېكەتكە كەلگەندە، بىلەتچى ئىچىدە قەرەللىك بومبا بار بىر سومكىنى تېپىۋالغان. يەنە شۇ كۈنى كەچتە جەنۇبىي ۋۇگزال ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ئاپتوبۇسلاردىن بىر قەرەللىك بومبا تېپىلغان. لېكىن بۇ ئىككى بومبىنىڭ ھەر ئىككىسىدىن چاتاق چىقىپ پارتلىمىغان.

ئۇرۇمچىدىكى "25 – فېۋرال" پارتلىتىش ۋەقەسى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئالدىن پىلانلىغان تېررورلۇق، بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتى بولۇپ، ۋاستىسى قەبىھ، تەسىرى ئىنتايىن يامان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال – مۈلكىگە يەتكۈزگەن زىيىنى ئېغىر بولغان. پارتلاش ۋەقەسىدە ئۈچ ئادەم نەق مەيداندا ئۆلۈپ، 70 نەچچە ئادەم نەق مەيداندا يارىلانغان. ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەچچە ئادەم ئېغىر يارىلانغان. پارتلىتىش قۇرۇلمىسىدا يارىلاندۇرۇش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك مىخ، سىم، تۆمۈر پارچىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن يارىلانغانلارنىڭ يارىسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ ئىلان قىلىشىغا قارىغاندا، 3 – ئاينىڭ 3 – كۈنىلا يارىسى ئېغىر ئالتە يارىدار ئۆلگەن، باشقا 69 يارىدار ھايات قالغان (ئۆلارنىڭ ئىچىدە 28 نىنىڭ يارىسى يەنىلا ئېغىر بولغان). ئۆلگەن، يارىدار بولغانلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق تۆت مىللەتتىن بولغان ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. يەتتە ياشلىق بىر ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا ئۆلگەندىن سىرت، يەنە ئون ياشلىق بىر ئۇيغۇر ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتى پارتلاپ كېتىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

(2) يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، خەنزۇ ئاممىسىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش نىشانى قىلىپلا قالماستىن، يەنە تىغ ئۇچىنى ئۇيغۇر كادىرلىرى ۋە ئاممىغا قاراتقان. ئۇلار پەيدا قىلغان بىر قاتار يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ئىچىدە، زور زىيان كەلتۈرگەن قەبىھ دېلولار مۇنۇلار: 1993 – يىلى ئىككى نەپەر "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىسى قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، چوڭ جامائەنىڭ ئىمامى ئابلىز داموللىنى قەستلەپ ئېغىر يارىلاندۇرغان؛ 1996 – يىلى 3 – ئاينىڭ

www.uyghurweb.net

22 – كۈنى نىقابلانغان ئىككى تېررورچى ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك چوڭ جامەئەنىڭ ياردەمچى ئىمامى ھاكىم سىدىقنى ئۆلتۈرگەن ؛ 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى تېررورچىلار ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا قارىتىلغان بىر قاتار پارتلىتىش، ئۆلتۈرۈش دېلولىرىنى سادىر قىلغان. 1996 – يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنى قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 1997 – يىلى 3 – ئاينىڭ 23 – كۈنى سەھەردە ئاقسۇ ۋىلايىتى جىنىيىنجۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا بىر قاتار قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 1997 – يىلى 6 – ئاينىڭ 4 – كۈنى خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسى خاڭدى كەنتىنىڭ كادىرى مەمەت رۇزى مەمەتنى قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 1997 – يىلى 11 – ئاينىڭ 6 – كۈنى مەملىكەتلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، باي ناھىيىلىك جامەئەنىڭ ئىمامى يۇنۇس سىدىق داموللىنى قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 1998 – يىلى 1 – ئاينىڭ 27 – كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، چوڭ جامەئەنىڭ ئىمامى ئابلىز ھاجىنى قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 1999 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى پوسكام ناھىيىسى پوسكام يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى خۇدابەردى توختى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەرگەن ؛ 2001 – يىلى 2 – ئاينىڭ 3 – كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى مەمەتجان ياقۇپنى قەستلەش دېلوسى يۈز بەرگەن.

بۇ تېررورلۇق، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ قانلىق، قەبىھ تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن مەخسۇس يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچى كۈچلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1996 – يىلى 4 ئاينىڭ 29 – كۈنىدىكى كۇچا ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسىدىكى بىر قاتار قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇربان ھېيتى بولۇپ، سەھەر سائەت ئالتىلەردە ياسىن موللامەت باشچىلىقىدىكى تولۇق قوراللانغان ئون تېررورچى ئايرىم – ئايرىم ھالدا قوناس كەنتىدىكى قاۋۇل توقا (ئەر، 78 ياش، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەتلىك 6 – نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى) قاتارلىق تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئاساسىي قاتلام كادىرىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، پارتلىتىش، ئۆلتۈرۈش، پىچاق تىقىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قانلىق تېررورلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلغان. تېررورچىلار قاۋۇل توقىنىڭ ئۆيىگە ئىككى

www.uyghurweb.net

دانه قول بومبىسىنى تاشلاپ، قاۋۇل توقا ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئېغىر يارىلاندۇرغان ؛ قاۋۇل توقىنىڭ ئىنىسىنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ؛ قاۋۇل توقىنىڭ ئوغلىنىڭ توققۇز يېرىگە، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ سەككىز يېرىگە پىچاق تىققاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كەنت كادىرى جاپپار مەمەتئىمىننى پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇرغان. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى دەرھال تور يېيىپ تېرروررچىلارنى تۇتۇشقا ئاتلانغان. 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى كەچتە بۇ تېرروررچىلار شايكىسى تاشيولدا توسۇۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ بىرسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن سىرت، قالغان سەككىزى ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالغان. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ توققۇز تېرروررچىنىڭ ھەممىسى بىر تۇتاش قوراللانغان ۋە كىيىنگەن، پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ۋە دورىلارنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كۈچ بولغان.

يۇقىرىقى كۆپ قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى مىللىي كادىرلار، ئىلغار زاتلار ۋە ئىلغار ئاممىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ تېرروررچىلارنىڭ بىر سۈيىقەستىدۇر. ئۇلار ئاتالمىش "كۆۋرۈك چۇۋۇش" (مىللىي كادىرلار ۋە ئىلغار زاتلارنى ئۆلتۈرۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكنى چۇۋۇۋېتىش) ھەمدە "ساتقىن" (دېلو پاش قىلىشقا ياردەملەشكەن مىللىي يولداش)لارنى يوقىتىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تېرروررلۇق پەيدا قىلماقچى بولغان.

(3) زوھەر سېلىش ۋە ئوت قويۇش. بۇ خىل تېرروررلۇق دېلولىرىدىن بىرقەدەر تىپىك بولغانلىرى مۇنۇلار: 1998 – يىلى 1 ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 2 – ئاينىڭ 18 – كۈنىگىچە "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ ئەزالىرى قەشقەر شەھىرىدە ئارقا – ئارقىدىن 23 قېتىم زەھەر سېلىش دېلوسى پەيدا قىلغان، تېرروررچىلار سۇغا زەھەر سېلىپ، تۆت ئادەمنىڭ زوھەرلىنىپ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، مىڭغا يېقىن چارۋىنىڭ ئۆلۈشى ۋە زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇ يىلى 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنى، يەنى ھەپتە ئاخىرىدا چېگرا سىرتىدىكى تېرروررچىلارنىڭ پىلانلىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى" ئۈرۈمچىدىكى سودا ساراي، سودا شەھەرچىسى، تاۋارلارنى توپ سېتىش بازىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توپ سېتىش بازىرى ۋە مېھمانخانا قاتارلىق ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان جايلارغا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئۆزلۈكىدىن يانىدىغان خىمىيىلىك قۇرۇلمىدىن 40 نەچچىنى تاشلاپ، 15 قېتىم ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىپ، "ئۈرۈمچى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان بولدى، نەچچە مىليون، نەچچە مىليارد يۈەن زىيان بولىدىغان بولدى" دەپ جار سالغان. ئوت دەل ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىنغانلىقتىن، تېرروررچىلارنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان. 1998 – يىلى 3 – ئاينىڭ ئاخىرىدا تېرروررچىلار قاغىلىق ناھىيىسىدىكى دۆلەت تاشيولى 219 – لىنىيىسىنىڭ 36

www.uyghurweb.net

كىلومېتىرلىق جايىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن. تۇرۇبا پارتلاتقان. تۇرۇبا پارتلاشتىن ئوت ئېلىپ، ئۈچ سائەت كۆيۈپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان نەچچە مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1990 – يىلى 10 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئۈچ نەپەر تېرروروچى خوتەن شەھەرلىك پاختا – كەندىر شىركىتىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىدىكى پاختا دۆۋىسىگە مۇددەتلىك بومبىدىن ئۈچنى ئورناتقان. ئۇنىڭ بىرسى ئىككى تونىنا ئەتراپىدىكى پاختىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، قالغان ئىككىسى ۋاقتىدا چۇۋۇۋېتىلگەن.

(4) ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلىش. 1996 – يىلى 8 – ئاينىڭ 27 – كۈنى ئالتە نەپەر تېرروروچى رەڭلىك نىقاب كىيىمى كىيىپ، قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسى جاڭگىلەسكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋە ساقچىخانىنىڭ بىر نۆۋەتچى كادىرىنى ئۆلتۈرگەن ؛ ئارقىدىنلا بۇ يېزىنىڭ 1 – كەنتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۈچ نەپەر ئامانلىق ساقلىغۇچى ۋە بىر سۇ كادىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، چۆلگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1999 – يىلى 10 – ئاينىڭ 24 – كۈنى تېرروروچىلار تاپانچا، قىلىچ ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبىلار بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى پوسكام ناھىيىسى سەيلى يېزىلىق ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى ئادەمنى يارىلاندۇرغان. ئون ئېغىز ئۆي، بىر ماشىنا، ئۈچ موتسىكلىتنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

(5) توپىلاڭ ۋە مالىمانچىلىق ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ، تېرروروزلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىش. 1990 – يىلى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارىن يېزىسىدا قەبىھ تېرروروزلۇق ۋەقەسىنى پىلانلىغان ۋە تەشكىللىگەن. ئۇلار "غازات قىلايلى"، "كاپىرلارنى يوقىتايلى"، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرايلى" دەپ جار سېلىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئون ئادەمنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپ، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالغان. يولدا ئىككى ئاپتوموبىلنى پارتلىتىپ، قورالىلىق قىسىمنىڭ ئالتە نەپەر ئوفىتسېر – ئەسكىرىنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1997 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 – كۈنىدىكى غۇلجىدىكى توپىلاڭدا تېرروروچىلارنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىر بولغان. تېرروروچىلار ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىگۇناھ ئاممىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، چاغان ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىككى دېھقان ئائىلىسىدىكى ئالتە جاننىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، ئېغىر يارىلاندۇرغان. توخۇچىيۈزى كەنتىدە تېرروروچىلار تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، يول بويىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ؛ 50 نەچچە ياشلىق ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ھەيدىگۈچى كۈپكۈندۈزدىلا تېرروروچىلار تەرىپىدىن تاش – توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ؛ غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كاتىپى جياڭ جاۋمىڭنى بىر توپ زوراۋانلار پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كۆيۈۋاتقان قەغەز دۆۋىسىگە تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ؛ قالايمىقانچىلىقتا جەمئىي 198 پۇقرا تاياق ۋە پىچاق يېگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە

www.uyghurweb.net

50 نىڭ يارىسى ئېغىر بولغان. زوراۋانلار تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، بىر خەنزۇنى ئۆلتۈرسەك 1000ى قورقۇپ قاچىدۇ دەپ توۋلاشقان.

شۇنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرى خەلقئارادىكى تېرروررچىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتكەن. ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولغان. بىرى، خەلقئارادىكى تېرروررچىلارنىڭ بازىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ مەشقلەندۈرگەن. يەنە بىرى، خەلقئارادىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتناشقان. مەسىلەن، چوڭ تېرروررچى بىن لادىن ئافغانىستاندىكى بازىسىدا "شەرقىي تۈركىستان"بۆلگۈنچى، تېرروررچىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە تەربىيىلىگەن. پاكىستان ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان"چىلارنىڭ ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرى ئالاقىلىشىش ۋە يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولغان. 2001 – يىلى ئامېرىكا بىن لادىننىڭ بازا تەشكىلاتىغا زەربە بەرگەندە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ئەسىر ئالغان. بەزى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى ئۇنسۇرلىرى تەسىرنى كېڭەيتىش ۋە تەجرىبە توپلاش مەقسىتىدە خەلقئارادىكى ئەسەبىي تەشكىلاتلار، تېرروررچى تەشكىلاتلارنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن يەنە چېچەنىيە ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قاتناشقان.

ئىككىنچى، چەت ئەللەردە تېررورلۇق پائالىيىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانغان. ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى خەلقئارادىمۇ تېررورلۇق ۋە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلغان. 1997 – يىلى 3 – ئايدا چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچىلىرى جۇڭگونىڭ تۈركىيىدىكى ئەلچىخانىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، ئىستانبولدىكى باش كونسۇلخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، كونسۇلخانىغا ئېسىقلىق تۇرغان جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. 1998 – يىلى 3 – ئاينىڭ 5 – كۈنى چەت ئەلدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېررورلۇق تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ تۈركىيە ئىستانبولدىكى باش كونسۇلخانىسىغا بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلغان. 2003 – يىلى 3 – ئايدا قىرغىزىستاندىكى "ئۇيغۇر ياشلىرى ئىتتىپاقى"نىڭ رەئىسى نىغمەت بوساقوف تېرروررچى تەشكىلات – "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى" بىلەن ھەمكارلىششىنى رەت قىلغانلىقتىن ئۇلار تەرىپىدىن ئۆز ئۆيى ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. 2000 – يىلى 5 – ئايدا چەت ئەلدىكى "ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى" مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن بىر شىنجاڭلىق سودىگەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئون مىليون دوللىرىنى قاقتى – سوقتى قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ جيەنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئارقىدىنلا بىشكەكتىكى جۇڭگو تاۋارلىرى بازىرىغا ئوت قويۇۋەتكەن. 5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى تېرروررچىلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئوت قويۇش، تۇتقۇن قىلىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قىرغىزىستانغا ماڭغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى ئادىمىنى

www.uyghurweb.net

يارلاندۇرغان. ئشتىن كېيىن قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەن ھەم 9 – ئايدا تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان قازاقىستانلىق ئىككى ساقچىنى ئۆلتۈرگەن.

ئۈچىنچى، خەلقئارا تېرروررچىلارنى، مەشىق ئەندىزىسىنى ۋە قورال – ياراغلارنى كىرگۈزۈپ، مەشىق بازىسى قۇرغان. 1998 – يىلىدىن باشلاپ "شەرقىي تۈركىستان" تېرروچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. جۇملىدىن دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تېرروررچى تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەت سىرتىدا مەشىقلەندۈرۈلگەن تېرروررچىلىرىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ، چېگرا ئىچىدىكى تەشكىلات ۋە ئەزالار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، تېرروررلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. پەقەت 1998 – يىلىلا چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررلۇق تەشكىلاتى 100 دىن ئارتۇق تۈرلۈك خادىمنى چېگرا ئىچىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا شىنجاڭدىكى تەشكىلات ۋە خادىملار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ تەشكىلات ۋە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قوللىنىش پۇرسىتىنى كۈتۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن. شۇ يىلى 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى چېگار سىرتىدىكى "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مىللىي ئىتتىپاقى" ئەۋەتكەن "ئالاقىچى" ئىلى ۋىلايىتىدە ھەرقايسى تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرىغا "لەخمە قېزىش، ئاكوپ كولاش، ئاشلىق توپلاش"تەك "ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش پەرمانى"نى يەتكۈزۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ، ئىلدا تەك قوزغىلىشقا تەييارلىق كۆرگەن. 6 – ئاينىڭ 25 – كۈنى چېگرا سىرتىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسراپىل باشچىلىقىدىكى تېرروررلۇق تەشكىلاتى كاتتىۋاشلىرى تۇرپانيۇزىدە "يەتتە كىشىلىك يىغىن" ئېچىپ، 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنى ئىلدا تېرروررلۇق قىلىش، توپىلاڭ قوزغاشنى قارار قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مىللىي ئىتتىپاقى"نىڭ "ئىچى – سىرتىدىن تەڭ ماسلىشىش، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، تەڭ ھەرىكەتلىنىش" يولىيورۇقىنى يەتكۈزگەن ھەمدە توپىلاڭنىڭ باشلىقى ۋە ھەربىي قوماندانىنى بېكىتكەن.

1990 – يىلىلا "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرى خەلقئارادىكى تېرروررچىلارنىڭ مەشىق ئۇسۇلىنى دوراپ، شىنجاڭنىڭ چەترەك جايلىرىدا مەخپىي مەشىق بازىسى قۇرغان. "ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى زەربىدارلار ئەترىتى" قاغىلىق ناھىيىسى بەشئېرىق يېزىسىنىڭ بىر چەت يېرىدە مەشىق بازىسى قۇرۇپ تېرروررچىلارنى تەربىيىلىگەن ۋە چېنىقتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشىقىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېرروررىزم نەزەرىيىسى، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ماھارىتى، جىسمانىي چېنىقىش قاتارلىقلار بولغان. بۇ بازا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ، 60 نەچچە تېرروررچىنى تەربىيىلىگەن، بۇ تېرروررچىلار 1991 – يىلىدىن 1993 –

www.uyghurweb.net

يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن مۇھىم تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ ئاساسلىق قاتناشچىلىرىغا ئايلانغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچىلىرى ئېلىمىزگە سىڭىپ كىرىپ، بىۋاسىتە مەشىق بازىسى قۇرغان. بۇ تېرروررچىلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ خەلقئارادىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" تېررورلۇق تەشكىلاتى ئوسمان ھېمىتنى "شىنجاڭدىكى باش قوماندان"لىققا تەيىنلەپ، ئۇ ۋە باشقا ئون نەچچە تېرروررچىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى"نىڭ تارماقلىرىنى ۋە 15 ئورۇندا تېررورلۇق پائالىيىتى مەشىق نۇقتىسىنى قۇرۇپ (زەربە بېرىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى مەشىق نۇقتىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قۇرۇلغان)، 100 دىن ئارتۇق غوللۇق تېرروررچى ئۇنسۇرنى تەربىيىلەپ، بىر تۈركۈم پارتلىتىش قۇرۇلمىلىرىنى ياسىغان. پەقەت ئۈرۈمچىدىلا 23 دانە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى قولغا چۈشۈش بىلەن بىللە يەنە پارتلاتقۇچ ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان 301 (ئالتە توننىدىن ئارتۇق) يەشىك خىمىيىلىك ماتېرىيال قولغا چۈشكەن. 52 يەشىك ماتېرىيال قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن.

چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچى تەشكىلاتلىرى يەنە شىنجاڭغا توختىماي ئوغرىلىقچە قورال – ياراغ يۆتكىگەن. 1998 – يىلى 4 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ئىلىنىڭ قورغاس ئېغىزىدا چېگرىدىن كىرگەن مالغا يوشۇرۇلغان قورال – ياراغ قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 47 تىپلىق ئاپتوماتتىن بىرسى، تاپانچىدىن ئالتىسى، 18 مىڭ پاي ئوق، 110 دانە قول بومبىسى ھەمدە ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان بىر تۈركۈم كاپسۇل ۋە پارتلىتىش دورىسى تېپىلغان. 6 – ئاينىڭ 2 – كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تورغات ئېغىزىدا چېگرىدىن كىرگەنماللار ئىچىدىن 47 پاي راكېتا ئوقى قولغا چۈشكەن. 6 – ئاينىڭ 24 – كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باقتۇ ئېغىزىدا چېگرىدىن كىرگەن ماللار ئىچىدىن 68 قۇتا بىئوخىمىيىلىك زەھەر، ئىككى زەھەر يۇرىكۈگۈچ تېپىلغان.

بۇلار 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە خەلقئارا تېرروررىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىرى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچى كۈچلىرىنىڭ ئىچكى – تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىپ، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا تەھدىت سېلىپلا قالماي، يەنە دۇنيادا بالايىئاپەت پەيدا قىلىپ، خەلقئارا تېرروررىزمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرىنىڭ خەلقئارا تېررورىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەممە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى تەشكىلاتلىرى ئىچىدە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ بىن لادىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولۇپ، ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئافغانىستاندىكى تالىبانلارنىڭ قوللىشى بىلەن تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا خەۋپى ئەڭ زور بولغان تېررورلۇق تەشكىلاتىدۇر. 2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئامېرىكا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى مۈلكىنى توڭلاتتى. 9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئۇنى رەسمىي تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، مال – مۈلكىنى توڭلىتىش، سەپىرىنى چەكلەش، قورال – ياراغ يۆتكەشنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خەلقئارا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ھەممە چەكلەش تەدبىرى قوللانغان تېررورلۇق تەشكىلاتى بولۇپ قالدى.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى ھەسەن مەخسۇم قۇرغان. ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھەسەن ھامۇت بولۇپ، ئافغانىستاندا ئابدۇلمۇھەممەت دېگەن ئىسىمنىمۇ قوللانغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاراپ يېزىسىدىن بولۇپ، 1965 – يىلى 2 – ئايدا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، تۆت يىل دېھقانچىلىق قىلغاندىن كېيىن دەسلەپتە شۇ يېزىدىكى ئابدۇللا ھاجىنىڭ قولىدا تۆت يىل دىنىدا ئوقۇغان، كېيىن قاغىلىقتىكى ۋەھھابىيىچى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ قولىدا تۆت يىل ئوقۇغان. ئابلىكىم مەخسۇم مىللىي ئۆچمەنلىكنى تەرغىب قىلىدىغان بىر دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر بولۇپ، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن نەچچە يۈزلىگەن مىللىي بۆلگۈنچى ۋە تېررورچىنى تەربىيىلىگەن. ھەسەن مەخسۇم ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، "غازات"نى تەرغىب قىلغان. 1990 – يىلدىن 1997 – يىلغىچە قانۇنسىز دىن تارقاتقانلىقى ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن تۆت قېتىم سوراق قىلىنغان. 1997 – يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

ھەسەن مەخسۇم چېگرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپلىگەن "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان. ئۇ ئالدى بىلەن قىرغىزىستاندىكى بىشكەكتە سودا قىلغانلىقى ۋە شۇ جايدىكى تۈر بازىرى مەسچىتىدە ئىمام بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقى ۋە "غازات"نى تەشۋىق قىلغان. ئارقىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا قىلىۋاتقان بىر

تۈركۈم ۋەھھابىيلار ۋە قاچقۇنلارنى يىغىپ، 1995 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى" ("شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" ياكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى قۇرغان. تالىبانىنىڭ ۋە پاكىستاندىكى "ئاللا پارتىيىسى"نىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا ۋە پاكىستانىنىڭ پىشاۋۇر رايونىغا بارغان. يامان يامانغا يانتاياق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەشكىلاتى ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىدىكى "ئاللا پارتىيىسى"نىڭ تارماق ئاپپاراتى بولۇپ، بىر لادىنىنىڭ مەبلەغ ۋە قورال ياردىمىگە ئېرىشكەن. "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى"، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ ئەڭ دەسلەپكى گەۋدىسىدۇر.

ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى"نىڭ تەسىرى زور بولغانلىقتىن، چەت ئەلدىكى باشقا رايونلاردىكى بەزى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئۇنىڭ بىلەن بىرلىششنى ئىستىگەن. 1998 – يىلى 3 – ئايدا تۈركىيەدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ رەئىسى مۆھەممەت ئىمىن ھەزرەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەسەن مەخسۇم بىلەن ئالاقىلەشكەن ھەمدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپ بېشكەكتە ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام غازاتچىلىرى ئىتتىپاقى"نى تەشكىللىگەن. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئىچكى نىزا تۈپەيلى ھەرقايىسسى ئۆز يولىغا ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام غازاتچىلىرى ئىتتىپاقى"مۇ پارچىلانغان.

1999 – يىلى باھاردا، ھەسەن مەخسۇم "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى"نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم سودىگەرلەرنى يىغىپ ئافغانىستانغا بارغان ھەم تالىبانىنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام غازاتچىلىرى تەشكىلاتى" قۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ 360 تىن ئارتۇق قوراللىق ئادىمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 60 نەچچىسى ھەسەن مەخسۇمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولغان، قالغان 300 نەچچىسى تالىبان قىسمىغا كىرىپ، كابۇلدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېسىراك بازىسىدا ھەربىي مەشىق قىلغان. بەزىدە ئافغانىستان، چېچېنىيە ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلاردىكى غازاتلارغا ئەۋەتىلگەن. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ بارلىق ئەزالىرى تەشكىلاتقا قاتناشقاندا كالليسى دىنىي ئىدىيە بىلەن پاكلىنىپ، "ئىسلام دۆلىتى"نى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. تاياىچىلارغا يەنە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدۇرۇلغان. بارلىق ئەزالار تىزىملىنىپ ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. مەشىق ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەن، پەيلەر بويىچە تالىبان قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلگەن، ئۇلار "شەرقىي تۈركىستان" دۆلەت بايرىقىنىڭ بەلگىسىنى مەيدىسىگە قاداپ يۈرگەن. ئۆزئارا سىمسىز تېلېفون ئالاقىسى قىلغان، خالىغان چاغدا يىغىلالىغان.

تەرجىمە سەۋەبىدىن "شەرقىي تۈركىستان غازاتچىلار تەشكىلاتى"، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" خەلقئارادا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

www.uyghurweb.net

تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى" بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" (يەنە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ ئافغانىستاندىكى ھاسىلاتى. ۋەھالەنكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام غازاتچىلىر تەشكىلاتى"نىڭ قۇرۇلۇشى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى رەسمىي قوراللىق كۈچكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" خەلقئارادىكى تېررورچىلار بىلەن ئىبغىز – بۇرۇن يالىشىپلا قالماي، شىنجاڭغا قاراتقان تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىمۇ باشلىۋەتكەن. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ رەھبەرلىك يادروسى: ھەسەن مەخسۇم (رەئىس)، بىلال (باش كاتىپ )، داموللا (ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، پارتلىتىش مۇتەخەسسىسى، شىنجاڭ خوتەندىن)، ئابدۇراخمان (تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى, شىنجاڭ مەكىتتىن)، سەيپۇللا (مالىيە بۆلۈم باشلىقى, شىنجاڭ يەكەندىن) قاتارلىقلار بولغان. ئۇلار "قۇرئان كەرىم" ۋە "ھەدىس"نى نەزەرىيە ئاساسى ۋە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلاملاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكۈزۈش، دۆلەت، مىللەتنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، شىنجاڭدا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇشنى مەقسەت، غازات قىلىش، قورال كۈچى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان"نى ئازاد قىلىشنى ھەرىكەت پروگراممىسى قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ نىشانى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قۇتراتقۇلۇقىنىڭ ۋە "شەرقىي تۈركىستان" كۈچلىرىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىغا ئايلانغان. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ خىراجىتى بىرى تاشقى ياردەمدىن، مەسىلەن، بىن لادىننىڭ بازا تەشكىلاتى بەرگەن ئىقتىساد ۋە قورال – ياراغ ياردىمىدىن، يەنە بىرى زەھەر ئەتكەسچىلىكى ۋە قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى بايلىق تويلاشتىن، مەسىلەن، ئافغانىستاندىكى زەھەرلەردىن پايدىلىنىپ زەھەر ئەتكەسچىلىكى قىلىش، چەت ئەلدىكى شىنجاڭلىق سودىگەرلەردىن مەجبۇرىي ئىئانە يىغىش، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاقتى – سوقتى قىلىش قاتارلىقلاردىن كەلگەن.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ بىر يۈرۈش تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بولۇپ، باش شتابى ئافغانىستاننىڭ كابول شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ قارىمىقىدا "كۆچمەن غازاتچىلار مەدرىسى" بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن، بولۇپمۇ شىنجاڭدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەسەبىي دىنىي ئىدىيە ۋە جۇڭگونى پارچىلاش ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلىگەن ؛ يەنە كۆتۈپخانىسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە "شەرقىي تۈركىستان"غا ئائىت كىتاب – ژۇرناللارنى توپلىغان. "ئىسلام ئاۋازى" دەيدىغان يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا تارقىتىلغان. تەرجىمە بۆلۈمى ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە ۋە پۇشتۇچە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلغان ۋە باسقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئىلمىزنىڭ شىنجاڭ،

www.uyghurweb.net

قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا 13 تارماق ئاپپارات تەسىس قىلغان.

"شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" خەلقئارا تېررورىزمنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. چېگرا سىرتىدا ئۇ تالىبان ۋە ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ تەركىبىدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. شۇنداقلا، بىن لادىن بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭ يولىيورۇقى، ئىقتىسادىي ياردىمى، مەشىق ياردىمى ۋە قورال – ياراغ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، بازا تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ھەرىكىتى" ئىلمىزدە كۆپ قېتىم تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمەلىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى بولغان "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاللا پارتىيىسى" 1998 – يىللا شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى باشلىۋەتكەن. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا تېخىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، چېگرا ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى" قاتارلىق بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇن نەچچە مەشىق بازىسى ۋە تېخىمۇ كۆپ مەشىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، 15 قاراردا جەمئىي 150 دىن ئارتۇق تېررورچىنى تەربىيىلىگەن، شىنجاڭغا كۆپ مىقداردا قورال، جۇملىدىن مىلتىق، تاپانچا، ئوق – دورا، كاپسۇل، قول بومبىسى ۋە گرانات قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەن، يەر ئاستى "ھەربىي زاۋۇت" ۋە پارتلاتقۇچ ياساش ئۇۋۇلىرىنى قۇرغان، ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە "شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى" ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزگەن ۋە تارقاتقان. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلىرى، مەسىلەن 1998 – يىلى 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنىدىكى ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ ئامبىرىنى پارتلىتىش دېلوسى، 1998 – يىلى 2 – ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈز بەرگەن 2 مىليون 470 مىڭ يۈەننى قوراللىق بۇلاش دېلوسى، 1999 – يىلى 2 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈز بەرگەن توتقۇن قىلىش دېلوسى، 1999 – يىلى 3 – ئايدا خوتەن شەھىرىدە يۈز بەرگەن پارتلىتىش دېلوسى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىدا تېررورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇش ۋەقەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قورالىق كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى تالىبان ۋە بىن لادىنغا ھەربىي زەربە بەرگەندە، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نىڭ ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ 70 تىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تايانچ ئۇنسۇر ھابىل ئۆمەر قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئادەم ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ مازارى شەرىفتىكى بومباردىمانىدا ئۆلدى؛ باشقا 20 ئادەم ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تورابورا تاغلىق رايونىغا قىلغان ھۇجۇمىدا ئۆلدى. 54 ئادىمى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشتى. قالغان 300 دىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا

ئافغانىستاندا يوشۇرۇنۇپ يۈرمەكتە. بىر قىسمى سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، ئىران ۋە تۈركىيىدە قېچىپ يۈرمەكتە. يەنە بىر قىسمى يوشۇرۇن شىنجاڭغا قايتقان بولۇپ، بەزىلىرى ساقچىلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇلدى. ھەسەن مەخسۇم ئىزچىل ئافغانىستان تەۋەسىدە ۋە پاكىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار ۋە چېگرا باشقا "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاندى. 2004 – يىلى 10 – ئايدا ئۇ پاكىستاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

### 4. توپىلاڭ ۋە قوراللىق قارشىلىششىنىڭ كۆپىيىشى

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن خەلقئارادىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېرروررىزمنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى تېرورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار پىلانلاپ تەشكىللىگەن قوراللىق قارشىلىششىمۇ كۆپەيدى. نوپۇزلۇق ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1990 – يىلدىن 2000 – يىلى 6 – ئايغىچە بۆلگۈنچى، تېرورچىلار ج خ تارماقلىرى بىلەن 57 قېتىم قوراللىق قارشىلاشقان ۋە ئېتىشقان. ج خ ساقچىسى ۋە قوراللىق قىسىم ئوفىتسېر – ئەسكىرىدىن 26 سى قۇربان بولۇپ، 74 ى يارىلانغان. پۇقرالاردىن 140 ى ئۆلۈپ، 371 ى يارىلانغان.

(1) بارىن توپىلىڭى. 1990 – يىلى 5 – ئاينىڭ 5 – كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ تىپىك قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ، بۇ توپىلاڭنى زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" پىلانلاپ تەشكىللىگەن.

1990 – يىلى 3 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بارىن يېزىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەردە كۆپ قىسىم ئېتىقادچىلارنىڭ "قۇرئان" تۇتۇپ قەسەم بېرىۋاتقانلىقى ۋە ئۆشرە – زاكات يىغىۋاتقانلىقىدەك بىنورمال ئەھۋالنى بايقاپ كۆپ قېتىم كادىر ئەۋەتىپ تەكشۈرگەن. زەيدىن يۈسۈپ "ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى"نى كۆرۈپ، ئادەملىرىنى يىغىپ قورال مەشىقى قىلىشقا باشلىغان. ھەتتا كەنتلەر بويىچە تېز سۈرئەتتە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاشكارا دېگۈدەك شۇغۇللانغان.

4 – ئاينىڭ باشلىرىدا زەيدىن يۈسۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ 4 – ئاينىڭ 1 – ۋە 4 – كۈنلىرى قەشقەرگە ئىككى قېتىم بېرىپ، قەشقەردىكى ئەزاسى قەمبىرىدىن (تۇرپانلىق) بىلەن نىزامىدىننى تۇرپانغا تۆمۈريول، پويىزنى پارتلىتىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان ھەم قەشقەر گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارغا "ئەتە (4 – ئاينىڭ 5 – كۈنى) بارىننىڭ بازار كۈنى بىز ئىش باشلايمىز، مۇسۇلمانلار سودا قىلمىسۇن، مۇسۇلمان ئاياللار كوچىغا چىقمىسۇن. سودا قىلغانلارنى كۆرۈپ

www.uyghurweb.net

قالساق، يايمىلىرىنى دەسسەپ – چەيلەپ، چاچلىرىنى كېسىۋېتىمىز. بىز مۇشۇنداق قىلساق، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ. ئەمىسە مۇشۇنداق بولسۇن!" دېگەن ھەمدە قەشقەردىكى ئەزالارنىڭ بارىن توپىلىڭغا ماسلىششىنى تەلەپ قىلغان.

4 – ئاينىڭ 5 – كۈنى سەھەردە بارىنغا قايتىپ كەلگەن زەيدىن يۈسۈپ ھۆكۈمەتنىڭ بارىنغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىشنى قارار قىلغان. ئۇ 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋېلىپ "لائىلەھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا" دەپ تەكبىر ئېيتىپ، نامايىش قىلغان. چۈشتىن كېيىن زەيدىن يۈسۈپ يەنە جىددىي يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشنى قارار قىلغان ھەمدە ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى قىلىپ، 300 دىن ئارتۇق ئەزانى يىغقان. چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىلەر ئەتراپىدا بارىننىڭ تەرتىپىنى قوغداشقا كەلگەن ج خ، قورallıق قىسىم ساقچىلىرى ۋە ئوبلاستتىن، ناھىيىدىن كەلگەن كادىرلار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگەندە، زەيدىن يۈسۈپ زوراۋانلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، ئۇلارنى تىللىغان ۋە ئۇرغان ھەمدە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قاپسىۋالغان. سائەت سەككىزلەردە ج خ ئورگىنى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن بەش تۈتۈپ سوراق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، غوللۇق ئۇنسۇر جامال مەمەت قاتارلىق 18 ئادەمنى تۇتۇپ سوراق قىلغان. ۋەھالەنكى، زوراۋانلار زەيدىن يۈسۈپ بىلەن ئىسھاق ھوشۇرنى تۇتۇپ سوراق قىلىشقا بارغان ئالتە ساقچىنىڭ بەش تال تاپانچىسى، سۆزلىشىش ئاپپاراتى، كويزا ۋە توك كالتەكلىرىنى تارتىۋېلىپ، فورمىسىنى مەجبۇرىي سالدۇرۇۋالغان. كەچ سائەت 11 لەر ئەتراپىدا زەيدىن يۈسۈپ زوراۋانلارغا قوماندانلىق قىلىپ، ناھىيىدىن كەلگەن قوراللىق ساقچى قىسىم چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىككى پىكاپىنى توسۇۋېلىپ، پىكاپتىكى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى شۇ چيەنشىن، خوجىلىق باشلىقى ۋاڭ جىڭپىڭ، بوغالتىر لۇ جيەنخۇي، كاسسىر گو شۆۋېن، قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارماق ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى تيەن جۇڭفېڭ، ۋۇيۇڭ قاتارلىق ئالتە كىشىنى دۇمبالاپ، پىچاق تىقىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. زوراۋانلار ئاپتوماتتىن بىرنى، تاپانچىدىن بەشنى بۇلاپ، ئىككى پىكاپنى گرانات تاشلاپ پارتلىتىۋەتكەن. ئارقىدىنلا زەيدىن يۈسۈپ زوراۋانلارغا بارىنغا تۇتىشىدىغان تېلېفون سىمى ۋە رادىئو سىمىنى ئۈزۈۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يار كۆۋرۈكى ۋە يېزىلىق توك باشقۇرۇش پونكىتىنى پارتلىتىۋېتىشكە ئادەم ئەۋەتكەن (ئەمەلگە ئاشمىغان).

4 – ئاينىڭ 6 – كۈنى كېچە سائەت 12 دە زوراۋانلار تۇتۇۋالغان ساقچىلارغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ، بۇلىۋالغان سۆزلىشىش ئاپپاراتى بىلەن "ئەسىر ئالماشتۇرۇش"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوشۇلمىسا تۇتۇۋالغان ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان. يەنە يېزىلىق

ھۆكۈمەت ئىچىدىكى قورشاۋدا قالغان بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ قوراللىرىنى تاشلاپ دەرھال تەسلىم بولۇشىنى، بۇنىڭغا يېرىم سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى، ئۇنداق قىلمىسا "تېخىمۇ قاتتىق تەدبىرلەر"نى قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 4 – ئاينىڭ 6 – كۈنى سائەت 4 تىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، زەيدىن يۈسۈپ زوراۋانلارغا قوماندانلىق قىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ئۆزلىرى ياسىۋالغان گرانات، پارتلاتقۇچلارنى تاشلىغان ھەم ئوق ئاتقان. ج خ، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر – جەڭچىلىرى قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، زەيدىن يۈسۈپ بىلەن گرانات، پارتلاتقۇچلارنىڭ پىلىككە ئوت يېقىۋاتقان زوراۋاننى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان زوراۋانلار تىرىپىرەن بولۇشقا باشلىغان. 4 – ئاينىڭ 6 – كۈنى سائەت بەشلەر ئەتراپىدا، ياردەمگە بارىدىغان ئارمىيە، ساقچىلار مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى 18 – پىيادىلەر تۇەنىنىڭ ئىككى يىگى، توپچىلار تۇەنىنىڭ ئىككى يىگى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، يېزا ئىگىلىك 3 – شىسى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى ھەمدە ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بارىن يېزىسىدىكى زوراۋانلارنى ئومۇميۈزلۈك قوراللىق قورشىغان. سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىم يار كۆۋرۈكى ئەتراپىدا مۆكۈپ ياتقان ئەمەت مەمەت باشچىلىقىدىكى 50 نەچچە زوراۋاننى تارماق قىلغان. ئابدۇغېنى تۇرسۇن قاتارلىق 16 تايانچ ئۇنسۇر قوراللىرىنى ئېلىپ خانتېرەك تاغلىق رايونغا قاچقان. توپىلاڭنى تىنچىتىش قوماندانلىق شتابى چېگرا يولىنى قامال قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قورالىق ساقچىلار ۋە خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن 346 كىشىلىك باندىت قوغلاش تارماق ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئەترەت ئۈچ كۈندە ئىككى قېتىم جەڭ قىلىپ، ئاخىرى قالدۇق دۈشمەنلەرگە كۆپ تەرەپتىن زەربە بېرىپ ھەمدە ئۆلارنى تاغدا قورشىۋېلىپ، 16 توپىلاڭچىنىڭ توققۇزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يەتتىسىنى تىرىك تۇتقان.

زەيدىن يۈسۈپ پىچانغا تۆمۈر يول ۋە يۈك پويىزىنى پارتلىتىشقا ئەۋەتكەن قەمبىدىن بىلەن نىزامىدىن 12 ئادەمنى يىغىپ، 4 – ئاينىڭ 22 – كۈنى كەچتە ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ پارتلاتماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. كېيىن ئۆلار 12 نەپەر توپىلاڭچى بىلەن بىرگە قولغا چۈشكەن.

بارىن يېزىسىدىكى بۇ قېتىمقى قوراللىق توپىلاڭدا جەمئىي 16 توپىلاڭچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 508 ى تۇتۇپ سوراق قىلىنغان. جاپالىق ۋە تەپسىلىي سوراق قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" بۆلگۈنچىلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغانلىقى ۋە تەشكىللىگەنلىكى دەلىللەنگەن. ئاخىرىدا ج خ ئورگانلىرى 124 توپىلاڭچىنى قولغان ئالغان، 40 توپىلاڭچىغا جازا

ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. يەنە 378 ئادەم تەربىيە بېرىپ قويۇۋېتىلگەن ياكى كېيىلىككە بېرىلگەن. توپىلاڭنى پىلانلىغۇچى، تەشكىللىگۈچى ۋە قوماندانلىق قىلغۇچى جەمئىي سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، تۆتى قولغا چۈشكەن. ج خ تارماقلىرى جەمئىي 16 تال مىلتىق (ئۇنىڭ 15نى توپىلاڭچىلار ساقچىلارنىڭ قولىدىن بۇلىۋالغان)، 470 پايدىن ئارتۇق ئوق، 243 يەرلىك گىرانات، 53 كىلوگرام پارتلاتقۇچ، 512 دانە پىستان، 180 دانە چوڭ – كىچىك قىلىچ، 10423 يۈەن ھەرىكەت خىراجىتى، ئۈچ موتسىكلىت، بەش تۇياق ئات قولغا چۈشۈرگەن.

بارىن يېزىسىدىكى قوراللىق توپىلاڭدىن باشقا، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرىنىڭ 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىكى پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئاشكارا، بىۋاسىتە قوراللىق قارشىلىشىش، ھەتتا قوراللىق كۈچ ئارقىلىق "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە جار سېلىش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنىگىچە بولغان ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا ئالتە قېتىم قوراللىق قارشىلىشىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، زوراۋان تېررورچىلاردىن 18 ى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، 13 ى يارىلاندۇرۇلدى. ج خ ساقچىلىرىدىن بىرسى قۇربان بولۇپ، ئۈچ ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

(2) شايار ناھىيىسىدىكى "12 – ئاپرېل" قوراللىق ئېتىشىشى. شايار ناھىيىسىدىكى ياش تالىپلاردىن ئابدۇللا قاسىم، ئەيسا ياقۇپ، مەمەت ئابدۇللالار تېررورچىلار بولۇپ، شايار ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى سەھەر سائەت 1 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئۆيىنى قورشىغان. ئابدۇللا قاتارلىق ئۈچ جىنايەتچى ئوق چىقىرىپ بىر ساقچىنىڭ بېشىنى يارىلاندۇرغان. ساقچىلارمۇ قايتۇرما زەربە بېرىپ، بۇ ئۈچ جىنايەتچىنى يارىلاندۇرۇپ تىرىك تۇتۇپ، نەق مەيداندىن ئىككى تال مىلتىق، 45 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈرگەن.

(3) كۇچادىكى "15 – ئاپرېل" قوراللىق ئېتىشىشى. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى كۇچا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايەتچى ئابدۇسەممەت بەكرى ۋە سەدىردىنلەرنىڭ مۇشۇ ناھىيىگە مۆكۈنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. ئابدۇسەممەت بەكرى يېڭىسارلىق بولۇپ، ئونسۇدىكى "10 – فېۋرال" قوراللىق بۆلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىدىكى غوللۇق ئۇنسۇر ئىدى. سەدىردىنمۇ يېڭىسارلىق بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرىنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋەتكەنلىكتىن ۋە بۆلاڭچىلىق قىلغانلىقتىن قەستەن زەخمىلەندۈرۈش ۋە بۆلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن 20 يىللىق كېسىلگەنىدى. كېيىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قېچىپ ئابدۇسەممەت بەكرىنىڭ شايىكىسىغا قاتناشقانىدى. شۇ كۈنى سەھەر سائەت تۆتتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ساقچىلار ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال

www.uyghurweb.net

ئۇلار تۇرغان ئۆينى قورشىغان. بۇ ئىككى جىنايەتچى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوق چىقارغان. ساقچىلارمۇ ئامالسىز ئوق چىقىرىپ بۇ ئىككى جىنايەتچىنى يارىلاندۇرۇپ، قولغا چۈشۈرگەن ھەم جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆيىدىن 64 تىپلىق تاپانچىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بەش دانە تاپانچا، بىر دانە كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق، 33 دانە تەۋرەتكۈچ بومبا، 6.5 كىلوگرام پارتلاتقۇچ، ئۈچ دانە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، مىڭغا يېقىن پىستاننى قولغا چۈشۈرگەن.

(4) توقسۇ ناھىيىسىدىكى "15 – ئاپرېل" قوراللىق ئېتىشىشى. ئونسۇ ناھىيىسىدىكى "10 – ئاپرېل" قوراللىق بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىدىكى بەش نەپەر جىنايەتچىنىڭ كۆچاغا قېچىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كۆچا ساقچىلىرى ئۇلارنى قاتتىق ئاختۇرغان. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى بۇ بەش جىنايەتچى ساقچى تەرەپنىڭ ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى بىلەن سانتانا ماركىلىق بىر قىزىل پىكاپنى ھەيدەپ ئالاقزادە بولۇپ قاچقان. ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش پونكىتى چازىسىغا كەلگەندە، ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان. جىنايەتچىلەر تەكشۈرۈشنى رەت قىلىپ، ساقچىلار ماشىنىغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارغا ئوق چىقارغان. ساقچىلارمۇ قايتۇرۇپ ئوق چىقارغان. يېرىم سائەتلىك ئېتىشىشتىن كېيىن، جىنايەتچىلەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ماشىنىسىدىن 79 تىپلىق ئۈچ دانە مىلتىق، ئالتە تال تاپانچا، 300 نەچچە پاي ئوق، ئۈچ دانە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، 1.5 كىلوگرام پارتلاتقۇچ، 17 تال پىستان، ئالتە دانە قىلىچ، ئالتە دانە ياش ئاققۇزغۇچ بومبا، بىر دانە توك تاپانچا چىققان. بۇ قېتىمقى ئېتىشىشمۇ ئونسۇدا يۈز بەرگەن "10 – فېۋرال" بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى پاش قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ دېلودىكى يەتتە جىنايەتچىنىڭ بىرسى قېچىپ كەتكەندىن باشقا ھەممىسى قولغا چۈشكەن.

(5) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى "23 – ئاپرېل" قوراللىق ئېتىشىشى. ئۈچ نەپەر زوراۋان تېرروررچى ئۈنسۇر ئۈرۈمچىگە كىرىپ، زوراۋانلىق، تېرروررلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا ئاتلانغان. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 23 – كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە ئاختۇرۇپ تۇتۇۋاتقان كادىر ساقچىلار ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى سەنشىخاڭزا ئەتراپىدا قورال كۆتۈرۈۋالغان بۇ ئۈچ قارانىيەتچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. قارانىيەتچىلەر ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىر ساقچىنى يارىلاندۇرغان. جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى دەرھال ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، قارانىيەتچىلەرنىڭ بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرسىنى يارىلاندۇرغان. يەنە بىرسى دەرھال قاچقان. لېكىن، تورپانغا قېچىش يولىدا چازىدا تۇرغان ساقچىلار ئۇنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ تۇتۇۋالغان. بۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى جىنايەتچىلەردىن ئۈچ تاپانچىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدە

www.uyghurweb.net

زوراۋانلىق، تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلغان. لېكىن، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇمچىدە كۈپكۈندۈزدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى بىلەن ئاشكارا قوراللىق ئېتىشىشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بېرى تولىمۇ ئاز كۆرۈلگەن ئىش ھېسابلىنىدۇ.

(6) كۇچا ناھىيىسىدىكى "2 – ماي" قوراللىق ئېتىشىشى. 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى كۇچا ناھىيىسىدە "29 – ئاپرېل" پارتلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەرگەن. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنى كەچتىن باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا، توقسۇ، شايار، بايدىن ئىبارەت تۆت ناھىيىسىدە زور كۆلەملىك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ياسىن موللامەت قاتارلىق توققۇز كىشى ئۈركۈگەن قۇشتەك ئالاقزادە بولۇپ تەرەپ – تەرەپكە قاچقان. 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى سەھەر سائەت تۆتلەردە قورقۇپ ھوشىنى يوقاتقان ئۈچ قارانىيەتچى ئالاقزادىلىك ئىچىدە پارتلاتقۇچنى پارتلىتىپ سىلىپ ئۆلگەن. قوغلاپ تۇتقۇچى ساقچىلار نەق مەيدانغا تەكشۈرگىلى كەلگەندە قارانىيەتچىلەر ئوق چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغان. ساقچىلار دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىپ، بىر قارانىيەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. قالغان بەش قارانىيەتچى ئامالسىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پارتلاتقۇچنى پارتلىتىپ ئۆلۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ تويوتا ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى ماشىنا بىلەن قوشۇپ پارتلىتىۋەتكەن. بۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا ج خ خادىملىرى ئۈچ تاپانچا، كىچىك كالىبىرلىق مىلتىقنىڭ ئوقىدىن 100 پايدىن ئارتۇق، ھەربىيچە سۇدادىن ياسالغان ئۈچ دانە بومبا، 18 تال خەنجەرنى قولغا چۈشۈرگەن. تەكشۈرۈش ۋە تېخنىكىلىق باھالاش ئارقىلىق بۇ توققۇز قارانىيەتچىنىڭ "29 – ئاپرېل" پارتلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى سادىر قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن.

(7) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى "27 – ماي" قوراللىق ئېتىشىشى. 1996 – يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى هاراپ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت ۋە مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەر مەمەتلەر ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋە توسۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋېتىپ، بۇ يېزىنىڭ 8 – كەنتىدە ئۈچ نەپەر گۇمانلىق كىشىنى بايقىغان. ئالدىغا بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلار ئوق چىقارغان. مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ئۆمەر مەمەت ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. ئابلىمىت ئېغىر يارىلانغان. جىنايەتچىلەر دەرھال قېچىپ كەتكەن. كەچ سائەت 21 دە قوغلاپ تۇتقۇچى ساقچىلار 8 – كەنتكە قوشنا بولغان 7 – كەنتتە جىنايەتچىلەرنى قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار قۇلاق سالماقتا يوق ئوق چىقارغان. ساقچىلارمۇ قايتۇرما زەربە بېرىپ، جىنايەتچى نۇرمەمەتنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. جىنايەتچى سەيپۇللا ئېغىر يارىلىنىپ قولغا چۈشكەن. يەنە بىر جىنايەتچى قېچىپ كەتكەن. ساقچىلار نەق مەيداندىن كىچىك كالىبىرلىق ناگاندىن 2 نى،

www.uyghurweb.net

خەنجەردىن بىرنى قولغا چۈشۈرگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئۈچ نەپەر جىنايەتچىنىڭ قەشقەردىكى "12 – ماي" هارۇنخان هاجى داموللىنى قەستلەش دېلوسىدىكى قاتىللار ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە يۈز بەرگەن "12 – ماي" قاتىللىق دېلوسى پاش قىلىنغان.

1997 – يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن "5 – فېۋرال" ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى بۆلگۈنچى، تېررورچىلار يەنىمۇ قۇتراپ كۆپ قېتىم قوراللىق قارشىلىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئېتىشىشقان.

### 5. خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش – پايانسىز قىرغاقتا تېڭىرقاپ يۈرۈش

خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش ۋە ئۆز ئالدىغا تالىپ قوبۇل قىلىش قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ مۇهىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش ۋە ئۆز ئالدىغا تالىپ قوبۇل قىلىش 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان ھەم 1989 – يىلى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ (سىنىپ) 398 گە يېتىپ، ئوقۇغۇچىلار ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتكە ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلار خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن بۇ خىل تەسىر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. 1990 – يىلى يۈز بەرگەن بارىن يېزىسىدىكى توپىلاڭ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، دىنىي مەكتەپ ئاچقان دىنىي زاتلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكى، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەردە "قۇرئان كەرىم" سۆزلەنگەندىن باشقا، ئاساسلىقى "غازات تارىخى" ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل مەزمۇنلار سۆزلەنگەنلىكى، يەنە چامباشچىلىق دەرسىمۇ ئۆتۈلگەنلىكى، دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان تالىپلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ دىنىي ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىدىيىسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولغانلىقى، بارىن توپىلىڭىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، پىلانلىغۇچىسى، تايانچىلىرى ۋە لۈكچەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققانلار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. شۇڭا تەكشۈرۈشتە: "دىنىي مەكتەپلەر بىز بىلەن ياشلار – ئۆسمۈرلەرنى تالىشىدىغان، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنى تەربىيىلەيدىغان بازىغا ئايلانغان، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان تالىپلارنىڭ ھەممىسى ئەسەبىي دىنىي ئۇنسۇرلاردۇر" دەپ قارالغان.

www.uyghurweb.net

تالىپ – ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "ئىزدەنگۈچى"، "ئوقۇغۇچى" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچى ئادەتتە مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە مۇسۇلمانلار تالىپلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنى دىنىي بىلىمى مول دەپ قارايدۇ. تالىپلارمۇ كۆپىنچە دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خېلى كۆپ قىسىم تالىپلار يەنىلا ئەنئەنىۋى مەنىدىكى تالىپلاردۇر. ئۇنداقتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشتە نېمىشقا مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇ ھەم مۇشۇنداق خۇلاسە چىقىرىلىدۇ ؟ بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىمە پەيدا قىلغانلىق ياكى تۆگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتكەنلىك ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبى بار. ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئېيتقاندا، ئۇ خەلقئارادىكى دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇشنىڭ ۋە ئەسەبىيلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بىزگە ئايانكى، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئېقىمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇنىڭ سىياسىيلىشىش ۋە زوراۋانلىق يولىغا مېڭىش يۈزلىنىشى جەنۇبىي ئاسىيادا بارغانسېرى گەۋدىلىك بولدى. ئافغانىستاندىكى تالىبانلار دەل مۇشۇ خىل ئېقىمنىڭ ئەمەلىيەتتىكى بىر مىسالى. تالىبان تالىپ بىلەن بىر مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئوخشاشلا ئىسلام ئوقۇغۇچىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تالىبان ئارمىيىسى سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئەسەبىي ھەرىكەت قىلىپ ئەتراپتىكى باشقا رايونلارغا ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى. بۇ خىل ئەھۋال چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىش مۇھىم نۇقتىسى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭغا شۈبھىسىزكى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. سەۋەبىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تالىپلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام ئەقىدىسىدىن چەتلەپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكىدىن بولغان. خەلقئارا "تەجرىبە"لەرنى ئۈلگە قىلغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئىشنى دىندىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يادرولۇق كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ، دىنىي ئەسەبىيلەشتۈرۈش، سىياسىيلاشتۇرۇش ۋە ھەربىيلەشتۈرۈشنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۇنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى يادرولۇق كۈچ قىلماقچى بولغان.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990 – يىلى 9 – ئاينىڭ 16 – كۈنى ئېلان قىلغان "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى"نىڭ 6 – ماددىسىنىڭ 6 – تارماقچىسىدا: "ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي مەكتەپ، دىنىي كۇرس ئېچىشقا، دىن مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرگە دىنىي ئىدىيە سىڭدۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1994 – يىلى 7 – ئاينىڭ 16 – كۈنى يەنە "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى" نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا: "دىنىي تەشكىلاتلار ئېھتىياجىغا قاراپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن دىنىي

www.uyghurweb.net

ئىنستىتۇتلارنى ئاچسا بولىدۇ ؛ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ۋىلايەتلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى (مەمۇرىي مەھكىمە)نىڭ تەستىقى بىلەن دىنىي كۇرس (نۇقتا)لارنى ئېچىپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلىسە بولىدۇ. تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۈرۈپ ھەرقانداق تەشكىلات، شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ۋە دىنىي كۇرس (نۇقتا)لارنى ئېچىشىغا بولمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. ئالاقىدار تارماقلار مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ ئاچقانلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. لېكىن، بۇ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئانچە ئوڭۇشلۇق بولماي، قەدەمدە بىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇردى. يەنە كېلىپ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىمۇ دىندىن پايدىلىنىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئالدىغا دىنىي كۇرس (نۇقتا) ئېچىش ۋە ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەشنىڭ ۋاستىلىرىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈش بېسىمى نىسبەتەن زور بولغانلىرى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى. 1996 – يىلى 3 – ئايدا مەركەز «1996» 7 – نومۇرلۇق ھۆججەتنى چۈشۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: "مەخپىي دىنىي مەكتەپلەر، ماھارەت ئۆگىنىش ئورۇنلىرى، تەبلىغ سۆزلەش ئورۇنلىرى قاتارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قەتئىي بىكار قىلىش كېرەك. مەخپىي (تالىپ)لارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايىتى ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دىنىي نۇقتىلاردا تەربىيىلىنىپ چىققان تالىپلارنى بىر – بىرلەپ تىزىملاش، قاتتىق تىزگىنلەش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكىلىرىگە ئاساسلىقى تەنقىد – تەربىيە بېرىش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغانلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك" دەپ تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تەپسىلىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ،مەمۇرىي ۋاستىلەرنى تولۇق ئىشقا سالدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە قاتارلىق تارماقلارمۇ قانۇن بويىچە خىزمەتلەرنى بىرلىكتە قانات يايدۇرۇپ مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزىدى. 1998 – يىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاپپاراتلىرى دىنىي نۇقتىدىن 209 نى، ماھارەت ئۆگىتىش نۇقتىسىدىن 17 نى، تەبلىغ ئاڭلىغۇچى ۋە ماھارەت ئۆگەنگۈچىدىن 2203 ئادەمنى تېپىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق خالىغانچە دىنىي مەكتەپ ئېچىش ۋە ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەش ۋەزىيىتىدە خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان خېلى كۆپ تالىپ جەمئىيەتكە بىۋاستە سىڭىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ياكى بىۋاستە "شەرقىي تۈركىستان" كۈچلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى مۇقەررەر. شۇڭا، بىز يۈكسەك ھوشيار ھالەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك.

6. بۆلگۈنچىلىك ھەققىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن باشلاپ چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان"چىلار تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك زەھىرى تارقىتىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەققىدىكى جامائەت پىكرىنى بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار سودا، ساياھەت، تۇغقان يوقلاش ۋە ئوغرىلىقچە توشۇش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىگە 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، گېزىت – ژۇرناللارنى ئېلىپ كىرىپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەققىدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. ئۇلار يەنە ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا، ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا گېزىت، رادىئو ئىستانسىسى تەسىس قىلىش، ھەتتا ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق شىنجاڭ ياكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا شىنجاڭنى بۆلۈپ چىقىش ھەققىدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. چېگرا ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر داۋاملىق تۈردە شوئار چاپلاش، تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىش، ئىمزاسىز خەت يېزىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قۇتراتقۇلۇقى قىلغاندىن سىرت، يەنە كىتاب – ژۇرناللارنى، ئۈن – سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ ۋە زور مىقداردا بېسىپ، تەرەپ – تەرەپكە تارقاتتى، قولدىن – قولغا يەتكۈزۈپ مەخپىي كۆردى، ھەتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا ساتتى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى غازاتنى تەشۋىق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىش، پارتىيە ياكى ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىش بولدى. چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە كىشىلەرنىڭ يىغىلىشى ۋە پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغان گەپ – سۆزلەرنى قىلدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىكى ھەققىدىكى بۇ خىل جامائەت پىكرىنى چەكلىيەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ ۋاستە، سانى جەھەتتىن بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن، تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1998 – يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىش دېلوسىدىن 166 سى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 48 قېتىملىقى ئەكسىيەتچىل شوئار چاپلاش دېلوسى، 16 قېتىملىقى ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىش دېلوسى، 37 قېتىملىقى ئەكسىيەتچىل خەت يېزىش دېلوسى، 65 قېتىملىقى ئەكسىيەتچىل ئۈن – سىن بۇيۇملىرى دېلوسى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 207 مەيدان ئەكسىيەتچىل نۇتۇق سۆزلەنگەن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلار 3639 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ئەكسىيەتچىل كىتاب – ژۇرنالدىن 12 مىڭ 388 پارچە، ئەكسىيەتچىل ئۈن – سىن بۇيۇملىرىدىن 2016 دانە يىغىۋېلىنغان. ئەكسىيەتچىل نۇتۇق سۆزلىگەن جىنايەتچىدىن 214 ى بايقالغان ۋە تۇتۇلغان.

## 3 – پاراگراف "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى نەيرىڭى

مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە خەلقئارا تېررورىزم شىنجاڭنىڭ رايون سىياسىيسىدىكى يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار يەنە "ئۈچ خىل كۈچ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە دىنىي ئېقىمدۇر. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى ھەددىدىن ئېشىپ، بارغانسېرى يامراپ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتتى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يېڭى روھىي ۋە نەزەرىيىۋى مەدەت ئىزدىدى.

### 1. دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن يۇغۇرۇلۇش

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئېقىملىرىدىن بىرى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن باشلاپ ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا شەرق، غەربىي ئاسىيادا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. غەربنىڭ قىممەت قارىشى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر زەربە بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئائىلە ۋە قەبىلە مۇناسىۋىتىنى ھەمدە سىياسىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىشى ؛ كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ نامراتلىق، ئىشسىزلىق ۋە جىنايەت ئېلىپ كەلگەن ئۆتكۈر زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىشى ھازىرقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۈپ سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ ھەرىكەتتە ئىران ئىنقىلابى ئوتتۇرىغا قويغان "غەربنىڭكىمۇ لازىم ئەمەس، شەرق (سوتسىيالىزم)نىڭكىمۇ لازىم ئەمەس، لازىمى پەقەت ئىسلام" دېگەن شوئارغا ئىسلام دۆلەتلىرى ئاۋاز قوشۇپ، بۇ ھەرىكەتنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ھەم ساپ دىنىي تۈس ئالغان، ھەم دىن بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كۆپ خىل ئېقىملار بارلىققا كەلدى. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى دەل مۇشۇ خىل ئەسەبىي دىنىي، سىياسىي خاراكتېردىكى ئېقىملارنىڭ بىرسى ئىدى.

"دىنىي ئەسلىيەتچىلىك" خرىستىئان دىنىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدە خرىستىئان دىنىدىكى "خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، تۈپ، ئەنئەنىۋى ئېتىقادىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان" مەزھەپنى كۆرسىتەتتى. "ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى" بولسا ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇش

تەشەببۇسىنى ھەم ھەممىدە "قۇرئان كەرىم"نى ئۆلچەم قىلىش تەشەببۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ بۇ تەشەببۇسلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ بولغاچقا، كىشىلەر بەزىدە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئەسەبىي سىياسىي خاراكتېردىكى ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى بولۇپ، ھۆمەينى، قۇتبى ۋە مەۋدۇدى قاتارلىقلارنىڭ رەتلىشى بىلەن ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش بايرىقى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سىياسىينى يۈكسەك ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىش ؛ دائىم دېگۈدەك ئەسەبىي مىللەتچىلىككە ھەمراھ بولۇپ، بىرىدە يەنە بىرى ئەكس ئېتىش ؛ "غازات"نى ئەسەبىي زورلۇق ۋە تېررورلۇق دەپ چۈشەندۈرۈش ؛ يات دىنىدىكىلەر ۋە خۇداسىزلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى خائىنلار بىلەنمۇ ئاداققىچە قانلىق كۈرەش قىلىش ؛ ۋاقىت، ئورۇن، ئۇسۇل تالللىماستىن، خالىغان ۋاقىت، خالىغان جايدا جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئەسەبىي تەشەببۇسلاردىن باشقا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەزالىرىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يەنى ياشلىشىش، زىيالىيلىشىش، تەشكىلاتى بولۇش. مەسىلەن، "ئىسلام ئاللا پارتىيىسى"، "ئىسلام مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى" ۋە "غازاتچىلار" دېگەندەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرى ئادەتتە دىنىي زاتلاردىن ئەمەس. ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، ھەتتا رۇسىيىدىكى چېچىنلارمۇ ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىدىن بولۇپ كەتكەن.

ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە چېچېنىيىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشى "شەرقىي تۈركىستان" كۈچلىرىگە زور ئىلھام بولدى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئەسەبىي ئىسلام نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئىدىيىسىنى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىكى نەزەرىيە سىستېمىسىغا كۆچۈرۈپ كىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى "پانئىسلامىزم" تۈسىنى تېخىمۇ كۆپ دىنىي مەزمۇنغا ئىگە قىلدى.

### 2. مىللىي ئايرىمچىلىق ئىدىيىسىنى روھلىنىش نۇقتىسى قىلىش

مىللىي ئايرىمچىلىقنى مىللىي بۆلۈنمىچىلىك دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئىلمىي ئېنىقلىما بېرىش تولىمۇ تەس بولغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى ھەممە مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بولۇش كېرەك ياكى ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتى بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. مىللىي ئايرىمچىلىق 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 – ئەسىرنىڭ

www.uyghurweb.net

باشلىرىدا ئايرىم – ئايرىم ھالدا 1 – دۇنيا ئۇرۇشى، 2 – دۇنيا ئۇرۇشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشىنىڭ ئالدى – كەينىدە ئۈچ قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئىككى قېتىملىقى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ مۇستەملىكچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى دۇنيانىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاشۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولدى. دۇنيادا مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ گۆرىگە كىرىپ كەتكىنىگە ئون يىلدىن ئاشقان چاغدا، يەنى 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ 3 – قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ پارچە – پارچە بولۇپ كېتىشى بولدى.

مىللىي ئايرىمچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى بىر – بىرلەپ بايان قىلىش بۇ كىتابنىڭ ئىشى ئەمەس. لېكىن، يۇقىرىقى باياندىن ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق مىللىي ئايرىمچىلىق ھەرىكىتى بىلەن 3 – قېتىملىق مىللىي ئايرىمچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق مىللىي ئايرىمچىلىق ھەرىكىتى ماھىيەتتە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلار دۇنيا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇڭا ئۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەھالەنكى 3 – قېتىملىق مىللىي ئايرىمچىلىق ھەرىكىتى ماھىيەتتە غەربنىڭ "مىللەت پرىنسىپى"نىڭ غىدىقلىشى ئاستىدا، تار مەنىدىكى، باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان ۋە بېكىك مىللەتچىلىك قارىشىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن يۈز بەرگەن زامانىۋى سىياسىي ھەرىكەتتۇر. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنى پارچىلاش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىنكى شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى دۇنيا مىقياسىدا مىللىي ئايرىمچىلىق دولقۇنىنى قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 15 دۆلەتكە بۆلۈندى، سابىق يۇگوسلاۋىيە بەشكە پارچىلاندى، چېچىنىيە ئايرىلىپ چىقىپ، تېررورچىلار ئەدەپ كەتتى. بۇنداق مىللىي ئايرىمچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنى پارچىلاش تەھدىدى خۇددى كۆھقاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندەك پۈتمەس – تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى تېرىدى.

بۇ مىللىي ئايرىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ "ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى" دىن "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسى يېڭى روھلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە بولۇپ ھەم مىللىي ئايرىمچىلىقنى ئۆز

نەزەرىيىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆز نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى قوبۇل قىلغان. بۇ مىللىي ئايرىمچىلىق ئەمەلىيەتتە خۇددى ئېلىمىز ئالىملىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك مىللىي بۆلگۈنچىلىكتۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىكىدۇر. گەرچە 20 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرى "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسى دۇنياغا كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ سىياسىي نىشانى "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا بولسىمۇ، لېكىن 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ نىشانى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىش، تىرىشىپ پۇرسەت يارىتىپ مىللىي ئايرىمچىلىقتىن يەنىمۇ پايدىلىنىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، ئۇنى ئۆز نەزەرىيە سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش بولدى.

### 3. تېررورىزمنى ئۆز نەزەرىيە سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش

كۆپلىگەن نەزەرىيىلەرگە ئوخشاشلا تېررورىزم ئۇقۇمىدىمۇ ھەركىم ئۆز قارىشىنى چىقىش قىلغانلىقتىن بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم يوق. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە دۇنيادا تېررورىزمغا بېرىلگەن ئېنىقلىما ۋە تەبىر 150 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئۇنداقتا، تېررورىزم دېگەن ئۇقۇمغا قانداق تەدبىر بېرىش كېرەك ؟ بىز ئالدى بىلەن تېررورىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات تارىخىغا قاراپ باقايلى.

تېررورلۇق پائالىيىتى ئىنسانىيەت توقۇنۇشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىنچىكە سۈرۈشتۈرگەندە، تېررورلۇق پائالىيىتىنى يۇنان ۋە رىم دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. يۇنان تارىخچىسى سىنوفىن تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاھالىلىرىگە كەلتۈرگەن پسىخىك تەسىرى ھەققىدە ئالاھىدە خاتىرە قالدۇرغان. مىلادىيە 1 – ئەسىردە يەھۇدىيلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن رىملىقلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىگە زەھەر سالغان، رىملىقلار بىلەن ھەمكارلاشقان يەھۇدىي ئاقسۆڭەكلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن. بۇ ھازىرقى بەزى تېررورلىق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى جىڭ كېنىڭ چىن شىخۇاڭنى قەستلىشى، ئىمپېراتور كايسارنىڭ قەستكە ئۇچرىشىمۇ داڭلىق تارىخىي تېررورلۇق ۋەقەلىرىدۇر.

لېكىن، "تېررورىزم" دېگەن بۇ سۆز ئەڭ بۇرۇن 18 – ئەسىردىكى فرانسىيە ئىنقىلابى مەرگىلىدە بارلىققا كەلگەن. يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ياكوبىنچىلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قىزىل تېررورىزم ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلغان. خەلق ئۇيۇشمىسى "بارلىق سۈيىقەستچىلەرگە تېررورلۇق ھەرىكىتى قوللىنىش" ھەققىدە قارار ماقۇللىغان. بۇنىڭدىن تېررورىزمنىڭ ئادەتتىكى، يەككە ھالدىكى، تاسادىپىي تېررورلۇق ھەرىكىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى تەشكىلى، تۈزۈمى ۋە سىياسىي

www.uyghurweb.net

مۇددىئاسى بولغان تېررورلۇق پائالىيىتىنى كۆرستىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. 18 – ئەسىردىن بۇرۇن تېررورلۇق پائالىيىتى ئاساسلىقى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەر سېلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى، ئوفىتسېرلار ۋە خائىنلار قەستلەپ ئۆلتۈرۈلەتتى. 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىن كېيىن تېررورىزم مەزمۇن جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ ۋە بېيىپ، يەككە ھالدىكى قەستلەشتىن ئوت قويۇش، پارتلىتىش، قىرغىن قىلىش، زەھەر تاشلاش، تەھدىت سېلىش، ئايروپىلان بۇلاش قاتارلىقلارغا كېڭىيىپ، يەككە تېررورلۇق پەيدا قىلىشتىن ئىجتىمائىي تېررورلۇق پەيدا قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. تېررورلۇق ھۆجۇمىنىڭ نىشانى ۋە پائالىيەت دائىرىسى دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، بارغانسېرى خەلقئارالىشىش خاراكتېرىنى ئېلىپ، تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا تېررورلۇق پائالىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

بولۇپمۇ، 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدىن كېيىن، تېررورچى تەشكىلاتلار چېچىلاڭغۇراق بىر خەلقئارالىق تور شەكىللەندۈردى. ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئەقىلدارلار ئاپپاراتى لاندىر شىركىتىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا پۈتۈن دۇنيادا جەمئىي 4000 قېتىمغا يېقىن تېررورلۇق پائالىيىتى يۈز بېرىپ، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، تېررورلۇق پائالىيىتى 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدىكىدىن 30% ئاشقان، ئۆلگەن ئادەم بىر ھەسسە كۆپەيگەن. 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى. كونا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي سەھنىدىن چېكىنىپ، يېڭى تەشكىلاتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1997 – يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى تېررورلۇق پائالىيىتى يەنە بىر قېتىم كۆپىيىپ 560 قېتىمغا، ئۆلگەن ئادەم 420 گە يەتتى . دوكلاتلاردا: "خەلقئارا تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدە ئۆلگەنلەر كۆپەيدى. چۈنكى، تېررورچىلار بارغانسېرى بىگۇناھ پۇقرالارغا ھۆجۇم قىلىۋاتىدۇ. پارتلىتىش كۈچى تېخىمۇ زور بولغان پارتلاتقۇچ ۋە بومبىلارنى ئىشلىتىۋاتىدۇ" دېيىلدى. تېررورىزم بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت. ئۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرتىپىگە، بولۇپمۇ ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى.

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق بىز يەنە تېررورىزمنى تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك چۈشىنەلەيمىز: تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، "تېررورىزم" دېگەن سۆز "تېررور"غا "ئىزم"نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. "تېررور"نىڭ مەنىسى قورقۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچراشتىن پەيدا بولغان قورقۇشتۇر. "ئىزم" يېقىنقى دەۋردىكى سۆز بولۇپ، دەسلەپ ئاساسىي مەقسەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن، كېيىن تەشەببۇس، كۆزقاراش دېگەن مەنىلەرگىچە كېڭەيگەن. كېيىنچە يەنە تەرەققىي قىلىپ ئوبيېكتىپ دۇنيا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەمدە ئىلىم ساھەسىدىكى سىستېمىلىق نەزەرىيە ياكى تەشەببۇسنى كۆرستىدىغان بولدى.

تېرروررىزم تېررورلۇقنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان قاراشتۇر. تېررورىزمنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن بىز تېررورلۇق ۋاستىسىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ سىياسىي خاراكتېر ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بىز تېررورىزمنىڭ تۈپ مەنىسى نوقۇل زوراۋانلىق ياكى زورلۇق كۈچ بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق قورقۇنچ ياكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشتۇر؛ بۇ خىل زوراۋانلىق ياكى تەھدىت يوشۇرۇن ھەم نائېنىق بولىدۇ ؛ ئۇ تەشكىللىك، پىلانلىق بولۇپ، چەمئىيەتتىكى بىگۇناھ ئاممىغا قارىتىلغان ؛ سىياسىي مۇددىئانى چىقىش قىلغان ؛ ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خەلقئارالىششقا يۈزلىنىش نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈپ كېتىش زۆرۈركى، دەۋر، دۆلەت ئوخشىمىغانلىقتىن ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى تېررورىزممۇ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئۇنى ئۆز نەزەرىيە سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى"شەرقىي تۈركىستان" تېررورىزمى قىلىپ ئۆزگەرتتى. "شەرقىي تۈركىستان" تېررورىزمىنىڭ سىياسىي مەقسىتى شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ، "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇش. ئۇنىڭ تېررورلۇق ۋاستىسى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ ۋە ئىنچىكە پىلانلاپ، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ئارقىلىق تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىش. ئۇنىڭ تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت كادىرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر – ئەسكەرلىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاۋام پۇقرالار.

شۇڭا، بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيە سىستېمىسىغا يەنە ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى، مىللىي ئايرىمىچىلىق ۋە خەلقئارا تېررورىزمدىن ئىبارەت ئۈچ يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. ئەسەبىي ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى، مىللىي ئايرىمىچىلىق، خەلقئارا تېررورىزم ھەم ئۇنىڭ "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم" ۋە "كۈرەش يولى"نىڭ "تەرەققىياتى"، ھەم ئۇنىڭ خەلقئارادىكى "ئۈچ خىل كۈچ" بىلەن تۇتىشىدىغان كۆۋرۈكىدۇر.

6 – باب

ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن چۈش

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا مىسلى كۆرۈلمىگەن تېررورىزمغا قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندى. "شەرقىي تۈركىستان" زوراۋان تېرروررچى كۈچلىرىمۇ خەلقئارادىكى

تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە زەربە بېرىشىگە دۇچ كەلدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، بىر مەھەل قىنىغا سىغماي قالغان "شەرقىي تۈركىستان" زوراۋان تېرروررچى كۈچلىرى بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىۋاشتىن بىرلەشتى. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ۋەزىپە مۇشكۈل، يول يىراق بولۇپ، ھەسسىلەپ تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1 – پاراگراف خەلقئارانىڭ قىسىپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراش

1. تېررورلۇققا قارشى خەلقئارالىق چوڭ ئىتتىپاق

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى خەلقئارا تېرروررچىلار ئامېرىكىنىڭ تۆت يولوچىلار ئايروپىلانىنى بۇلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى نيويۇرك شەھىرىدىكى قوشماق بىنا – "دۇنيا سودا مەركىزى"گە سوقۇلدى. بىرسى ۋاشىنگتوندىكى بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ بۇرجىكىگە سوقۇلدى. يەنە بىرسى پېنسىلۋانىيە شتاتىدا چۈشۈپ كەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۇجۇم 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە يوقاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە، يەنە غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغان. دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا ئېچىنىشلىق تېررورلۇق زەربىسىگە ئۇچرىغان. مانا بۇ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدۇر.

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، خەلقئارا تېرروررىزمغا زەربە بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق باي سودىگەر، تېرروررچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بىن لادىننى ئاساسلىق جىنايەت گۇمانداری دەپ قاراپ، تالىباندىن ئافغانىستاندىكى بىن لادىننى تاپشۇرۇپ بېرىشنى قايتا – قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تالىبان رەت قىلدى.

خەلقئارادىكى ئەڭ چوڭ تېرروررچى بىن لادىن كۆپ يىللاردىن بېرى ئامېرىكىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئوساما بىننى مۇھەممەد بىننى لادىن بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئەڭ باي قۇرۇلۇش ماگناتى ئاۋاد لادىننىڭ 17 – ئوغلى، 1957 – يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى رىيادتا تۇغۇلغان. 13 يېشىدىلا دادىسى بەرگەن 350 مىليون دوللارلىق مىراسقا ۋارىسلىق قىلغان. 1979 – يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،

www.uyghurweb.net

ئافغانىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەم شۇنىڭ بىلەن "غازات" يولىغا قەدەم قويغان. 1988 – يىلى ئۇ "ئەل قائىد" (بازا) تەشكىلاتىنى قۇرغان. 1996 – يىلى 5 – ئايدا ئافغانىستانغا قايتىپ، تېررورلۇق بازىسىنىڭ باش شتابىنى تەسىس قىلغان ھەم 50 نەچچە بازا قۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 20 نەچچىسى مەشىق بازىسى ئىدى. بازا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ دۇنيانىڭ جاي – جايلىرىدىن كەلگەن 30 نەچچە مىڭ ئادەمنى تەربىيىلىگەن. بازا تەشكىلاتى ئەسەبىي تېررورچىلارنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە مەشىقلەندۈرگەن، تېررورچىلار ئۇ يەردە قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ھەربىي مەشىقنى قوبۇل قىلغان. مەشىقتە زامانىۋى ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، ئەڭ زور دائىرىدە ئۆلۈم – يىتىم ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇ تەشكىلات 50 نەچچە دۆلەتتىكى بىرنەچچە يۈز بانكا، شىركەت، خەير – ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىنى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپلىرىدا جانلىنىۋاتقان مەخپىي سەرراپخانىلاردىكى نەچچە يۈز مىليارد دوللار مەبلەغنى ئىقتىسادىي تېرەك قىلىپ زور كۆلەمدىكى خەلقئارالىق ھەرىكەت تورىنى قۇرۇپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئىلغار ئالاقىلىشىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيادا بىر قاتار تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1991 – يىلى بىن لادىن بۇ تەشكىلاتىنىڭ نىشانىنى ئامېرىكا ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى "چىرىك ھاكىمىيەت"لەرگە تاقابىل تۇرۇشقا قاراتقان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بىن لادىن بىلەن ئالاقىدار بولغان تېررورلۇق ۋەقەلىرى مۇنۇلار: 1992 – يىلى 12 – ئايدا سومالىدىكى ئامېرىكا قىسىملىرىغا قارىتىلغان يەمەن مېھمانخانىسىنى پارتلىتىش دېلوسىنى سادىر قىلغان ؛ 1993 – يىلى 2 – ئايدا ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى دۇنيا سودا مەركىزىنى پارتلىتىشنى پىلانلاپ ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، نەچچە يۈز ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ 1993 – يىلى 6 – ئايدا ئىئوردانىيە شاھزادىسى ئابدۇللانى قەستلىگەن بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ؛ 1995 – يىلى 1 – ئايدا فىلىپپىندە پاپا پاۋلو 2 نى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن ؛ 1995 – يىلى 6 – ئايدا مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەكنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان ؛ 1995 – يىلى 11 – ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادتىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى لاگېرىنى پارتلىتىش دېلوسىنى پىلانلاپ، بەش ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ 1995 – يىلى 11 – ئايدا پاكىستاننىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىش دېلوسىنى پىلانلاپ، 17 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ 1996 – يىلى زەخراندىكى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى تۇرالغۇسىنى پارتلىتىش دېلوسىنى پىلانلىغان ؛ 1997 – يىلى نايروبى ۋە دار – ئىس – سالامدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىش دېلوسىنى پىلانلاپ، 257 ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ؛ 2000 – يىلى 10 – ئاينىڭ 12 – كۈنى يەمەننىڭ ئادەن پورتىدا

www.uyghurweb.net

ئامېرىكىنىڭ "كول" ناملىق ھەربىي پاراخوتىنى تۆيۈقسىز ھۇجۇم قىلىپ پارتلىتىش دېلوسىنى سادىر قىلىپ، 17 ماتروسىنىڭ ئۆلۈشى ۋە نۇرغۇن خادىمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بىن لادېن ۋە ئۇنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىزچىل تۈردە ئامېرىكىنى زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىن لادېننى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە بەش مىليون دوللار ئىنئام بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تالىبان ئۇنى قەتئىي قوللىدى ھەم پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى. تالىبانىنىڭ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي بىن لادېننى قوغدىشىنىڭ سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، بىن لادىن تالىبان ھاكىمىيىتىگە ئاكتىپ ئىقتىسادىي ياردەم بەرگۈچى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قەھرىمان بولۇش سۈپىتىدە، ئۇ ئىزچىل تۈردە تالىبانغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۇرۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە مەبلەغ چىقىرىپ ئۇلارغا "غازات" جەڭچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ تالىبانىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قانۇنلۇق ئورنىنى قوغدىشىغا ياردەم بەرگەن. تالىبان "ئافغانىستان ئىسلام خەلىپىلىكى" قۇرۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بارلىق "غازات"نى ۋە ھەم ئۇنىڭ جەڭچىلىرىنى قوللاشنى مۇددىئا قىلغانلىقتىن، بىن لادېننى قوللاش تەبىئىيكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان. ئۈچىنچىدىن، بىن لادېن تالىبانىنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ، تالىبان قوشۇنىنىڭ قەلبىدە بۈيۈك ئورۇن تۇتقان. ئەمەلىيەتتە تالىبان ئاللىقاچان خەلقئارا تېررورىزمنىڭ بىر قىسمى ۋە قوغدىغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. نەتىجىدە ئامېرىكا تالىبانىنىڭ بىن لادېننى قوغدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بىر مەيدان "تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش" قوزغاشنى قارار قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. خەلقئارا تېررورىزمنىڭ ئەسەبىيلىكى دۇنيانىڭ ئەمىنلىكىگە تەھدىد پەيدا بىلغانلىقتىن ھەم بىگۇناھ ئاممىغا ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېررورىزمغا زەربە بېرىش پىلانىنى قوللىدى؛ غەرب دۆلەتلىرى ئەسلىدىنلا ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، يەنە كېلىپ بىن لادېننىڭ بازا تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇق ئوبيېكتى بولغانلىقتىن، تەبىئىيلا ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى؛ رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلقئارا تېررورىزمى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ئۈچ خىل كۈچ" ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئامېرىكا ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتالىسا بۇ ئۇلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئامېرىكىنى ھەققانىيەت جەھەتتىن قوللاپلا قالماي، يەنە مۇناسىپ ھەربىي قۇلايلىقلار بىلەن تەمىن ئەتتى؛ جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پاكىستان بىر مەزگىل تالىبانىنىڭ مۇھىم قوللىغۇچىسى بولغان بولۇپ، بازا تەشكىلاتى بىلەن تالىبان پاكىستانغا زور

www.uyghurweb.net

تەسىر كۆرسىتىپ، پاكىستاننىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغانىدى. پاكىستان ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ھۇجۇمىنى پۈرسەت دەپ بىلىپ، ھەم بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى، ھەم ئامېرىكىنىڭ بىر مىليارد دوللار قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى ياكى ئازايتىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى ؛ دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇشنى خىيال قىلىۋاتقان ھىندىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامېرىكىغا تايىنىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ بۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافغانىستاندىكى ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كەشمىرگە بولغان تەسىرىنى يوقىتالايتتى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ "ياكى تېررورىزمغا زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى قوللايسىلەر، ياكى تېررورىزمنى قوللايسىلەر" دېگەن كەسكىن سىياسىتىنىڭ بېسىمى بىلەن خەلقئارادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ خەلقئارادىكى تېررورچىلارغا زەربە بەردى ياكى خەلقئارا تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ مەبلىغىنى توڭلاتتى ۋە ياكى جامائەت پىكرى جەھەتتە خەلقئارا تېررورىزم ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا تېررورىزم پۈتكۈل دۇنيانىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. 2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئافغانىستاندىكى تالىبانلارغا زور كۆلەمدە ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. تالىبان ھاكىمىيىتى ناھايىتى تېزلا يىمىرىلدى. بىن لادېننىڭ بازا تەشكىلاتىمۇ قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىدى.

## 2. خەلقئارا تېررورچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن "شەرقىي تۈركىستان"تېررورچى كۈچلىرى

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرى جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن زور ئاپەت بولۇپلا قالماي، يەنە خەلقئارا تېررورىزمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرى خەلقئارادا خېلى بۇرۇنلا ئايان بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، جۇڭگومۇ خېلى بۇرۇنلا خەلقئارانىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرىشىگە ھەمكارلىشىشقا باشلىغانىدى. ۋەھالەنكى بۇ قېتىمقى پۈتۈن دۇنيانىڭ تېررورىزمغا قارشى بىرلەشمە ھەرىكىتىدە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرىشىدىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقى دۇنيانىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى تالىباننىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشى، بىن لادېننىڭ بازا تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ يىغىندىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قالايمىقان ۋەزىيىتى ۋە قويۇق دىنىي كەيپىياتىدىن

پايدىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردە "ئۈچ خىل كۈچ" ناھايىتى تېزلا تارقالدى ھەم بەكلا ئەدەپ كەتتى. سېسىق نامى پۇر كەتكەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم كۈچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، دۆلەت بىرلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن "ئۈچ خىل كۈچ"كە زەربە بېرىش، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش تەدرىجى جۇڭگو، رۇسىيە ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. 1996 – يىلى جۇڭگو رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن شاڭخەي شەھىرىدە يىغىن ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىن جۇڭگو بىلەن رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستانلارنىڭ ئورتاق چېگرا ھەققىدىكى سۆھبىتىنىڭ راۋاجى بولۇپ، يەتتە يىلدا 22 قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، بۇ قېتىم، يەنى 1996 – يىلى 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرى شاڭخەيگە جەم بولۇپ، "چېگرا رايونلاردا ھەربىي ئىشلار بويىچە ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم"نى ئىمزالاپ، جۇڭگو شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش مېخانىزمى ( ) نى ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەر يەنە ھەمكارلىق ئاساسىدا دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ كېڭىشىش تېمىسىنى چېگرا رايونلاردا ھەربىي ئىشلار بويىچە ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشتىن بەش دۆلەتنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، بىخەتەرلىك، ئىقتىساد قاتارلىق كۆپ ساھەدە ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىشىغا كېڭەيتىپ، بۇ مېخانىزمنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەدىكى ھەمكارلىشىش يولىغا باشلىدى. رايون بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 2001 – يىلى 6 – ئايدا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 – نۆۋەتلىك باشلىقلار يىغىنىدا ئۆزبېكىستان بۇ تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى. يىغىندا "شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىقى" دىن ئىبارەت بۇ ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى بۇ ئاساستا كۆپ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆپ تەرەپلىمىلىك، رايون خاراكتېرلىك بىر ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە "(شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

)نى قۇرۇش خىتابنامىسى"نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىق ۋە بىخەتەرلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، "تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى"نى ئىمزالىدى. بۇ تېررورىزم, بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەسەبىيلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچكە زەربە بېرىشنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئالتە دۆلەت بۇ ساھەدىكى ھوقۇق – مەجبۇرىيەتنى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، ئورتاق تەدبىر

قوللىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ خەۋپسىزلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان ھەرخىل كۈچلەرگە ئورتاق زەربە بېرىشنى بەلگىلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى خەلقئارا تېررورىزمغا زەربە بېرىش ھەمكارلىقىدا ياخشى ئۈلگە ياراتتى.

پۈتۈن دۇنيا "شەرقىي تۈركىستان"چىلارنىڭ تېررورلۇق ماھىيىتى ۋە تېررورلۇق پائالىيىتىنى يەنىمۇ تونۇپ يېتىپ، ئۇنى خەلقئارا تېرروزچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. بىرىنچىدىن، تېررورىزمغا قارشى خەلقئارا سەپ "شەرقىي تۈركىستان"چىلارنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە ئائىت زور ئىسپاتلارغا ئېرىشتى. رۇسىيىنىڭ چېچىنىيە تېررورچىلىرىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىدا خېلى كۆپ "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە قولغا چۈشتى ؛ ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشىدا يۈزگە يېقىن "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە قولغا چۈشتى، يەنە بىرنەچچە يۈزى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو چېگرا ئىچىدىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى بىتچىت قىلغاندىن سىرت، يەنە چېگرىدىن ئوغۇرلۇقچە كىرمەكچى بولغان 100 دىن ئارتۇق "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىسى ۋە باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى "ئۈچ خىل كۈچ" ئۇنسۇرلىرىنى قولغا چۈشۈردى، بۇلار "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرىنىڭ خەلقئارا تېررورچى كۈچلەر بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ پائالىيەت بازىسىنى جۇڭگوغا يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا زەربە بېرىش بىرلەشمە سېپىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. 2002 – يىلى 1 – ئاينىڭ 21 – كۈنى جۇڭگو گوۋۇيۈەننى ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان "(شەرقىي تۈركىستان) تېررورچىلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ" سەرلەۋھىلىك ماقالە "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچى كۈچلىرى بىلەن خەلقئارا تېررورچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس مۇناسىۋەتنىمۇ ئېچىپ بەردى. ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى خەلقئارادا زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 22 – كۈنى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ باياناتچىسى باۋچېر: "جۇڭگو، ئامېرىكا ھەر ئىككىلا دۆلەت تېررورىزمنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. ئوخشاشلا خەلقئارا تېررورىزمنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بىز جۇڭگو بىلەن بولغان تېررورىزمغا قارشى ھەمكارلىقىمىزنى قەدىرلەيمىز. شىنجاڭ ياكى جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىمىز" دېدى. ئۈچىنچىدىن، "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرى دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، خەلقئارا تېررورچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو گوۋۇيۈەنى ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ "(شەرقىي تۈركىستان) تېررورچىلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ" سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرىغا قارشى كۈرىشى زور بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھېسداشلىقى

ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 8 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئامېرىكا گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئامىتېج بىيجىڭدا ئامېرىكىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" تەشكىلاتىنى تېرروررچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا گوۋۇيۈەننىڭ باياناتچىسىمۇ ئامېرىكىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدىكى مەبلىغىنى توڭلىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تېرروررچى تەشكىلاتلارنى جازالاش كومىتېتى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش "نى قارار قىلدى. ب د ت ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەم ئۇنى خەلقئارا تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى ئېلىمىزنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچىلىرىغا زەربە بېرىشىنى تېخىمۇ زور خەلقئارالىق مەدەتكە ئېرىشتۈردى.

خەلقئارا تېرروررىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرى خەلقئارا تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياد مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بوشلۇقى زور دەرىجىدە تارىيىپ كەتتى. "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ قورالىق ئۇنسۇرلىرى ئافغانىستاندا ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، 70 نەچچىسى ئۆلدى. قالغانلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە قاچتى ؛ ئۇنىڭ خەلقئارادىكى مالىيە مەنبەسىمۇ ئۈزۈپ تاشلىنىپ، خەلقئارانىڭ تېرروررلۇققا قارشى ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىدە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

### 3. ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايون سىياسىيسىدىكى ئۇر – ئۇرغا قالغان چاشقان

خەلقئارانىڭ تېرروررىزمغا زەربە بېرىشى ھەمدە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرىنى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيا رايون سىياسىيسىدىكى ئۇر – ئۇرغا قالغان چاشقانغا ئايلاندۇرۇپ، كىملا كۆرسە زەربە بېرىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى خەلقئارانىڭ تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ۋە رايون سىياسىيسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىناق بولۇشىغا، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا موھتاج. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھەققەتەنمۇ مىللەت ئېڭى، دىنىي ئاڭ بىر مەزگىل

www.uyghurweb.net

كۆچەيگەنلىكتىن "ئۈچ خىل كۈچ"لەر بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، يېڭى "پانتۈركىزم" ئىدىيىسى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. لېكىن، بۇ دۆلەتلەر ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ھەربىر دۆلەتتە نەچچە ئون مىللەت بارلىقىنى، ئاساسىي مىللەتلىك ئېڭىنىڭ زىيادە ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەت ئىچىدە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. يەنە كېلىپ بىر مەزگىل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن "پانتۈركىزم"مۇ بۇ دۆلەتلەرنى بۈيۈك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردىيۇ، ئۇلارغا يەنە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان "بۈيۈك تۈرك" مىللىتى دېگەن يېڭى بويۇنتۇرۇقنى سالدى. بۇ خەلقئارانىڭ ئەمەلىيىتىگە ھەم ئۇلارنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كەلمەيتتى. دىنىي جەھەتتە، گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 60 نەچچە مىليون نوپۇسنىڭ 80% ى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىدىكى مۆتىدىللەردىن بولۇپ، ئەسەبىي دىنىي ئىدىيە بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كۈچەيتىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، تىنچ بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىدى. پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشقا جىددىي موھتاج ئىدى. بولۇپمۇ ئافغانىستان مىللەت، دىن ۋە تېررورىزم قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇزۇن مۇددەت ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچقا، دۆلەت ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىق گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

رايون سىياسىيسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يېقىن قوشنىلاردىن، جۇڭگو بىلەن ئافغانىستانمۇ تارىختىن بۇيان ياخشى ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، ئېلىمىز خەلقئاراۋى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئافغانىستان بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى. ئافغانىستان شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، داڭلىق ۋاخان كارىدورى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جەنۇبىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك بەلۋېغى دېيىشكە بولىدۇ. دىن ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئۇ يەنىلا شۇنداق بەلۋاغلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، دىنىي جەھەتتە ئۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان كۆۋرۈكى ؛ مىللەت جەھەتتە ئۇنىڭ شىمالىدا تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بار، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان پۇشتۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى پاكىستاندا ئولتۇراقلاشقان. بۇ خىل ۋەزىيەت خەلقئارادا تېررورىزم ۋە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرىنى ھەرىكەت بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ھەسەن مەخسۇم دەل بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

www.uyghurweb.net

ئامېرىكا تالىبانغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، دۆلەتمىز تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. 2002 – يىلى 1 – ئايدا ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى كارزايى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭلى جۇ رۇڭجى ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كەلدى. كارزايى ئافغانىستان تۇپرىقىدا يېڭى تېررورىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، تېررورچىلارنىڭ ئافغانىستاننىڭ قوشنا دۆلەتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقى، ئافغانىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي توغرا چۈشىنىدىغانلىقى، ھەرقانداق بىر تېررورچى كۈچنىڭ ئافغانىستاندا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايدىغانلىقى، ئافغانىستاننىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشنى ۋە مەدەت بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 2002 – يىلى 7 – ئايدا "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى"نىڭ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلغان يىغىنىغا ئافغانىستانمۇ قاتناشتى. جۇڭگو – ئافغانىستان رەھبەرلىرى يەنە كۆرۈشۈپ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش مەسىلىسىنى كېڭەشتى. ئافغانىستاننىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى.

جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئون نەچچە يىللىق سىناقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. پاكىستاننىڭ تېررورىزمغا قەتئىي زەربە بېرىشى، جۇڭگو بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشى ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ، ھەم جۇڭگو – پاكىستان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تەلىپى. بىرىنچىدىن، پاكىستاننىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پاكىستاننىڭ غەربىي ئافغانىستان بىلەن تۇتىشىدىغانلىقتىن، پاكىستان ھۆكۈمىتى تالىبان ھاكىمىيىتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن پاكىستان بىلەن ئافغانىستان دىن، مىللەت ۋە قەبىلە قاتارلىق جەھەتەردە زىچ باغلانغان بولۇپ، تالىبان ۋە بىن لادىننىڭ ئادەملىرى ھەمدە باشقا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئەسەبىي دىنىي تەشكىلاتلار پاكىستاندا ھەرىكەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ كەشمىر رايونىدا مىللەتچى كۈچلەر، تېررورچى كۈچلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر ئەڭ گەۋدىلىك. كەشمىرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى چام – كەشمىر، كۆلىمى تەخمىنەن 190 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبىي ئاسىيا 2 – چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. پاكىستان، جۇڭگو، ئافغانىستان، ھىندىستان ئارىلىقىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئاھالىسىنىڭ 77% ى ئىسلام دىنىغا، قالغانلىرى ھىندى دىنى، سىخ دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 1947 – يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلغان چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ

www.uyghurweb.net

ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ مۇنباتون لايىھىسى كەشمىرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلماي، ئۇ تەدرىجىي ھالدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان سىياسىيسىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان. 1947 – يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا كەشمىرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇرۇش پارتلاپ، بۇ ئۇرۇش ئىككى يىل داۋام قىلغان. كېيىن، ب د ت نىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئىككى تەرەپ 1949 – يىلى ئۇرۇش توختىتىپ، ھىندىستان كەشمىر زېمىنىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمى بىلەن ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى، پاكىستان كەشمىر زېمىنىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمى بىلەن ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى كونترول قىلغان. شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 1965 – يىلى ۋە 1971 – يىلى يەنە ئىككى قېتىم ئۇرۇش پارتلىدى. كەشمىر مەسىلىسى تا بۈگۈنگىچە ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ھىندىستان پاكىستاننىڭ كەشمىر مەسىلىسى سىياسىتىنى "چېگرا ھالقىغان تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قوللىغانلىق" دەپ ئەيىبلەپ، كەشمىردىكى ھىندىستانغا قارشى ھەرىكەتكە خەلقئارادا "تېررورلۇق" قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، خەلقئارانىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇن مۇددەت ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇپ كەلگەن كەشمىردە يېقىندىن بېرى ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مۇستەقىللىق خاھىشى باش كۆتۈردى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرى كەشمىردە ئۈيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. شۈبھىسىزكى، بۇ كەشمىرنىڭ تىنچسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. مانا بۇلار پاكىستاننىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئىچكى ئامىلى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرى پاكىستان چېگرىسىدىلا ھەرىكەت قىلىپ قالماي، يەنە پاكىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا قورال يۆتكىدى. 1997 – يىلدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن پاكىستان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. 1998 – يىلى 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى جۇڭگو بىلەن پاكىستان كېلىشىم ئىمزالاپ، جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان چېگرا ھالقىغان تېررورىزم ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرنى، بولۇپمۇ قونجىراپ ئارقىلىق جۇڭگوغا زەھەر، قورال – ياراغ، ئوق – دورا ئەتكەس قىلىشنى تىزگىنلىدى. "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەمكارلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. پاكىستان چېگرىدىن كىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېررورچىلارنىڭ ئېلىمىزدىن كىرىشىنى توستى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى پاكىستان، ئافغانىستانلار بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقتىن، چېگرا سىرتىدىكى تېررورچىلارنىڭ چېگرا ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن پاكىستان قاراقۇرۇم تاشيولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرىدىغانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ،

www.uyghurweb.net

جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە كۈچلۈك ماسلاشتى. يېقىندىن بېرى خەلقئارادا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا تېررورلۇق قارشى كۈرەشتە كېڭىشىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئىككى تەرەپ ئىشلاردا كېڭىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پاكىستاننىڭ دىنىي ساھەسىمۇ ئېلىمىز ھۆكۈمىتىگە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېررورچى كۈچلىرىنىڭ قەتئىي قوللىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ۋەدە بەردى. ئىككى تەرەپ ئارمىيىلىرى چېگرا رايونلاردا تېررورلۇققا قارشى ھەربىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ تېررورلۇققا قارشى خەلقئارالىق ھەمكارلىقتا ئىزچىل تۈردە پائال قاتنىشىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەنمۇ ئىزچىل تۈردە ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولۇشىغىلا جۇڭگو تېزلىكتە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلدى. "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ھەمكارلاشقۇچى تەرەپلەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، خەۋپسىزلىك ۋە ئىقتىساد — سودا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنىڭ تولىمۇ زورلۇقىنى بارغانسېرى تولۇق تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى جۇڭگونىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد — سودا ھەمكارلىقنى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. نۆۋەتتە، جۇڭگو ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" رامكىسىدا ئالتە دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان ئەركىن ئىقتىسادىي سودا رايونى قۇرۇپ، "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى"نى تېخىمۇ ئەمەلىي، كۆپ خىللاشقان ۋە مۇقىم بولغان تەرەققىيات نىشانىغا باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. خەۋپسىزلىك بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئېنىق. مۇقىم بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىقتىساد — سودا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، ئىقتىساد — سودىنىڭ گۈللىنىشى خەۋپسىزلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز، مۇقىم تەرەققىي قىلىشى، شۈبھىسىزكى، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىرىدۇ.

شۇڭا، "11 — سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن گەرچە ئامېرىكا ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا سىڭىپ كىرگەن بولسىمۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىدىن قارىغاندا، چوڭ دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئۆز سىياسىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قىلدى. مۇشۇنداق ئىكەن، چوڭ دۆلەت بولغان جۇڭگونىڭ تاغ — دەريالىرى ئۇلارنىڭكى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن تۇرسا، دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ شۇ سەۋەبتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئېنىق

www.uyghurweb.net

ئورتاق تونۇشقا كېلىپ، "شەرقىي تۈركىستان" كۈچلىرىنىڭ ئۆز تەۋەسىدە جۇڭگونى پارچىلايدىغان ھەرقانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جۇڭگوغا قارىتىلغان ھەرقانداق زوراۋانلىق، تېرورلۇق پائالىيەتلىرىگە يول قويمىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرورچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشىنى قوللىدى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرورچى كۈچلىرى ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىيادا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر – ئۇرغا قاپتۇ دېگەندەك كۈنگە قالدى، بىر مەھەل كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قالغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرورچى كۈچلىرى قاتتىق زەربە تۈپەيلى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق قاتارلىق جايلارغا قېچىش، ياكى بولمىسا يوشۇرۇنۇپ پۇرسەت كۈتۈش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى.

## 2 – پاراگراف "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ گۇرۇھلىرى ۋە ئۇنىڭ "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىنكى يۈزلىنىشى

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېرورىزمغا ئورتاق زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ بازا تەشكىلاتى ۋە تالىبان ھاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشى، يەنە كېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىششى ئارقىسىدا، بىن لادىن باشچىلىقىدىكى خەلقئارا تېرورچى كۈچلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان "شەرقىي تۈركىستان" تېرورچى كۈچلىرى خەلقئارا تېرورچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپلا قالماي، يەنە قاتتىق ھەربىي زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى مەۋجۇتلۇق ۋە پائالىيەت بوشلۇقىمۇ زور دەرىجىدە تارايغانلىقتىن، ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشمۇ روشەنلىشىپ، تەرتىپكە سېلىپ قايتا تەشكىللەش ۋەزىيىتى كەسكىنلەشتى.

### 1. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ گۇرۇھلىرى

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى نەچچە ئون يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن تارماقلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ چەك – چېگرىسىنى قانداق ئاجرىتىش ئۇنى توغرا تونۇشىمىز ۋە ئەھۋالنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا چۈشىنىشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۈرەش سىياسىتىمىزنى بەلگىلىشىمىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جەددىي، شۇنداقلا چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بۇ يەردە پەقەت شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان"

www.uyghurweb.net

مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ۋاستىسىگە ئاساسەن ئۇلارنى چوڭ جەھەتتىن "مۆتىدىللەر"، "قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر" ۋە "زوراۋان تېرروررچىلار"غا بۆلىمىز.

ئاتالمىش "مۆتىدىللەر" "زوراۋانلىق ۋاستىسىنى قوللانماي" تۇرۇپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلاردۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار غەربنىڭ "ئىنسانىي ھوقۇق" نەزەرىيىسىگە ماسلىشىپ،ئاتالمىش "ئىنسانىي ھوقۇق" "ئىگىلىك ھوقۇق"تىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن قاراشتىن پايدىلىنىپ، بۆسۈش نۇقتىسى تېپىشنى ۋە غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىششنى ئىزدەۋاتقانلار ياكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان "مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش" نەزەرىيىسىنى بايراق قىلىپ، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىنكى شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلاردۇر.

ئاتالمىش "قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر" "ھاكىمىيەتنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالماقچى" بولغانلاردۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنتىزىم قوشۇن ۋە پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ۋە مۇنتىزىم ئۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ،"شەرقىي تۈركىستان" قۇرغۇچىلاردۇر.

ئاتالمىش "زوراۋان تېرروررچىلار" زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىنى، يەنى پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانلاردۇر. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىدىكى بۇ ئۈچ خىل گۇرۇھنىڭ شەكىللىنىشى ئوخشىمايدۇ.

ئاتالمىش "مۆتىدىللەر" – چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر دالاي لامانىڭ "شىزاڭ مۇستەقىللىقى" ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان "قاراشلار"نى مۇجەسسەملەپ شەكىللەنگەن. مەيلى "ئىنسانىي ھوقۇق" نەزەرىيىسى بولسۇن ياكى "مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش" نەزەرىيىسى بولسۇن، ھەممىسىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، خالاس.

"ھاكىمىيەتنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق تارتىۋېلىش" نەزەرىيىسى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىختىكى "قوراللىق ئىنقىلاب نەزەرىيىسى"دۇر. بۇ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى 20 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرى ۋە 40 – يىللىرى قوللانغان ۋاستىدۇر. ۋەھالەنكى "زوراۋانلىق، تېررورلۇق" نەزەرىيىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ يېڭى ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇ ھەم 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدىن كېيىنكى خەلقئارا تېررورلۇق دولقۇنىنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى، ھەم 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىنكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى تەرەققىياتىنىڭ

www.uyghurweb.net

نەتىجىسى. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچىلىرى ئەسلىدە بىر شەيئىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزئارا تايىنىدىغان ئىككى تەرىپى بولۇپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسىلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلمىسىمۇ، لېكىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللانغان بارلىق "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى گەرچە "ھاكىمىيەتنى قورال كۈچى ئارقىلىق تارتىۋېلىش"نى تەشەببۇس قىلسىمۇ، لېكىن يېتەرلىك خادىم تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇش بىردەمدىلا پۈتىدىغان ئىش بولمىغانلىقتىن، بۇ گۇرۇھمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن "زوراۋانلىق، تېررورلۇق" ئەندىزىسى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىدا ئاساسلىق ئورۇن ئىگىلىدى.

يەنە شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىمكى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن گۇرۇھلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزئارا باردى – كەلدى قىلىشماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەنلا بولىدىغان گۇرۇھلار ئەمەس. گەرچە ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر – بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ ، بەزىدە يەنە ئۆز ئارا ئالمىشىپمۇ تۇرغان.

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارادا تېررورىزمغا قارشى كۈچلۈك ئېتتىپاق شەكىللەندى. "شەرقىي تۈركىستان"چىلارنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى خەلقئالەمگە ئاشكارىلىنىپ، "شەرقىي تۈركىستان" تېررورلۇق كۈچلىرى خەلقئارا تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق ۋە پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەلقئارانىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرىشىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى "مۆتىدىللەر" كۈچىيىپ، كۆپلىگەن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى "زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي" تۇرۇپ "شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" قۇرۇش ئەندىزىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتقان "زورلۇق كۈچ" تەرەپدارلىرى ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمەي، خەلقئارادىكى تېررورچى كۈچلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ياكى ئاتالمىش "قوراللىق كۈرەش" قاتارلىق زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ۋاستىلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل "ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇش قارىشىدا يەنىلا چىڭ تۇرماقتا. نۆۋەتتە، تېررورىزم خەلقئارا ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ "كۆشەندە"سىگە ئايلىنىپ، تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىش بىلەن نام چىقارغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى

www.uyghurweb.net

تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇلار نۆۋەتتە داۋاملىق پارچىلىنىۋاتىدۇ، قايتىدىن تەشكىللىنىشمۇ ئەمدىلا باشلاندى.

## 2. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى پائالىيىتى ۋە تەشۋىقاتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىشتىكى ئىستراتېگىيىسى ۋە ۋاستىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، يېڭى يۈزلىنىش كۆرۈلدى. ئۇنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئاقلىدى. تېرروررچى ئوبرازىدىن قۇتۇلماقچى بولغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە " دۆلەت تېرروررىزم سىياسىتىنى يولغا قويدى" دەپ بوھتان چاپلىدى. "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۇلار "ئامېرىكىنىڭ تېرروررلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى بىزنىڭ شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن پايدىسىز"، "ھازىر ئامېرىكا چوقۇم ئۇ (بىن لادېن)نىڭدىن ئۆچ ئالىدۇ. ئافغانىستاندىكى تالىبانىنىڭ ۋە بىن لادېننىڭ مەشىق بازىسىدا تەلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى بار، ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى تالىبانغا ھەربىي زەربە بەرسە، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەم ئىسلام ئىنقىلابىغا بېرىلگەن زەربە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئامېرىكا ئىسلام دۇنياسىدىن بىزار بولىدۇ – دە، بىزنىڭ شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىمىز ئىلگىرىكىدەك قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ" دېگەن تونۇشقا كەلدى. مۇشۇ خىل ئەنسىرەش تۈپەيلى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېرروررىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئاقلىدى. بىرىنچىدىن، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئامېرىكىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈشەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن "پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل" بولۇپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئۆلگۈچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا "چوڭقۇر تەزىيە" بىلدۈردى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار چېگرا سىرتىدىكى تۈرلۈك تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تېرروررىزمغا بولغان ئىپادىسىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە بىلدۈرۈپ، "ئامېرىكىغا قارىتىلغان تېرروررلۇق ھۇجۇمى ھەمدە تۈرلۈك شەكىللەردىكى تېرروررىزم ۋە ئەسەبىيلىك"نى ئەيىبلەپ، ئۆزلىرىنى خەلقئارا تېرروررىزمدىن يىراق تارتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىدە ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېرروررلۇق جىنايەتلىرىنى ئاقلىدى. ئۇلار 50 يىلدىن بۇيانقى زوراۋانلىق، تېرروررلۇقلارنى "ئەركىنلىك ۋە مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش" ئۈچۈن، ئۇ دۆلەت ھالقىغان تېرروررىزم ئەمەس، دەۋالدى. ئۆزلىرىنىڭ تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىنى " ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى"،

www.uyghurweb.net

"ئىنسانىي ھوقۇق ۋە مىللىئكەنۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى"نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دەپ قايتا – قايتا ئاقلىدى. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بارلىق تېررورىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلەرنى يېپىشقا ئۇرۇنۇشى دادام قازناقتا يوق دېگەندەكلا كۈلكىلىك ئىشتۇر. تۆتىنچىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ "قانۇنلۇق" ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بوھتان چاپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەلقئارادا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تۆھمەت قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئارتىپ قويماقچى بولدى. 2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 28 – كۈنى "شەرقىي تۈركىستان ئۈچۇر مەركىزى"نىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى دائىرىلىرى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۇيغۇرلارنى تېررورلۇق ۋاستىسى بىلەن باستۇردى، دېدى. يەنە 10 – ئاينىڭ 6 – كۈنى، ئامېرىكا تېررورچىلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن زەربە بېرىۋاتقان پەيتتە جۇڭگو تەرەپمۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا تېررورلۇققا قارشى پائالىيەتنى باشلىۋەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى "دۆلەت تېررورىزمى"غا ئوخشاپ قالدى، جۇڭگو دائىرىلىرى "تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا كۈشەندىلىرىگە زەربە بېرىۋاتىدۇ" دەپ ئېزىتقۇلۇق قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالدىماقچى بولدى.

(2) ئىچكى قىسمىدا قايتا تەشكىللەشنى كۈچەيتىپ،"سەرگەردان ھۆكۈمەت" قۇرماقچى بولدى. بۇ غەرەز گەرچە ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئازايماستىن بەلكى كۈچىيىپ كەتتى. 11 – سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارادا تېررورىزمغا قارشى چوڭ ئىتتىپاق بارلىققا كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى ئارىسىدىكى "مۆتىدىللەر" تېخىمۇ كۆپ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، نەتىجىدە ئۇلار "شىزاڭ مۇستەقىللىقى"غا تەقلىد قىلغان ھالدا "سەرگەردان ھۆكۈمەت" قۇردى. بۇ خىل دورامچىلىق تولىمۇ كۈلكىلىك. چۈنكى، تارىختا ھەممە ئېتىراپ قىلغان بۇنداق ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە "باھانە تېپىپ ئىش تېرىپ"لا كەلدى. 20 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا، بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى كۈرەشىدىن پايدىلىنىپ ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ غەيرىي نىيەتتىكى قوللىشى بىلەن ئاتالمىش ئىككى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" نى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ياكى يوقىتىلغان، ياكى بولمىسا ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ، ناھايىتى تېزلا غايىب بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ھەققىي يوسۇندا باشقۇرۇش سالاھىيىتىگىمۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ، تېخىمۇ مۇھىمى خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن تۇرسا، ئۇ نەدىن كەلگەن "شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى" بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇ قانداق سەرگەردان بولىدۇ؟

www.uyghurweb.net

شنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەت يولى تېخىمۇ ئېنىق بولدى. ئالدى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قالدۇقلىرى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۈرۈش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ جەرياندا بەزىدە دىنىي قىزغىنلىقتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى؛ 20 – ئەسىرنىڭ 60 – 70 – يىللىرى بۆلگۈنچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش قەستىدە بولدى. 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئەزەلدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكىللىك قىلغان ئەمەس ھەم ۋەكىللىكمۇ قىلالمايدۇ.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنداقلا ئىزچىل جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونى بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن قانداقتۇر "مۇستەقىل ھۆكۈمەت" دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت بولغان ئەمەس، "مۇستەقىل ھۆكۈمەت"نىڭ قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، مەۋجۇت بولمىغان "مۇستەقىل ھۆكۈمەت" قانداقمۇ "سەرگەردان" بولسۇن؟ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتالمىش "سەرگەردان ھۆكۈمەت" ئەمەلىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تېررورىزمغا قارشى خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئېزىتقۇلۇق قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالداشتىكى يەنە بىر نەيرىڭى.

"شەرقىي تۈركىستان" ۋلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ "سەرگەردان ھۆكۈمەت" قۇرماقچى بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرلىشىش يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى ئىچكى بىرلىشىشنى كۈچەيتىشنى بەك تەلەپ قىلىۋاتقان، ھەتتا "بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن داھىينى سايلاپ، بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىش"نى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يەنىلا زور. مەسىلەن، 2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنىدىن 19 – كۈنىگىچە ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان مىللەتلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى" بېلگىيىنىڭ پايتەختى بىريۇسلدا ئېچىلدى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەت ئىستراتېگىيىسى ۋە "بىرلىككە كەلگەن داھىي"سىنى سايلاپ چىقىش مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپى يەنىمۇ زورايدى. "مۆتىدىللەر" نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە زورلۇق ۋاستىسىدىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، غەرب دۆلەتلىرىدىن سىياسىي مەدەت ئىزدەش كېرەك، دەپ قارىدى. ھالبۇكى، "زوراۋان تېرروررچىلار" يەنىلا زورلۇق كۈچ بىلەن "دۆلەت قۇرۇش" يولىدا چىڭ تۇردى ھەم ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە باھانە ئىزدەپ، جۇڭگونىڭ "دۆلەت زوراۋانلىقى"غا زوراۋانلىق ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش قانۇنسىزلىق ئەمەس، دېيىشتى. ئىستراتېگىيە مەسىلىسىدە ئىختىلاپىنىڭ

www.uyghurweb.net

كەسكىنلەشكىنىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى شۇ بولدىكى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن مۇخلىسوف بىلەن قەھرىمان بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشماسلىقنى قارار قىلدى.

"بىرلىككە كەلگەن داھىي" سايلاش مەسىلىسىدىمۇ ئىختىلاپ چوڭ بولدى. ئەسلىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ياۋروپا، ئامېرىكىدا بەكلا جانلىنىپ كەتكەن كونا بۆلگۈنچى ئەيسانىڭ ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى قوللاش نىسبىتى ئۆرلەۋاتقان بولۇپ، 2001 – يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ھەتتا 3 – نۆۋەتلىك "شەرقىي تۈركىستان" قۇرۇلتىيىدا ئەركىننى دۇنيا "شەرقىي تۈركىستان" ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىقىغا رەسمىي سايلاش ھەققىدە غۇلغۇلىمۇ قىلىشقانىدى. لېكىن، بېرىيۇسىل يىغىنىنىڭ ھارپىسىدا ئەركىننى ئەيىبلەشلەر كۆپ بولدى، دۆلەت ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرى "شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى" نامىدا "شەرقىي تۈركىستان مىللەتلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى"غا ئوچۇق خەت يېزىپ، ئەركىننى ئۆزۈنىغىچە دۆلەت ئىچىدىكى "مۇستەقىللىق" ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىدى دەپ سۆكتى، ھەتتا ئۇنى جۇڭگوغا " سېتىلىپ" كەتتى دەپ، ئۇنىڭ قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، ئەنۋەرجاننى رەئىس بولۇپ "شەرقىي تۈركىستان" مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا كۆرسەتتى.

گەرچە، دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىشى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرلىشىش يۈزلىنىشى ئۆزگەرمەيدۇ؛ بىرلىككە كەلگەن داھىي سايلاپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن داھىي سايلاش مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ.

(3) تۈرلۈك ۋاستىلەردىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، "شىنجاڭ مەسىلىسى"نىڭ خەلقئارالىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. "شىنجاڭ مەسىلىسى"نى خەلقئارالاشتۇرۇش دۆلەت سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى بىكىتكەن ھەممە ئۈزاققىچە قوغلىشىدىغان نىشان. "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيادا تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە تورنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، "شەرقىي تۈركىستان"چىلارنىڭ "شىنجاڭ مەسىلىسى"نى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋەزىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ 2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئامېرىكا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى تېررورچى تەشكىلات دەپ ئېتىراپ قىلىپ ھەممە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇنى خەلقئارا تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازى تېررورىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. لېكىن، "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى خەلقئارالاشتۇرۇش يولىمىز پۈتۈنلەي توسۇۋېتىلدى، دەپ قارىمىدى. بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونى چەكلەشتەك ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدە

ئىزچىل تۈردە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ كەلدى. ئامېرىكا ئىنسانىي ھوقۇق تەشكىلاتى 2003 – يىلىنىڭ بېشىدا، يەنە بىر قېتىم ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدە جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى. بۇ "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرىدا ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇلار ئامېرىكا پەقەت نەچچە ئونلىغان "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى"نى تېررورچى تەشكىلات دەپ بېكىتىپ، "شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى"نى تېررورچى تەشكىلات دەپ بېكىتىشنى رەت قىلدى، شۇڭا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش بىزگە نىسبەتەن بىر سىناق، بۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا، يېپيېڭى بىر تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داۋاملىق تەرەپ – تەرەپكە قاتراپ ۋەز ئېيتىپ، چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم پارتىيىلەر ۋە مۇھىم سىياسىي ئەرباپلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

(4) تەشۋىقاتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جامائەت پىكرى سالمىقىنى ئاشۇردى. چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقات يوللىرى خېلى كۆپ بولۇپ، "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇلار تەشۋىقات سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم قوللىنىپ، بىر خىل ئاۋازدا گەپ قىلماقچى بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىرلىششىنىڭ بىر قىسمى. ئۇلار "شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى" قاتارلىق ئون نەچچە خىل گېزىت – ژۇرنالنى نەشر قىلغاندىن سىرت، "شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى" ۋە "ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" يەنە ئۆزلىرىنىڭ تور بېكەتلىرىنى قۇرۇپ، تور ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇلار يەنە ئامېرىكىنىڭ "ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى"، "ئەركىنلىك رادىئو ئىستانسىسى" ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ "جىددە رادىئو ئىستانسىسى"دىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كۆپىنچە جۇڭگو شىنجاڭدا "ئىنسانىي ھوقۇق" ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئېڭىنى باستى دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى يۇسۇپ مۇخلىسوف "ئازادلىق رادىئو ئىستانسىسى" دا دائىم دېگۈدەك جۇڭگو "شەرقىي تۈركىستان"دا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆچمەن يۆتكىدى، شاڭخەي ۋە تيەنجىندىكى 200 نەچچە كارخانا شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىندى، دېگەندەك جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك پاراڭلىرىنى قىلدى. چەت ئەللەردىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى يەنە رەسىم كۆرگەزمىسى، سۈرەت كۆرگەزمىسى، ناخشا – ئۇسسۇل كۆرىكى ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، "شەرقىي تۈركىستان" مەسىلىسىنى تەشۋىق قىلدى ؛ تۈرلۈك چارىلەر بىلەن، خەلقئارالىق مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى قىلدى، ئېترازنامە يوللىدى. 2002 –

www.uyghurweb.net

يىلى 5 – ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى "ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى"نىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، دەپ قارىدى.

چېگرا ئىچىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى تۈرلۈك پۇرسەت ۋە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك پىكىرلىرىنى يامرىتىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، "غازات"نى قۇتراتتى. ئۇلار كۆپىنچە ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئۇلارغا خەت ئەۋەتىش، تېلېفون بېرىشنى يول، كىشىلىك ھايات، غايە ھەققىدە سۆزلەشتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتكە ۋە خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، "مۇستەقىللىق" ئۈچۈن كۈرەش ئىدىيىسىنى ئۇيغىتىشنى مەقسەت قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا ئېنىق تەشكىلى بولمىسىمۇ، ئورتاق ئىدىيە، ئىرادە، نىشانغا ئىگە توپ شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار تەشۋىق ۋەرەقىسى، ئۇن – سىن بۇيۇملىرى تارقىتىش ۋە شوئار چاپلاش دېگەندەك ئادەتلەنگەن تەشۋىقات ئۇسۇلىنى داۋاملىق ئىشقا سالدى.

(5) زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىدىن قول ئۈزمىدى. "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا "زورلۇق كۈچ بىلەن دۆلەت قۇرغۇچىلار" مەۋجۇت بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ داۋاملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكتىن ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكتىن "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى روشەن ئازايدى. تايانچ كۈچلىرى تارقىلىپ كەتتى ۋە يوشۇرۇندى. ھەرقايسى تەشكىلاتلار جىددىي ھەرىكەتلەرنى ۋاقتىنچە توختاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ، تېررورلۇق پىلانى بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالغىنى يوق. ئاساسلىقى بىر قىسىم "شەرقىي تۈركىستان" تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تېررورلۇق ھەرىكەت بازىسى ۋە تېررورچىلارنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يېڭى تېررورچىلار قوشۇنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ. تالىبان ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن "شەرقىي تۈركىستان" تېررورچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى خېلى كۆپ تېررورلۇق ھەرىكەت بازىسى گۇمران قىلىندى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۇلار شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە پائال ھەرىكەت قىلىپ، بۇ جايلاردا شىنجاڭغا قارىتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان "ئىلگىرىلەش بازىسى" قۇرۇشنى پىلانلىدى ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جايدىكى ياش، ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ چېچېنىيە ئۇرۇشى ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان "پېشقەدەم ئەسكەر"لەر قورالىق گۇرۇھ تەشكىللىمەكچى بولدى. شىنجاڭدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تېررورلۇق كۈچلىرى گەرچە ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن پائالىيىتى توختاپ قالغىنى يوق. ئۇلار تەشكىلاتىنى يوشۇرۇن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. 2001 – يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى "ئىسلام

قېرىنداشلار ئۆيۈشمىسى" قاتارلىق نۇرغۇن شايكا – تەشكىلاتنى بىتچىت قىلغان. ئۇلارغا چېتىلغانلار 300 گە يەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچى كۇچلىرى ھەتتا ئايروپىلان بۇلاپ، چاڭجياڭ سەنشيا توسمىسىغا سوقۇپ، زور خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە تېررورلۇق ھۆجۇمى پەيدا قىلماقچى بولۇشقان. ھەتتا بەزى تېرروررچى تەشكىلاتلار "شەرقىي تۈركىستان" مەسىلىسىنى پەلەستىن مەسىلىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە يېڭى باھانە تاپماقچى بولغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، توردا "بىن لادىن ئىسلام ئىنقىلابى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھەققىي قەھرىمان"، "بىز شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن چوقۇم بىن لادىننى ئۈلگە قىلىپ، بارلىق خەنزۇلارنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك"، "21 – ئەسىردىكى چەكلىمىدىن ھالقىغان ئۇرۇشنى قوللاپ، خەنزۇ كۈچۈكلىرىنى يوقىتايلى" دېگەندەك بىر قاتار ئەكسىيەتچى شوئارلار ئېلان قىلىنغان. بۇ "11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۈلگىسىگە ئايلانغانلىقىنى، تېررورلۇق ھەرىكىتى، ھەتتا چوڭ تىپتىكى تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ يەنىلا ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(6) "شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش" يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان" تېرروررچى كۈچلىرىنىڭ "شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش"نى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تاشلىغان بىر كوزىرى. 2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 18 – كۈنى گېرمانىيىدىكى "شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈر مەركىزى"نىڭ باياناتچىسى: "ناۋادا بېيجىڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش سەمىمىيىتى بولسا، ئۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش، بۇنىڭدا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي خەلق ئاۋازىغا قويۇش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىسە، يەنى مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇۋېرىشنى ياكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى قارار قىلسا بولىدۇ" دېدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىن بىرى بولغان ئەركىن ئالىپتېكىن "دېموكراتىك كۈرەش قىلىش" يولىدا ماڭىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. باشقا بىرى بولسا شىنجاڭغىمۇ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا ئوخشاش تولۇق ئاپتونومىيە بېرىش كېرەك، دېدى. ئاتالمىش "سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش" ئەمەلىيەتتە "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە قوللانغان يەنە بىر خىل يېڭى بۆلگۈنچىلىك ۋاستىسىدۇر.

تارىخنىڭ تەرەققىياتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىرلىك ۋە قوشۇلۇش تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ؛ جۇڭگونىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالىشىمۇ بىرلىك ۋە قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى ؛ كەلگۈسى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىمۇ بىرلىك ۋە قوشۇلۇشتەك تارىخىي ئېقىمنى

بويلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبە، بىر گەۋدىلىك ھالىتى ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە قوشۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇيغۇرلارمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى، بۇنىڭغا ئارتۇق گەپ كەتمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغىنىغا يۈز نەچچە يىل بولدى. ئۇنىڭ تەۋەلىك ۋە ئورۇن مەسىلىسىدە يەنە شۈبھىلىنىش ئارتۇقچە. شۇڭا، "شىنجاڭ مەسىلىسى"نى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئەسلىدىنلا ھېچقانداق پاكىتى ۋە ئاساسى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسى يېقىنقى زاماندىكى كۈچلۈك غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنى شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. "سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش"نى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر خىل "باللار"چە تەپەككۇر ئۇسۇلى، جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى مۇشۇنداق ساختا دېموكراتىيە ئۇسۇلى بىلەن قارار قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟! ئاخىرىدا شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەيلى تارىختا بولسۇن ۋە ياكى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان زېمىن، ھەرگىزمۇ قايسىدۇر بىر مىللەتنىڭ شىنجاڭى ئەمەس ؛ شىنجاڭدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرگەن مىللەتلەر ئىچىدە پەقەت خەنزۇلارلا 2000 نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەممە بۈگۈنكىچە ياشاپ كەلگەن بىردىنبىر مىللەت.

(7) بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدا جۇڭگوغا قارشى باشقا كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشنى تېزلىتىپ، بىرلىك سېپىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. ئاتالمىش "ئىنسانىي ھوقۇق" مەسىلىسى غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ جۇڭگو شىنجاڭغا قول تىقىشتىكى بىر باھانىسى، شۇنداقلا غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن جۇڭگونىڭ تۈرلۈك بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىكى كۆۋرۈك. 2002 – يىلى 6 – ئايدا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، جۇڭگو شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت، ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى ئوڭايلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان، قىيىنىلىۋاتقان، خالىغانچە سولاپ قويۇلىدىغان، ئادالەتسىز سىياسىي سوراق قىلىنىدىغان ئاساسىي ئوبيېكت، دېدى. 2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى مۇڭغۇل ۋە تەيۋەن قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن جۇڭگو "دېموكراتىيە ھەرىكىتى" تەشكىلاتىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن غەربتىكى مەلۇم بىر دۆلەت "ئەركىن ئاسىيا خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى"غا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، "ئۇيغۇر ئىتتىپاقى"نىڭ مەسئۇلىدىن "جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارنى ئېزىش" ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق كۆۋرۈك سېلىشلار بىلەن چەت ئەللەردىكى "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى "شىزاڭ مۇستەقىللىقى"، "تەيۋەن مۇستەقىللىقى" ۋە "دېموكراتىيە ھەرىكىتى"

www.uyghurweb.net

تەشكىلاتلىرى بىلەن رەسمىي ئالاقە ئورناتتى. "شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى" يەنە "بېيجىڭ باھارى"نىڭ مەسئۇلى بىلەن رەسمىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ چېگرا سىرتىدىكى "شەرقىي تۈركىستان" تەشكىلاتىنىڭ "دېموكراتىيە ھەرىكىتى" تەشكىلاتى بىلەن ئىمزالىغان تۇنجى ھەمكارلىق كېلىشىمى بولۇپ، بۇ، ئىككى بۆلگۈنچى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئەمەلىي باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

"11 – سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارادا تېررورىزمغا قارشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئۆلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشنى كۆچەيتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. گەرچە ئۆلارنىڭ خەلقئارادىكى تېرروررچى ئوبرازىنى قىسقا مۇددەتتە ئۆزگەرتمەكى ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەزىيەت يارىتىپ "شىنجاڭ مەسىلىسى"نى خەلقئارالاشتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنى ئۆلارنىڭ بىر خەلقئارالىق ئېلانى ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. خەلقئارالىق تېررورىزمغا قارشى ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئۆلارغا كىرىزىس پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆلارغا بىرلىشىش پۇرسىتى ئاتا قىلدى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى بۆلگۈنچىلىك، تېررورىزمغا قارشى كۈرەشتە تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسى ۋە تەشۋىقات جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشى، سىڭىپ كىرىش ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى كۈرەش، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىشى ۋە سىياسىيلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى كۈرەش، مىللىي ئاڭ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دىنىي يېتەكلەش جەھەتتىكى كۈرەش ھەمدە تېررورلۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋاملىشىدۇ، بەزىدە ھەم ئۆتكۈرلىشىدۇ.

## 3 – پاراگراف "شەرقىي تۈركىستان" كۈچلىرىنىڭ خىيالى تۇمۇر مۇشت ئاستىدا بەربات بولىدۇ

### 1. بۆلگۈنچىلىك خەلق قەلبىگە ياقمايدۇ

جۇڭگو، 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت. چىن شىخۇاڭ ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ زومىگەرلىك تالىشىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن ھالىتى ئەل قەلبىگە سىڭىپ كەتتى. دۆلەت بىرلىككە كەلسە كۈچىيىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىناق بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۈپ ئارزۇسى. جۇڭگو تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، جۇڭگونىڭ بىرلىكى بۆلەرنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي

شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تارىخنىڭ ئەگرى – توقايلىقلىرىدىمۇ شىنجاڭ باشتىن – ئاخىر بىرلىككە كەلگەن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. تارىختا مەيلى شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ يولى قانچە يىراق ۋە جاپالىق بولسۇن، ئەينى چاغدىكى قاتناش، ترانسپورت قانچە ئىپتىدائىي بولسۇن، ئىچكى ئاپەت قانچە ئېغىر بولسۇن، تاشقى ئاپەت قانچىلىك خەتەرلىك بولسۇن، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش – جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىغا ئايلانغان.

شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىندا قەدىمدە نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان ۋە راۋاج تاپقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل – پاراستى ۋە قان – تەرى بىلەن بۇ ئاجايىپ زېمىننى بىرلىكتە ئاچقان. ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بېرى ساناقسىز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى، مىللەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە قوشۇلۇشىنى، نۇرغۇن بوران – چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغقا كەلگەندە بۇ زېمىندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، رۇس، داغۇر، تاتار قاتارلىق 13 مىللەت قالغاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، زور كۆلەملىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئىچكىرىدىن ياشلار زور قىزغىنلىق بىلەن تۇركۇم – تۇركۇملەپ شىنجاڭغا كېلىپ، چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بەردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا مىللەتلەر ئاۋۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ زېمىندا 47 مىللەت ياشايدىغان بولدى.

گەرچە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن – قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا مەيلى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا بولسۇن ياكى ئىچكى قىسمىدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇشتا بولسۇن، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىسسىق قانلىرى ۋە ھاياتى بىلەن بىرلىكتە قوغداپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، شانلىق قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى يازدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنىلا ئېلىپ ئېيتساق، چوڭ – كىچىك خوجىلار توپىلىڭى ۋە جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەشتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىگە قارشى كۈرەشتىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەۋرەنمەس ئاساسى ۋە

www.uyghurweb.net

مۇستەھكەم كۈچى بولدى. 1933 – يىلى قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، زورلۇق – زومبۇلۇق بىلەن، قىسقىغىنە بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا خەلقنى ئېغىر كۈنگە قويۇپ، خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. تاشقى كۈچلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ئاشۇ سەرخىللىرىنىڭ ھېچقانداق ئاممىۋى ئاساسى يوق ئىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى. خۇيزۇ مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلارنىڭ گەرچە مىلىتارىست شىڭ شىسەي بىلەن ھوقۇق ۋە پايدا – مەنپەئەت تالىشىش جەھەتتە زىددىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇشتا قەتئىي تەۋرەنمىگەن. ئۇلار ئەمدىلا ئۇۋۇسىدىن چىققان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"گە قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن قەتئىي زەربە بەرگەن. 1944 – يىلىدىكى "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ پارچىلىنىشىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىدۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ج خ ئورگانلىرىنى پائال قوللىدى. ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى ياراتتى. ھەر قېتىملىق مۇھىم تارىخىي پەيت ۋە تارىخىي ۋەقەلەردە ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچىلىرى بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلدى.

20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدا ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمەتكە پائال ماسلىشىپ، تۇپىلاڭنى تىنچىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1954 – يىلىدىن 1958 – يىلىغىچە خوتەندىكى 13 قېتىملىق تۇپىلاڭ دېلوسىنىڭ ئون نەچچە قېتىملىقىنى ئامما ج خ ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلغان. مەسىلەن، 1954 – يىلى 12 – ئايدا ئابدۇھەمىت تۇپىلاڭ پىلانلىغاندا، بۇنى ئالدى بىلەن قارىقاش ناھىيىسىدىكى بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. 1956 – يىلى 5 – ئايدا ئابدۇقادىر قارى لوپتا تۇپىلاڭ قوزغاپ شۇ جايدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۈچ خەنزۇ كادىرنى بىر مەھەل سولاپ قويۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندا، بۇ رايوندىكى بىر ئۇيغۇر (ھەربىيلىكتىن قايتقان) ئاتلىق كېلىپ، تۇپىلاڭغا قاتناشقان ئاممىغا يۈز تۇرانە خىزمەت ئىشلەپ تۇپىلاڭچىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشىنى ھەققانىي سۆزلەر بىلەن قاتتىق ئەيىبلەپ، قايمۇققان ئاممىنى ئويغىتىپ، تۇتۇۋېلىنغان ئۈچ كادىرنى نەق مەيداندا قويۇۋەتكەن ھەم تاپانچ ئۇنسۇرنى تۇتۇپ ج خ ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن. 1956 – يىلى

www.uyghurweb.net

قارىقاش ناھىيىسىدىكى باقى داموللا تويىلىگىدا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەش ئوقۇغۇچىسى مەكتەپتىن قايتىش يولىدا ئىككى نەپەر تويىلاڭچىغا ئۇچراپ قالغاندا خەتەردىن قورقماي تويىلاڭچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى كەنت ئاماننىق ساقلىغۇچىلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ ئىككى تويىلاڭچىنى تۇتۇۋالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قاتار تويىلاڭلارنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئابدۇلھىمىت داموللا تويىلاڭلاردا باشتىن – ئاخىر ئاشكارا كۆرۈنمىگەن. 1954 – يىلى 6 – ئايدا سىرلىق ھالدا غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن مەزگىلگىچە يوشۇرۇن تويىلاڭ پىلانلىغان ۋە قوماندانلىق قىلغان. ھەر قېتىملىق تويىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن دەككە – دۈككىدە تېخىمۇ بەكرەك يوشۇرۇنۇپ، كېيىن ئىزچىل گەمىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان. 1959 – يىلى بىرنەچچە ئۇيغۇر ئايال ئابدۇلھىمىت داموللىنىڭ گۇمانلىق ھەرىكىتىنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ج خ خادىملىرى ئۇنى گەمىدە قولغا چۈشۈرگەن.

20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا مۇستەھكەم ئاساس سالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ مەزگىلدە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى باش كۆتۈرۈپ، دۈشمەن كۈچلەر قوراللىق تويىلاڭ، سىياسىي قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشىنى قەتئىي قوللىدى. مەسىلەن، 1980 – يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى پەيزاۋاتتىكى "شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى" 103 نەپەر تويىلاڭچىنى يىغىپ، ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى قورال – ياراغ ئامبىرىنى بۇلاپ تويىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئۇيغۇر ئامبارچىنىڭ خوتۇنى تويىلاڭچىلارنىڭ ناھىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي يەتتە كىلومېتىر يولنى يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە دېلو مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تويىلاڭ ناھايىتى تېزلا تىنچىتىلغان. بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ غەزىپى ۋە قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىا: "ھازىر پارتىيە يېزا سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋەتتى. كۆپ خىل شەكىلدىكى يېزا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بىز ئەمدىلا ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىپ، باي بولغىلىۋاتساق، بۇ ئەبلەخلەر ئىش تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا دەخلى يەتكۈزدى، بىز بۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز" دېگەن. دىنىي زاتلار: "ھازىر پارتىيە مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، بىمىز بۇنىڭدىن رازى، بۇ ئەبلەخلەر ئىش تېرىپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇۋېلا قالماي، بىز دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭمۇ يۈزىگە قارا سۈركىدى" دېيىشكەن. بۇ مەزگىلدە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىا پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۆزلۈكىدىن بىر ئوچۇم تويىلاڭچى ۋە بۆلگۈنچىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇلار بايرىقى روشەن ھالدا تويىلاڭغا، قالايمىقانچىلىققا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا،

www.uyghurweb.net

خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا ۋە ئاتالمىش "غازات"قا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىدى. ئۇلار قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا قاتناشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يۈز تۇرانە ھالدا: "شىنجاڭ مۇشۇ يىللاردا مۇشۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. مۇشۇلارنىڭ قايسىبىرى دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن بولمىدى ؟ قايسىبىر ئىشقاخەنزۇلار ياردەم قىلمىدى ؟ شىنجاڭنىڭ كادىرلىرى مەيلى خەنزۇ ياكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولسۇن ھەممىسلا پارتىيىنىڭ كادىرى، شىنجاڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ شىنجاڭى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭى تۇرسا، نېمىشقا ھەممىشە ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئايرىيسىلەر ؟ سىلەر بۇنداق ئىش تېرىساڭلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيىسىگە يۈز كېلەلمەيسىلەر، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىلەرگە بىلىم بەرگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ يۈز كېلەلمەيسىلەر؟" دېدى. شۇڭا، گەرچە 80 – يىللاردا شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى كەسكىن بولغان ھەم بۇ مەزگىلدە كۆپ قېتىم توپىلاڭ ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمىدى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى يەنىلا مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلىۋەردى.

20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ پائالىيىتى تېخىمۇ ئەدەپ، ئىنتايىن غالجىرلاشتى. ئۇلار بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنى، دىنىي قۇتراتقۇلۇقنى كۈچەيتتى، تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى، خەلقئارادىكى تېررورچى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىنى كۆز – كۆز قىلدى ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر مەھەل شىنجاڭدا تىنچسىزلىق پەيدا قىلدى. لېكىن، پاكىتلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1990 – يىلى 4 – ئاينىڭ 5 – كۈنى "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا قوراللىق توپىلاڭ قوزغىغاندا، بۇ ئىشنى كۆپلىگەن ئاما، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. توپىلاڭ تىنچىتىلغان كېچىسى كەڭ كادىر، ئاما ئالدىنقى سەپكە بېرىپ يارىدارلارغا قان بەرگەن، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتكەن. يېڭىسار ناھىيىسى لومپا يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئېتىنى توپىلاڭچىلارنىڭ يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشىنى قەتئىي رەت قىلغان، توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قوشۇننىڭ توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا ئاتقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بولسا قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن ئېتىنى تەقدىم قىلغان. توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش كۈرىشىدە ئاقتۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى ئادىل ئىمىن قىسمىغا يول باشلاپ، ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، بەختكە قارشى توپىلاڭچىلارنىڭ ئوقى تېگىپ، ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى

www.uyghurweb.net

مۇقىم، سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ مۇقىم بولۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە مۇقىم تەرەققىياتنى ساقلاپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىدىن تېز بولۇۋاتىدۇ. قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئوھۋاللار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

"شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى پەيدا قىلغان ئاتالمىش "شىنجاڭ مەسىلىسى" بارغانسېرى ئۆزگىرىپ "ئۇيغۇرىستان" مەسىلىسىگە ئايلاندى. ئۇلار "پانتۈركىزم" ۋە "پانئىسلامىزم" ئارقىلىق ئۇنى تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ "مىللىي مەسىلە"سىگە ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. مىڭ مۇشەققەتتە ياساپ چىققان بۇ "شىنجاڭ مەسىلىسى" تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن، ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە ماھىيىتىگىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

شۇنىسى بىزگە ئايانكى، ئاتالمىش مىللىي مەسىلە گەرچە نەزەرىيە جەھەتتىن مىللىي تۇرمۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىقى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قارايدىغان بولساق، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەت، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىق بۇگۈنگىچە يەنىلا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار چېچىلاڭغۇ ۋە بىرلىك قارىشى كەمچىل بولۇپ، بىر – بىرىنى كۆپىنچە "قەشقەرلىك"، "خوتەنلىك"، "ئىلىلىق" ياكى "تۇرپانلىق" دەپ ئاتىشاتتى. يېڭى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى قۇرۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك زورىيىشى ۋە تەرەققىي تېپىشى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشىنىڭ نەتىجىسى. ۋەھالەنكى، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ، يەنىلا 20 – ئەسىرنىڭ 30 – 40 – يىللىرى شەكىللەنگەن "شەرقىي تۈركىستان" نەزەرىيىسى بىلەن "ئۇيغۇرىستان" ياكى "شەرقىي تۈركىستان" قۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ ۋە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار مىللەتنىڭ چۈپرەندىلىرى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر قىسىم ئاتالمىش سەرخىللارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇ ھۆكۈمەتكە ئۆرۈش ئېلان قىلغانلىق، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئۆرۈش ئېلان قىلغانلىق، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن قاتارىدا

كۆرگەنلىك. ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سىرتىغا قويۇۋېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدۇ. ماھىيەتتە ئۇلار دىنىنى قورال، بىر مىللەتنى قورال قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە مىللەت قالپىقىنى كىيگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشىنى قانۇن رامكىسىغا ئەكىرىش كويىدا يۈرمەكتە.

شىنجاڭدىكى 13 مىللەت نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە بۇ زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋە مونچاقتەك تەرلىرى بىلەن سۇغاردى ۋە ئاچتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل – پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ شىنجاڭ تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتتى، شۇنداقلا پارلاق بۈگۈننى يارىتىۋاتىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ تار مىللەتچىلىك قارىشىدا تۇرۇپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىشى، تارىخنى بۇرمىلىشى، پاكىتلارنى ئىنكار قىلىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر، شۇنداقلا بۇ باشقا مىللەتلەرگە قىلىنغان ھاقارەت. شۇڭا، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرى توۋلىغان "مۇستەقىللىق" مۇقامىنى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى 19 مىليون ھەر مىللەت خەلقى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون جۇڭگو خەلقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يول قويمايدۇ. ئۇلار پەقەتلا خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قولىدىكى قورال، خالاس. ئۇلارنىڭ سالغان داۋرىڭى پەقەت ئاشۇ ئارقا كۆرۈنۈشى مۆرەككەپ جېنىدىن تويغانلارنىڭ شەخسىي ئارزۇسى كويىدا چالغان دۇمبىقى، خالاس.

## 2. شېرىن چۈش ھامان بەربات بولىدۇ

"شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى" چۈشى ئاجىز، زەئىپ كونا جۇڭگودىكى بىر شېرىن چۈش، خالاس. كۈنسايىن قۇدرەت تېپىۋاتقان يېڭى جۇڭگودا ئۇ چوقۇم ئۇزۇل – كېسىل بەربات بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپ يىللىق كۈچ سىنىششلار، بولۇپمۇ 1997 – يىلىدىن بۇيانقى شىددەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشكە قارىتا بىر تۈۋەندىكىدەك بىرقانچە ئىستراتېگىيىلىك ھۆكۈم چىقاردۇق، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىستراتېگىيىلىك تونۇشقا كەلدۇق.

(1) مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە، بۆلگۈنچىلىككەقارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىگە، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە چېتىلىدۇ. پارتىيە، ئارمىيە، خەلق بۇ يېتەكچى ئىدىيە ئاستىدا بىر نىيەتكە كەلدى ھەممە زور كۈچ بولۇپ شەكىللەندى.

www.uyghurweb.net

(2) چوقۇم بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى قوزغاش كېرەك. "يۈزەكى تۈزەشكە ئالدىرىماي تۈپتىن تۈزەش كېرەك"، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش خەلق ئۇرۇشىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈپتىن تۈزەش تەدبىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئەل قەلبىنى مايىل قىلىش، كۆپ سانلىقلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش تەدبىرىنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك.

(3) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ چېك قائىدە. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ئوبيېكتىپ پەرق مەۋجۇت بولۇپ، شىنجاڭ ئۆزى تىرىشىش ۋە مەركەز بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر سېلىنمىنى زورايتىش ئارقىلىق بۇ پەرقنى كىچىكلىتىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قاراش. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى چىقىش قىلغاندا، ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولۇش، ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادىي نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان جايلار بىلەن مۇۋاپىق تەرەققىيات ھالىتى پەرقىنى ساقلاش بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئۇزۇن لىنىيىلىك سېلىنمىسى بىلەن قىسقا لىنىيىلىك سېلىنمىسى مۇۋاپىق نىسبەتنى ساقلىشى، قىسقا مۇددەت ئىچىدە شىنجاڭ خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش تولۇق ئويلىشىشى كېرەك. بۇ نۆۋەتتىكى ئەڭ زۆرۈر ئىش. ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ، ئۇنى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. داۋالغۇپ تۇرغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ دەپ قارىغۇچىلار بىر بولسا سىياسىي جەھەتتە تېخى گۆدەك، بىر بولسا ئۇلارنىڭ باشقا نىيىتى بار.

(4) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئۈچ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چوقۇم قوغداش كېرەك، لېكىن مۇنداق ئۈچ پرىنسىپتا چوقۇم چىڭ تۇرۇش كېرەك: بىرىنچى، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىرلىكى پرىنسىپى ؛ ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىي باراۋەر بولۇش ۋە

مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى ؛ ئۈچىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى. بۇ ئۈچ پرىنسىپقا ھەممە مىللەت ئورتاق ئەمەل قىلىشى كېرەك، بولمىسا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەسكە توختايدۇ.

(5) كادىرلار مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، ھەم دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كادىرلار ۋە يولباشچىلارنى پىلانلىق تەربىيىلەش كېرەك. سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بولغان، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، لۇشيەنلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان، ئابرۇيلۇق، ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا قاتلام ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ بولۇشى كەلگۈسى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە دىننى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، شاكاللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

بىز شىنجاڭ مەسىلىسىگە چوقۇم ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ قارىشىمىز، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئىشى ھەم كىچىك ئىش، ھەم چوڭ ئىش. بۇنى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەنى ھەم مەركەز ئەھمىيەت بېرىش، ھەم يەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىق بىر — بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر — بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىرى كەم بولسا بولمايدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەت بولۇپ، ياخشى بولسا بىر — بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ياخشى بولمىسا بىر — بىرىنى كەينىگە سۆرەيدۇ. تەرەققىيات بولمىسا مۇقىملىق بولمايدۇ، مۇقىملىق بولمىسا تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر — بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. گاھى ۋاقىتتا تەرەققىيات ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، گاھى ۋاقىتتا مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىش يوق.

ئۈچىنچى، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىق بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ بىز تەرەققىياتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئۇنى ئاددىيلا ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ چۈشىنىۋالماسلىقىمىز لازىم. تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك

www.uyghurweb.net

تەرەققىياتىنى، جۇملىدىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ، ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى. تەرەققىياتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا يالغۇز ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغانلىقتىن بولمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا، تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بايلىق مەنبەسىنى تۈتقانلىق ئىنتايىن مۇھىم بىر كىرىش ئېغىزىنى تاپقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ تۆۋرۈك كەسىپلىرىنى بېكىتكەندە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىسى، چوقۇم بايلىق ئەۋزەللىكى بولغان بولۇشى كېرەك، بولمىسا تۆۋرۈك كەسىپتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە بازىرى بار — يوقلۇقىغا قاراش كېرەك. بىز شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى چىقىش قىلىپ، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ تۆۋرۈك كەسىپلىرىنى تاللاشتا ھەمدە بۇ تۆۋرۈك كەسىپلەرگە قارىتا سىياسەت بەلگىلەشتە، بەزىلىرىنى ئۆزىمىز تىرىشساق قىلىپ كېتەلەيمىز، بەزىلىرىدە دۆلەت بىزگە مايىل بولۇشى كېرەك.

شىنجاڭ مەسىلىسى تېگى — تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپ مىللەت، كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى، چېگرا رايون بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ قوشۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى بىر چېگرا رايون بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئالماشتۇرۇشىدىكى تۈگۈن بولۇپ كەلگەن. بۇ جاي يالغۇز كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە كۆپ خىل دىن جۇغلاشقان جاي. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە قوشۇلۇشقا خېلى ئۇزاق بىر جەريان كېتىدۇ. قانداق قىلىپ چېگرا رايونلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ بىرىكىشىنى تېنچ، تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بۇ جەھەتتە ئېلىمىز ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە. ئېلىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا ئىزچىللىق، بىرلىك ۋە تەرەققىياتنى ساقلاپ كېلەلىشىدە بىر يۈرۈش ئىدىيە سىستېمىسى ۋە سىياسەت سىستېمىسى بار. ئۇنىڭ يادروسى چېگرا رايونلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىچكى جايلار بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ساقلاش، خادىملارنىڭ قوش يۆلىنىشلىك كۆچۈشىنى ساقلاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايونلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىش، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىچكى رايونلار بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ ھەر جەھەتتىن تولۇق

www.uyghurweb.net

ئالماشتۇرۇش، قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، شۇ ئارقىلىق تەڭ تەرەققىي قىلىش نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشتە، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاساس ؛ غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىش ۋەزىيىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، مىللەتلەرنىڭ يۈتكىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋاستە ؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ چوڭ ئالماشتۇرۇشى ۋە چوڭ قوشۇلۇشىنى ئاشقا ئاشۇرۇش مەقسەتتۇر. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر يۈرۈش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار مۇنۇلار: جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى جەھەتتە "تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىپ، باش كۆتۈرسىلا ئۇرۇپ، دۈشمەندىن بۇرۇن قول سېلىپ" ھەم نۇقتىلىق رايونلارغا قارىتىپ باش كۆتۈرمىسىمۇ ئۇرۇپ، قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ، "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ھەمدە يۇكسەك ھوشيارلىق ۋە ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلاش، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، كادىرلار ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا شىنجاڭ تارىخى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئېڭى، قانۇنچىلىق، مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەت جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋە قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، 21 - ئەسىردە تەرەققىيات دۇنيانىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئىقتىسادنى بەلۋاغ قىلىش ئارقىلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىشەنچنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چېگرا رايون بولغان شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي پەرقىنى تۈگىتىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىيلىق، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى تۈگىتىش بىزنىڭ نىشانىمىز بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، ئاساسى نىسبەتەن ئاجىز، ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان شىنجاڭدا كۆپ قاتلاملىق ئېچىش بوشلۇقى ۋە ئېھتىياج بار. ئىچكى جايلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، نوپۇس ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىدىن تولۇق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئازادە، ئۈنۈملۈك بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىياسىتى تۈزۈپ، ئىچكى جايلارنىڭ ئاشۇ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى تېز سۈرئەتتە غەربىي رايونغا جۇغلىنىشقا جەلپ قىلىپ، ئامال بار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ

يۇكسەلدۇرۇپ، ئۇنى ئاسىيانىڭ كىندىكىدە قەد كۆتۈرگەن، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئاسىياغا كۆز تىككەن، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپاغىمۇ قەدەم باسقان، يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي رايونغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىدۇ. بۇ "شەرقىي تۈركىستان" بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىنى تارايتىپ، ئۇنىڭ سەپسەتە پەيدا قىلىش ئاساسىنى يوقىتىشقا، پارچە – پارچە ھالدا ئايرىلىپ تۇرۇشنى بۇزۇپ تاشلاپ، بوستانلىق ئىگىلىكىنىڭ بېكىكلىكىنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قوشۇلۇش ۋە ئىشەنچ پەيدا قىلىشقا پايدىلىق.

ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تەتقىقات ئورۇنلىرى بۇ خىل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم بۇ خىل تەرەققىيات شەكىللەندۈرگەن يېڭى ۋەزىيەتكە تېزدىن يېتىشىۋېلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، يىراقنى كۆرەلىشى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماس قەدەم بىلەن مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى، چېگرا رايوننىڭ ئۇزاققىچە تىنچ، ئەمىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپە مۇشكۇل، يول يىراق بولۇپ، بوشاشماي تىرىشىشقا، ئۇزاققىچە تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.